تۇرسۇن لىتىپ

# ريھمشاھ پالۋان



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ISBN 7-228-06298-1
9 787228 062980 >

ISBN 7-228-06298-1
I·2287(民文)定价:13.00元

15
I247.5
53

تۇرسۇن لېتىپ

# رۇستەمشاھ پالۋان

(تارىخىي رومان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

热依木沙大力士:维吾尔文/吐尔逊.利提甫著.
乌鲁木齐:新疆人民出版社,2001.5
ISBN7—228—06298—1
1.热... Ⅱ.吐... Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.1247.5
中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第75152号

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆新华书店发行
新疆工人时报印刷厂印刷
850×1168毫米 1/32开本 9.25印张 2插页
2001年2月第1版 2001年2月第1次印刷
印数:1—3,000

ISBN7—228—06298—1/I.2287 定价:13.00元

مەسئۇل مۇھەررىرى : مەتتمىن شىپە
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

# رىھمشاھ پالۋان

( تارىخىي رومان )

تۇرسۇن لىتىپ

*


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1168×850 مىللىمېتىر32 / 1
باسما تاۋىقى : 9.25 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2001 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2001 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 3,000 — 1
ISBN7—228—06298—1/I. 2287
باھاسى : 13.00 يۈەن




ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

## 1 ـ قىسىم

1. باب خىسلەتلىك بوۋاق ........................ 1
2. باب هاشار ........................................ 24
3. باب توۋا قىلدۇرۇش ........................... 50
4. باب پالۋان ...................................... 72
5. باب شىكاردا ...................................... 101
6. باب كۆچ ـ كۆچ ................................ 116

## 2 ـ قىسىم

1. باب پالۋانلارنىڭ ئېلىشىشى ..................... 151
2. باب گۇندىخانىدا ................................ 172
3. باب يايلاقتىكى دوستلار ........................ 192
4. باب جاهان پالۋىنى بىلەن ئېلىشىش ............ 219
5. باب دەرد ۋە شادلىق ............................ 235
6. باب ئالەمنىڭ بىر يۇلتۇزى ئۆچتى ................ 271

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 1 — قىسىم

## 1 — باب خىسلەتلىك بوۋاق

1

بۇلبۇللار قىزىلگۈل ئىشقىدا بەس — بەستە سايرىماقتا. كاككۇكلار «زەينەپ — زەينەپ» دەپ مەشۇقىنى چاقىرماقتا. تاغ سۈيى تاغ تېلىدىن توقۇلغان قاشانىڭ سىرتىدا شىرىلداپ ئاقماقتا. ھاسانشاھ ماناشۇ قاشا بىلەن قورشالغان ھويلىنىڭ قورۇسىدىن كىردى. قورۇدىن تارتىپ، بەش ئېغىزلىق ئۆينىڭ ئۇزۇن پېشايۋىنىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يولغا شىبەن تاشلار ياتقۇزۇلغان، ھاسانشاھ ئەشۇ شىبەن تاشلىق يولدا ماڭدى. غورۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئېغىلدىن ئاتنىڭ كىشنىگىنى ئاڭلاندى. ئېغىل ئۇزۇن كەتكەن لاپاس، ئۇستىگە بېدە — چۆپ بېسىلغانىدى. لاپاس ئىچىدىكى جەرەن قاشقا، ئۇچ بايتال، يەتتە ئىنەك، يىگىرمە بەش ساغلىق قوزىلىرى بىلەن «ماڭا ئوزۇق بەر» دەپ مەرىشەتتى، مۆرىشەتتى. بۇ ماللارنىڭ تاغقا ھەيدەيدىغان ۋاقتى. ھاسانشاھنىڭ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ كىرىشى ئىدى، ئۇ ناشتا قىلىۋېلىپ، ئاندىن ماللىرىنى تاغقا ھەيدىمەكچى، ئۇنىڭ بۇ ماللىرى سەھەر ھويلىدىن چىقىپ، كۆز باغلانغاندا قايتىپ كېلىدۇ، ئۇلار بۇنىڭغا ئادەتلەنگەن، شۇڭا

مەرىشۋاتاتتى. ھاسانشاھ ئېغىل تەرەپكە قاراپ «ئالدىرىماڭلار، جانىۋارلار» دەپ قويدى ئىچىدە. ئۇنىڭ بۇرنىغا يولنىڭ ئىككى يېقىدىكى گۈللەرنىڭ خوش ھىدى ئۇرۇلدى، بۇلبۇل، كاككۇكلارنىڭ بەزمىسى قۇلىقىغا كىردى.

ئوتقاشتەك ئېچىلىپ كەتكەن سىماب گۈل كۆكتىكى يۇلتۇزلاردەك چاقناپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى بۇغداي گۈل، ئاق لەيلى، قىزىل لەيلى، كاۋا گۈل، تاجىگۈل، رەيھانگۈل ۋە سەكسەنگۈللەر ھۆسۈن تالىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇرنىغا ئەمدى ئەتىرگۈلنىڭ خۇش ھىدى ئۇرۇلدى، ئۇنىڭ گۈللىكىنىڭ قاشا تەرىپىدە ھۆر مەلىكىلەردەك ئېچىلىپ تۇرغان ئەتىرگۈل، قىزىلگۈللەر توپىغا كۆزى چۈشتى. ھاسانشاھ سالامەتخاننىڭ «ھويلىمىزغا كىرگەنلا قىز — جۇۋانلار ئەتىرگۈللەردىن ئۈزۈپ، قولىغا قىستۇرۇپ چىقىپ كېتىدۇ. بۇ گۈللەرنى قول يەتمەيدىغان يەرگە كۆچۈرەي» دەپ مانا شۇ كاۋا — قاپاق بارىڭى يېنىغا كۆچۈرگىنىنى ئەسلىدى. ئۇ كاۋا — قاپاق بارىڭى ئىچىگە كىردى. ھاسانشاھنىڭ دادىسى غوروسىنى كوچىغا، ئارقا تېمىنى تاغقا تاقاپ سالغان بۇ پىشايۋانلىق ئۆيلەر نەچچە ئاتىنى قېرىتقىدەك مۇستەھكەم سېلىنغانىدى . ئۆي تاملىرىنىڭ ئاستىنى ھاك لاي بىلەن چوڭ — چوڭ ياۋا تاشلاردىن ئون قۇر تىزىپ كۆتۈرگەن، ئۈستىنى كېسەك بىلەن قوپۇرغانىدى. شۇڭا بۇ ئۆي كەينىدىكى تاغلاردەك مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ھاسانشاھ مۇشۇ تاشلارنى دادىسىنىڭ تاغدىن دومىلىتىپ چۈشۈرگىنىنى ئەسلىدى. ئۇ ھويلىنىڭ جىمجىت بولۇپ كەتكىنىنى، سالامەتخاننىڭ ئوچاقتا ئوت قالىمىغىنىنى كۆرۈپ: «ۋاھ، سالامەتخان بىر ياققا كەتتىمىكىنە» دېگەن تەئەججۇپتە ئەتراپقا قارىدى، يوق! ئۇ باراڭنىڭ بىر چېتىگە قويۇلغان كۈپنىڭ يېنىغا بېرىپ، نوگاي چۆمۈچتە سۇ ئېلىپ ئىچتى، بىراق سۇ گېلىگە تۇرۇلۇپ قالغاندەك، ئۆتمەي قالدى، قولىدىن نوگاي يەرگە چۈشتى، چۈنكى تۇيۇقسىز پەيدا بولغان چىقىراق ئاۋاز ئۇنى چۆچۈتىۋەتكەنىدى.

«هوي، بۇ سالامەتخانىنىڭ ئاۋازىغۇ!» بەستلىك پالۋان، قامەتلىك هاسانشاھ داڭ قېتىپ قالدى.

— كۈچەك سىڭلىم، كۈچەپ تۇرۇپ ئىنجىقلاڭ!

بۇ تۇغۇت ئانىسى ھېۋىزىخانىنىڭ ئاۋازى ئىدى، ھاسانشاھ خوتۇنىنىڭ تۇغۇتى يېقىنلىشىپ قالغىنىنى بىلگەن، ئالمادىس بىر ئەھۋال بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھېۋىزىخانىنى ئۈچ كۈن بۇرۇن ئۆيىگە ئەكىلىۋالغانىدى. ھېۋىزىخانىنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— ھە، كۈچەك، ئىنجىق كەلمىسە بولمايدۇ!

سالامەتخانىنىڭ ئىنجىقلىغان ئاۋازى، كەينىدىن ۋاقىرىشىپى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز ھاسانشاھنىڭ قۇلىقىنى زىڭىلدىتىۋەتتى، ئۇ ناشتا قىلىشنىمۇ، مەرەپ — مۆرەۋاتقان ماللىرىنى تاغقا ھەيدەپ چىقىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۇ ياق — بۇ ياققا مېڭىپ يۈردى، ئىشىك ئالدىغا ئوقتەك بېرىپ يەنە ياندى... كۈن قىيامىغا كەلگەندە ئۆيدىن «ئىڭە — ئىڭە» دېگەن ئىنچىكە ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ شادلىق ئىچىدە ئېسەنكىرىدى، پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ قالدى. بىر ھازادىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى، ھېۋىزىخان ھاسانشاھنى كۆرۈپ:

— سۆيۈنچە ھوي ھاسانشاھ، سۆيۈنچە! — دېدى.

— بىر... بېرەي.

— يەنە كېلىپ قانداق بالا بىلەمسەن، ئوغۇل دېگىنە، ئوغۇل، پاخلاندەك ئوغۇل! ئايدەك چوڭ. يەنە. يەنە...

ئەمدى ھاسانشاھ تامامەن ئېسىنى يىغدى، ئۇ ھېۋىزىخانىنى دەس كۆتۈرۈپ بىر پىقىراتتى.

— ھوي ساراڭ ئۇي، بېشىم ئايلىنىپ كەتتى، مېنى كۆتۈرگىچە كىرىپ ئوغلۇڭنى كۆتۈر!

ھاسانشاھ تەڭ دېمەتلىك ھېۋىزىخانىنى يەرگە قويۇپ ئېغىلغا يۈگۈردى، سالامەتخانىنىڭ تۇغۇتى ئۈچۈن خاس بورداۋاتقان قوشقارنى كۆتۈرۈپ چىقتى ۋە ھېۋىزىخانغا تەڭلىدى:

— ھېۋىزىخان، مانا ساڭا سۆيۈنچە!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

— ۋاي ئالىمەي ، بۇ قوشقارنى يالغۇز جېنىمغا نېمە قىلارمەن ، رەھمەت. مەن ئالغان بولاي، ئوغلۇڭنىڭ ئىسمىنى قويغاندا سويغىن.
— ياق ئالغىن، ئىسىم قويغان كۈنى تۆگە سويىمەن، تۆگە!
ھېۋىزخان ھاسانشاھنىڭ خوشاللىقىدا ھەرنېمە قىلىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. شۇڭا ئۇ:
— قانچە قىلساڭمۇ ئەرزىيدۇ، تۆگە سويىدىغان كۈنلەرمۇ كېلىدۇ، ئاللا شۇنىڭغا ھەممىمىزنى يەتكۈزگەي! — دېدى.
ئاتا بولغۇچى پەرزەنتلىك، يەنە كېلىپ ئوغۇللۇق بولغىنى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە خوش بولىدۇ، كۈلىدۇ، شۇ كۈنى يالغۇز يېڭى بوۋاقنىڭ ئاتا — ئانىسىلا ئەمەس. پۈتكۈل شارغۇجىلىقلار كۈلدى، چۈنكى شارغۇجىنىڭ كۆك ئاسمىنى ئاستىدا بىر نۇرلۇق يۇلتۇز دۇنياغا كەلگەنىدى!

## 2

ھاسانشاھ ئوغلى ئۈچ كۈنلۈك بولغاندا ئوغلىغا ئىسىم قويۇش ئۈچۈن ئىمام — مەزىن، ئۇرۇق — تۇغقان، قولۇم — قوشنا ۋە ئاغىنىلىرىنى ئۆيىگە چاقىردى. ھېۋىزخان ئالغىلى ئۇنىمىغان ئاق قوشقارنى سۆرەپ كېلىپ، ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدا توختاتتى ۋە ئىمامغا ئىلتىجا قىلدى:
— ئاخۇنۇم، ئاللا ئىگەم بىر ئوغۇل پەرزەنت بېرىپ، تىلىكىمگە يەتكۈزدى، ئاللا يولىدا بۇ قوشقارنىڭ قېنىنى ئاققۇزۇشقا پاتىھە بەرسىلىكەن.
ئىمام:
— ئاللا ئىگەم بىرنى مىڭ قىلغاي، ساھىبخاننىڭ ئوغلى قوشقاردەك چوڭ بولغاي، ئامىن! — دەپ ساقىلىنى سىپىدى، ھاسانشاھ قوشقارنى ئەتىرگۈللەرنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ تۆت پۇتىنى چۇشىدى. قوشقارنىڭ يۈزىنى قىبلىگە قاراتتى ۋە:

— ئاللاھۇ ئەكبەر، — دەپ پىچاق سۇردى.

قوشقارنىڭ قېنى سىرغىپ، تىپىرلاشتىن توختىدى. ھاسانشاھ ئۇنى سويۇشنى خوشنىسىغا قالدۇرۇپ ئۆيىگە كىردى. ئۇ ھېۋىزىخان چىرايلىق يۆگەپ بەرگەن بوۋاقنى كۆتۈرۈپ مېھمانخانىسىغا ئەكىردى. بوۋاق قاپقارا كۆزلىرىنى ئىمامدىن ئۈزمەي ياتاتتى، ئىمام:

— بۇ ئوغۇل ئەجەپ چوڭ ۋە ئېغىر كەن، — دېدى.

— ئاللا ئىگەم مۇشۇنداق ئالتە ئايلىق چوڭلۇقتا پەرزەنت بەردى، — دېدى ھاسانشاھ.

— مۇبارەك بولغاي، ئەر يېتىپ، شىر يۈرەك باتۇر بولغاي، — دېدى مەزىن.

— ئوغۇلنىڭ ئىسمى شەرىپى نېمە بولغاي؟ — دەپ سورىدى ئىمام.

— ئوغلۇمنىڭ چوڭ تۇغۇلۇشى، ئاللا ئىگەمنىڭ رەھمىتىدۇر، شۇڭا ئىسمى رېھىمشاھ بولغاي. يەنە بىر سەۋەب، نەچچە ئەجدادتىن بېرى ئاتا — بوۋىمىزنىڭ ئىسملىرىنىڭ كەينىگە شاھ سۆزى قوشۇلۇپ كەلگەن. . .

بوۋاقنىڭ يىغىسى ئىمامنى ئالدىرىتىپ قويدى.

— بولسىلا ئىمام، بوۋاققا ئەرزان چاقىرىپ ئىسمىنى قويسىلا، — دېدى مەزىن.

— شۇنداق قىلسىلا — دېدى ھاسانشاھ ئالدىراپ.

ئىمام ئورنىدىن قوپۇپ، بوۋاقنى كۆتۈردى، بوۋاق يىغىدىن توختىدى. ئىمام بىر نېمىلەر دەپ، بوۋاقنىڭ قۇلىقىغا ئەزان چاقىردى، ئاندىن «ئىسمى شەرىپىڭ رېھىمشاھ بولغاي» دېدى ۋە بوۋاقنى كۆرپە ئۈستىگە قويۇپ دومىلاتتى. ھاسانشاھ ئوغلىنى كۆتۈرۈپ ھېۋىزىخانغا ئەكىرىپ بەردى. ئاندىن ئۇلار گۆش پىشقىچە تاغدىن — باغدىن پاراڭلاشتى. ھاسانشاھ ئۆيگە قايتىپ كىرىپ پاراڭغا ئارىلاشتى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ يۇرتىمىز شارغۇجا ئۆز زامانىسىدا ئاۋات شەھەر ئىكەن. تۇگمەنچىلىك، ھاك كۆيدۇرۇش ھۇنەرلىرى ئاۋاتلاشقانىكەن.

— ھاسانشاھنىڭ دېگەنلىرى ھەق، — دېدى مەزىن ئاخۇنۇم، — ھاسانشاھنىڭ سۇلتان ئۇۋەيس، قاش، قاراباغ، غالجات، شۇڭقار، كەتمەن، بايتوقاي قاتارلىق يېزىلار ۋە ئالمۇتا، ياركەنت، چېلەك قاتارلىق شەھەرلەردە تۇغقانلىرى بار، ئۇلار بىلەن قويۇق باردى — كەلدى قىلىشىپ يۈرۈيدۇ.

— ئۇ تۇغقانلىرىمۇ ئىسمىغا «شاھ»نى قوشۇپ قويامدۇ؟

— ھەئە، ئەمما ئالمۇتا، ياركەنت، چېلەكتىكى تۇغقانلار نېمە ئۈچۈندۇر شاھنىڭ ئورنىغا «يوپ، ئوپ»لارنى قوشۇۋالىدۇ. بەلكىم ئورۇسلار «شاھ»نى شۇنداق دېسە كېرەك.

ئىمام يەنە بىر كەلىمە گەپ قىلىشقا تەمشىلىشىگە داستىخان يېيىلاندى. نان — توقاچلار ئورنىغا چىنەتاۋاقلاردا نارىن كەلتۈرۈلدى.

— قېنى ئەزىز مېھمانلار، تائامغا باقايلى، — دېدى ساھىبخان. نارىن يېيىلىپ بولدى. ھاسانشاھ تاۋاقنى يىغىشتۇرىۋېتىپ، بىر تاۋاقنى ئايرىۋالدى ۋە ئىمامغا كۆرسەتتى:

— مانا قارىسىلا، بۇ خەتلەرنى ئوقۇپ باقسىلا.

ئىمام تاۋاقنى ئۆرۈپ — چۆرۈپ قارىدى. تاۋاقنىڭ ئىچى — تېشى پۈتۈنلەي گۈل، نەقىش ئىدى، ئىمامنىڭ كۆزى تاۋاقنىڭ چۆرىسىگە باسقان مۇنۇ ئۇيغۇرچە خەتلەرنى ھەۋەس بىلەن ئوقۇدى:

شاھ سۇلتان ئۇۋەيسخان تۇغۇلغان ماكان،
شۇڭا شاھتۇر ئۇشبۇ تەبەق ھامان.
بول ئاجايىپ خوش مەززەئىن جانانۇ چىن تەبەق،
گۈللىرىن، سۈرەتلىرىن نەققاشى چىن ئالغاي سەبەق.

— پاھ — پاھ، نېمىدىگەن ھۇنەر بۇ، ھەقىقىي سەنئەتكار ۋە ھاپىزنىڭ ئەمگىكىكەن.

ئىمام ھاياجان بىلەن شۇنداق دېدى.

3

مانا شۇ كۆپ جەمەتلىك ھاسانشاھ ئۆيلىنىپ ئالتە يىلغىچە پەرزەنت يۈزى كۆرمىدى. ئۇنىڭ پەرزەنت دېغىدا كېيگىنى كېپەن، يېگىنى زەھەر بىلىنىپ، كۆڭلىرى ھەسرەت ئىچىدە ئۆتتى. كۆزىدىن ئۇيقۇ قېچىپ، بىرئاللانى سېغىنىدى، ھەر نامىزىدا «ئەي قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللا، ماڭا بىر ئوغۇل ئاتا قىلغايسەن» دەپ ئىلتىجا قىلدى، ئاڭلىغانلىكى ئېرىم — سېرىملارنى قىلدى. ھاسانشاھنىڭ خوتۇنى سالامەتخان ئېرىگە ئوخشاشلا بەستلىك، ئېگىز بويلۇق كېلىشكەن ئايال ئىدى. ئۇنىڭ تۇغماس چىقىشىغا ھېچكىم ئىشەنمەيتتى. بىر كېچىسى سالامەتخان ئېرىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— سىلى ئەمدى. . . ئەمدىزە، ئاتا بولىدىغان ئوخشايلا.

— ھە، ھە! نېمە دېدىڭا! — ھاسانشاھ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇ خوتۇنىنىڭ شەھلا كۆزلىرىگە تىكىلگەن ھالدا ئىلتىجا قىلدى، — يەنە بىر دېگىنە، راستما!

— ھەپتىدىن بېرى قەي قىلىدىغان بوپ قالدىم، بىر يېرىم ئاي بولدى ھېيز كۆرمىدىم. ئاپامغا دېسەم «پەرزەنت كۆرىدىكەنسەن» دېدى.

ھاسانشاھ ئىشەندى، ئۇ ئىشەنگىنىدىن شۇنچە خوش بولدىكى، خوتۇنىنىڭ ئىككى قۇلىقىدىن تۇتۇپ، خۇشخەۋەر چىققان لەۋلىرىگە چوكۇلدىتىپ سۆيدى. ھاسانشاھ كېيىن ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى:

— ئەي مەرھەمەتلىك خۇداۋەندە كېرىم، تىلىكىمگە يەتكۈزگىنىڭگە مىڭ قەتلى شۈكرى!

ئەر — خوتۇن خوشلىقىدىن تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىمىدى. ھاسانشاھ ھاياجان بىلەن سورىدى:

— بالىمىزنىڭ ئىسمىنى نېمە قويىمىز؟
سالامەتخان تورۇسقا قاراپ ئويلاندى، ئاندىن:
— بۇۋى خەدىچە قويىمىز، — دېدى.
— ياق، ياق، سەن ئىسمىنى ئاداشتۇرۇپ قويدۇڭ.
— ئاداشتۇرمىدىم، بۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ خوتۇنىنىڭ مۇبارەك ئىسمىغۇ! بۇنداق ئىسىمدىن باشقا نېمىنى قويماقچىدىلا، ياكى بۇۋى پاتەم قويامدىلا؟
— ياق، ياق، مېنىڭچە رېھىمشاھ قويساق بولار.
— ئوھوش، بۇ ئوغۇللارنىڭ ئىسمىغۇ؟
— ئوغۇل بولغاندىكىن ئوغۇلچە ئىسىم قويىمىز — دە.
ھاسانشاھ ئىشەنچ بىلەن جاۋاب بەردى.
— نەدىكى گەپنى قىلىدىغاندۇ مۇنۇ ئادەم، مەن قىز تۇغىمەن!
— ياق، ياق، خۇدايىم ماڭا ئوغۇل بېرىدۇ. مەن ھەر نامىزىمدا ئاللادىن ئوغۇل تىلىگەن.
— مەنمۇ ھەر نامىزىمدا «ئىگەم، ماڭا ھەمراھ بولغۇدەك بىر قىز بەرسەڭ» دەپ تىلىگەن.
— ئەستەغپۇرۇللا، — ئەمدى ھاسانشاھنىڭ شادلىقىنى رەنجىش ئىگىلىدى. شۇندىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، — قارا سېنىڭ پەيلىڭنىڭ يامانلىقىنى، مەن ئوغۇل تىلىسەم، ماڭا قارشى قىز تىلىگىنىڭ نېمىسى؟
— ئوغۇل بالا دېگەننى نېمە قىلىدۇ؟ ئوغۇل بالا دېگەن ھە دېسە تالادىن كىرمەيدۇ، سىلىگە ئوخشاش تاغمۇ — تاغ، باغمۇ — باغ چېپىپ يۈرۈيدۇ. تېخى ئوۋ ئوۋلايمەن، دەپ سىلىدەك نەچچە كۈنلەپ يوقاپمۇ كېتىدۇ. مەنزە بۇ گۆردەك ئۆيلىرىدە ئەنسىرەپ، يۈرىكىم پۈچىلىدۇ.
— ھوي، ئوغۇل دېگەن تالانىڭ ئادىمى. ئاغزىڭغا نان، گۆش ئەكىلىپ بېرىدۇ.
ئۇلارنىڭ مۇنداق تالاش — تارتىشى كۈندە بولمىسىمۇ كۈن

ئاربلاپ بولۇپ تۇردى، ھاسانشاھ ئۇچۇن تۇغۇلغۇسى پەرزەنتنى قىز بولسىمۇ مەيلى ئىدى. بىراق، ئۇ شاھ ئەۋلادى كېسىلىپ قالارمۇ، دەپ ئەندىشە قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ تالاش — تارتىشى كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جېدەلگە ئايلاندى. جېدەلنى ياۋاش سالامەتخان باشلىدى. ئۇ بىركۈنى بۆلجۈرگەن يەيمەن، دېسە، يەنە بىركۈنى دولانا يەيمەن، دەپ جېدەل قىلاتتى. ئۇ تەلەپ قىلغان نەرسىنى شاھ ئەكىلىپ بەرسە بىرچاپاپلا تۆكۈرۋېتەتتى، «مەن بۇنى دېمىگەنتىم» دەپ يىغلايتتى. ئۇنىڭ يېڭى پەيدا بولغان تەرسالىقىدىن ھاسانشاھ جاق تويدى. ئۇ ئاخىر يۈزىنى داپتەك قىلىپ، سالامەتخاننىڭ جېدەللىرىنى ئانىسىغا دەپ بەردى.

— ۋاي بالىمەي، بالدۇرراق ئېيتساڭ بولماسمىدى. خوتۇنۇڭ سېزىك بوپتۇ. ئەكىلىپ بەرگەنلىرىڭ ئۇنىڭ سېزىكىنى باسالمىغان گەپ. ھازىرلا بار، شاھ بوۋاڭنىڭ مازىرىغا بار، مازارنىڭ ئۇدۇلىدا چوقا بار، سالامەتخان شۇنى شۇمۇپ باققاي.

ھاسانشاھ ئانىسىنىڭ بۇ مەسلىھەتى بويىچە سۇلتان ئۇۋەيس مازىرىغا ئاتلاندى. ئۇ بىرمۇشت چوقىا ئەمەس، يېرىم خورجۇن چوقا ئەكەلدى. سالامەتخان ئاچ قالغاندەك، چوقىنى ھەۋەس بىلەن شۇمۇشكە باشلىدى. ئۇ مۇشتۇمدەك چوقىنى شۇمۇپ بولدى، بۇ چوقا ئۇنىڭ جېدىلىنى پەسەيتتى. سالامەتخاننىڭ سېزىكى بېسىلدى بولغاي، بۇرۇنقىدەك ياۋاشلىدى، ھاسانشاھنىڭ تەرىتىگىمۇ سۇ بېرىپ يۈردى.

كۈنلەر بىر — بىرىنى قوغلىشىپ، ئايلار ئۆتتى. بىر كۈنى ئانا مۇنداق دېدى:

— ئوغلۇم، سالامەتخاننى ئېغىر ئىشقا سالما، چېلەكتە سۇ كۆتۈرمىسۇن، سۇنى مەن توشاي، چوقىغا سېزىك بولغىنىغا قارىغاندا، بالاڭ ئوغۇلدەك قىلىدۇ.

ھاسانشاھ ئانىسىنىڭ بۇ خوشخەۋىرىدىن تاغدەك خوش بولدى. ئۇ سالامەتخاننى ھېچ ئىشقا سالماي بېشىدا كۆتۈرۈپ يۈردى.

شارغوجىدا ئەرلەر سۇ توشۇمايتتى، قازان بېشىغا ئارىلاشمايتتى. سۇ توشۇش، ئوتۇن يېرىش ئىشلىرى ئۆي ئىشىغا كىرەتتى، ئۆي ئىشىنى بولسا، ئاياللار قىلاتتى، ئەرلەر تالا ئىشىنى، ئېتىز — ئېرىق، مال — ۋارانغا قاراش، چۆپ چېپىش، ئۇن تارتىش، ئۆينىڭ كەم — كوسىنى تەييارلاپ بېرىشتەك ئىشلارنى قىلاتتى. ئەرلەر قازان بېشىغا ئارىلىشىپ قالسا، ئاياللار:

— چېپىلمىسلا، — دەپ قازان بېشىدىن ھەيدىۋېتەتتى.

ھاسانشاھنىڭ ئاياللاردەك سۇ توشۇغىنى شارغوجىغا پۇر كەتتى، شارغوجا ئاياللىرى دېرىزە، ھويلىلاردا مارىشىپ، ھاسانشاھنى زاڭلىق قىلىشتى، قاقاقلاپ كۇلۇشتى.

— ياغلىقلا تاڭسا چىرايلىق چوكان بولغۇدەك!

— ھا — ھا — ھا!

— پۇرمىلىك كۆينەك كىيسە ئېرىگنى تارتىۋالامدۇ تېخى!

— ۋاھ — ھا — ھا! ھېيى — ھېي!

بىر كۈنى شوخ بىر جۇۋان ھاسانشاھنىڭ يېنىدىن قەستەن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

— ئېسسىلام، ھاسان بۇۋىم، — دېدى.

ھاسانشاھ بۇزاردى. پۇتۇن بەدىنىدىن سوغۇق تەر چىقتى، ئەمما ئۇندىمەي ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ قېرى ئانىسىغا سۇ توشۇتغۇزغىچە ئۆلگىنى ئەلا، زاڭلىق قىلسا قىلىۋەرسۇن!

يالغۇز ئاياللارلا ئەمەس، ھاسانشاھنى ئەرلەرمۇ زاڭلىق قىلىپ، كۇلۇشتى. «مەيلى، قاغىمۇ ئۆزى بىلگەننى قاقىلدايدۇ، سالامەتخانىنىڭ بويىدىن ئاجراپ كەتمىسىلا بولغىنى» دەپ ئويلىغان ھاسانشاھ قۇلىقىنى يوپۇرۇۋېلىپ يۇرىۋەردى. ھەپتىدىن كېيىن ھېۋىزخان كىندىكئانىدىن سالامەتخانىنىڭ ئېغىر بويلىقىنى ئاڭلىغان

ئاياللار ھاسانشاھنى زاڭلىق قىلغىنىغا خىجىل بولۇشتى. ئاۋۋال ھاسانشاھنى «ھاسان بوۋىم» دېگەن شوخ جۇۋان سۇ توشۇپ بەردى. كەينىدىن سالامەتخاننىڭ دوستلىرى، خوشنىلىرى سۇ توشىدى. ئۇلار سۇ توشۇپلا قالماي، سالامەتخاننىڭ ئېغىر — يېنىك ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەردى.

## 5

ھەر نەرسىنىڭ ۋاقتى — سائىتى بولىدۇ. سالامەتخاننىڭ ۋاقتى — سائىتى توشۇپ، ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. ھاسانشاھنى «ئانىنىڭ كۆڭلى ئۇلۇغ ئىكەن، ئاپام دېگەندەك ئوغۇل، يەنە كىلىپ كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان خىسلەتلىك ئوغۇل — ھە!» دېگەن شادلىق گاڭگىرىتىپ قويدى. بولۇپمۇ كىندىكئانا ھېۋىزىخان بىر ئالامەتنى كۆرۈپ ئېسىنى يوقىتىپ قويدى، شارغوجىدىكى نۇرغۇن بالىلارنىڭ كىندىكئانىسى بولغان ھېۋىزىخان بۇنداق ئالامەتنى كۆرمىگەن ھەم ئاڭلىمىغان. ھېۋىزىخان بوۋاقنى يۇيۇۋاتقاندا ئالىقىنى يىرىك بىرنەرسىگە تەگدى. ئۇ بىرلا قاراپ ھوشىدىن كەتكلى تاس قالدى. ئەگەر ئانا مېھرى بولمىغاندا، ئۆزىنى يوقىتىپ، بوۋاق قولىدىن چۈشۈپ كەتكەن بولاتتى. ئۇنىڭ كۆزى بوۋاقنىڭ گەژگىسىدىن تارتىپ، قۇيرۇقىغىچە سوزۇلغان قاپقارا يايلىنى كۆردى. ئۇ بوۋاقنى ئاۋايلاپ ياغاچ تەڭلىگە قويدى، كۆزلىرىنى سۇدا يۇدى. ئاندىن بوۋاقنى دۈم قىلدى.

— ئات يايلىسى! ۋاي خۇدايىمەي، ئادەم بالىسىنىڭ ئات يايلىسىمۇ بولىدىكەنە!

ھېۋىزىخان بوۋاقنى ماتا لۆڭگىدە ئېرىتىپ، قۇرۇقدىدى، يۆگەككە چالا يۆگىدى. ئۇ بوۋاقنى كۆتۈرۈپ سالامەتخانغا كۆرسەتتى. سالامەتخان بوۋاقنى مېھىر بىلەن يېنىغا ياتقۇزدى. شۇچاغدىلا ھېۋىزىخان بالىدىكى ئالامەتنى ھودۇققان ھالدا ئېيتتى:

— قۇلۇندەك بالا تۇغۇپسىز.

— نېمە دەۋاتىدىلا هوي، — سالامەتخاننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى — نەدىكى پەلە — پەتىش گەپلەرنى قىلىپ مېنى زاڭلىق قىلمىسىلا.

— ۋاي سىڭلىم، سىزنى زاڭلىق قىلىدىغانغا بېشىم ئونمۇ!

— مەن قۇلۇن تۇغىدىغان بايتال ئەمەس. قارىسىلا، ئوغلۇمنىڭ چىرايلىقلىقىنى!

— هە، سىزگىلا ئوخشايدۇ، هەممە يېرى سىزگىلا. ئەمما. . . ئەممازە. . . دۇمبىسى ئوخشاشمايدۇ. . .

— دۇمبىسى نېمە بوپتۇ؟

— مانا قاراپ بېقىڭ؟

هېۋىزىخان بالىنىڭ دۇمبىسىنى ئېچىپ قويدى. سالامەتخان بىرلا قاراپ ئېسىنى يوقاتتى، هېۋىزىخان نوگايدا سۇ ئەكەلدى، سالامەتخاننىڭ يۈزىگە پۈركىدى. سالامەتخان بىرلا سەسكىنىپ كۆزىنى ئاچتى.

— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ قېرىنداشىم، بۇچۇ، ئاللا ئىگەمنىڭ مۆجىزىسى. بۇ ئوغلىڭىز ئاددىي ئادەم ئەمەس، خىسلەتلىك، خاسىيەتلىك ئوغۇل!

— ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق، دادىسى كۆرسە نېمىمۇ دەر؟ — دېدى سالامەتخان تىترەك ئاۋازدا.

— نېمە دەيتتى، ئۆزىنىڭ پۇشتى تۇرسا، ئاللاغا شۈكرى قىلىدۇ شۇ. ئاللا ياراتقان خىسلەتلىك بوۋاققىمۇ بىر نېمە دەمدۇ؟!

— شۇنداق بولغىيدى ئىلاهىم.

— لېكىننزە، ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭكى، ئوغلىڭىز يايلىلىق ئىكەنلىكىنى هېچكىمگە، هەتتا قېيىنئانىڭىزغىمۇ تىنغۇچى بولماڭ! مەنمۇ ئاغزىمغا قۇلۇپ سالىمەن، هاسانشاهمۇ شۇنداق قىلسۇن.

هاسانشاه ئوغلىنىڭ يايلىسىنى كۆردى — دە، ياقىسىنى تۇتۇپلا قالدى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن پەقەت:

— لاۋزەمبىللا! — دېگەن سۆزلا چىقتى.

ھاسانشاھنىڭ ئانىسى شارغوجا ئاياللىرىنى بۆشۈك تۈۋىغا چاقىردى. بۇ كۈنى ھاسانشاھ يىگىتلەرگە ئوغلاق تاشلاپ بەرىپ يىگىتلەر كەچ كىرگىچە ئوغلاق تارتىپ، خىسلەتلىك بوۋاق بىلەن بىر كۈندە تۇغۇلغان جاماشاھنىڭ ئۆيىگە تاشلىدى. جاماشاھ ھاسانشاھنىڭ تام قوشنىسى ئىدى، رېھىمشاھ بىلەن جاماشاھنىڭ بۆشۈك تويى بىر كۈندە قىزىدى.

سالامەتخاننىڭ ئانىسى قىزىغا ئادەت — قائىدە يوسۇن بويىچە ئۇپا — ئەڭلىك، سۈرمە، ئەتىر، تاغاق، ئەينەكلەر بىلەن قوراق ئىلىك كەللە① قىلىپ بەردى، كۈيئوغلىغا بىرىيۈڭلۈق بەقەسەم تون كىيگۈزدى. ھاسانشاھنىڭ ئانىسى كېلىنىگە قايرىم ياقىلىق كالاتون كەنجە، ئوتتۇرىسىدا كەشتەگۈل بار سومكا ۋە كالاتون كەشتىلىك ئىپەك چۇمبەت تەقدىم قىلدى، چوكان — جۇۋانلار دۇتتار چېلىپ، ناخشا ئېيتتى، ئۇسۇل ئويناپ ئېچىلىشتى.

6

رېھىمشاھ بەش ياشقا كىردى، لېكىن ئۇ يەتتە — سەككىز ياشلىق بالىدەك چوڭ ئىدى. ئۇنىڭ بوي — تۇرقى، بەستى يېشىغا مۇناسىپ كەلمەيتتى، ئۇ بىر كۈندە تۇغۇلغان جاماشاھتىن بىرھەسسە دېگۈدەك چوڭ ئىدى. ئۇ چوڭلاردەك ئىش قىلىشقا باشلىدى. بىر كۈنى رېھىمشاھقا دادىسى نەسىھەت قىلدى:

— ئوغلۇم، كىشلەرنىڭ كۆزىچە ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرمىگىن، بىرەر نىمىنى كۆتۈرگىنىڭ كېلىپ كەتسە بوۋاڭغا ئوخشاش ئۆيىمىزنىڭ كەينىدىكى تاغنىڭ تاشلىرىنى كۆتۈرۈپ ئوينىغىن، بولامدۇ؟

① كەللە — خالتىچاق.

— بوۋام مېنىڭدەك چاغدا، ئەشۇ تاغدا تاش كۆتۈرگەنمۇ؟
— سەندەك چاغدا ئەمەس، مەندەك چاغدا كۆتۈرگەن.
— يوغان تاشلارمۇ؟
— مانا مۇنۇ ئۆينىڭ ھويلىدىكى ياۋا تاشلارغا قارا. بۇ تاشلارنى بوۋاڭ ئەشۇ تاغ تۆپىسىدىن دومىلىتىپ چۈشۈرگەن، يەنە ساي — سالالاردىن توشۇپ كەلگەن.
— سەنمۇ بۇ تاشلارنى كۆتۈرگەنمۇ؟
— مەن كۆتۈرەلمەيتتىم — دە.
— ۋاھ، — دەپ كۈلۈپ كەتتى رېھىمشاھ، — چوڭ تۇرۇپ كۆتۈرەلمەيتتىڭمۇ؟ ھىي — ھىي...
ئەتىسى رېھىمشاھ كوچىغا چىقىپ بوم ئاۋازدا چاقىردى:

ئاق تاش، كۆكتاش،
تاغ بېشىدا ياۋا تاش.
ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟!

ئاۋىلەن يان خوشنىسى جاماشاھ، كەينىدىلا ئۇدۇل خوشنىسى مىسىرشاھ، يەنە بىرتام خوشنىسى ھاجىقۇلى چىقىشتى، ئاندىن ھوشۇر قۇلى قاتارلىق باللار ئۆي — ئۆيىدىن چىقىپ كېلىشتى.
— رېھىمشاھ، بۈگۈن قانداق ئويۇننى ئويلاپ تاپتىڭ؟ — دەپ سورىدى مىسىرشاھ.
— مۇنۇ تاغقا چىقىپ تاش كۆتۈرۈپ ئوينايمىز.
— ماڭا ۋاي، تاش كۆتۈرۈشمۇ ئويۇن بولامدۇ؟
— بولمايچۇ، — دېدى مىسىر شاھ جاماشاھنىڭ مەنسىتمەسلىك ئاھاڭىدا قىلغان سۆزلىرىگە ئاچچىقى كەلگەندەك، — تاش كۆتۈرۈش — كۈچ سىنىشىش ئويۇنى.
— ئەمسە يۈرۈڭلار، — دېدى ھاجىقۇلى.
باللار قىقاس سېلىپ تاغقا ياماشتى، مىسىرشاھ:

— تاغقا كىم بالدۇر چىقسا شۇ ئوغۇل بالا، — دېدى.

باللار «ئوغۇل بالا» بولۇش ئۈچۈن يۈگۈرۈشتى. رېھىمشاھ ئېغىر قەدەمدە يۈگۈردى. شۇڭا ھەممىنىڭ كەينىدە قالدى. ۋىجىك جاماشاھ بىرىنچى بولۇپ تاغ بېشىغا چىقتى، مەيدىسىنى كېرىپ تۇرۇپ:

— ئاكاڭ قارىغاي ئوغۇل بالا! — دېدى ۋە رېھىمشاھقا قاراپ ئېيتتى، — بۇچۇ پوقچى.

— ھەقىقىي ئوغۇل بالا بولساڭ قېنى مۇنۇ تاشنى كۆتۈرۈپ باققىنا، — دېدى ھاجىقۇلى.

— كۆتۈرمەيچۇ، بۇنىمىتى.

جاماشاھ شۇنداق دەپ، ئۆز بېشىدىن يوغان ياۋا تاشقا ئېگىلدى. تاشنى تۇتۇپ كۈچەپ كۆتۈرمەكچى بولدى، تاش مىدىرلىمىدى. ھاجىقۇلىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

تاش كۆتۈرمەن، دەپ ئېتىپ پونى،
چىقتى جامانىڭ كەينىدىن پوقى.

— ھېي — ھېي، قىق — قىق...

باللار كۈلۈشۈپ ئېغىناپ كەتتى. جاماشاھ قەدرىنى روسلاۋېتىپ:

— بەك ئېغىركەن، يامان بولساڭ كۆتۈرۈپ باققىنە قېنى! — دەپ كوتۇلدىدى.

ھاجىقۇلمۇ تاشنى مىدىرلىتالمىدى، باللار بىر — بىرىنى دەي — دەيگە سېلىپ، كۆرەڭلىك بىلەن كۆتۈرۈشۈپ باقتى، ھەتتا ھەممىسىدىن چوڭ مىسىرشاھمۇ كۆتۈرەلمىدى. ئاخىرىدا، ئاغىنىلىرىنىڭ ئىنجىقلاپ، پۇشۇلداپ كۈچەشلىرىگە ئۈندىمەي قاراپ تۇرغان رېھىمشاھ تاشنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ ئېگىلىپ تاشنى يېنىكلا كۆتۈردى ۋە بېشىدىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلىۋەتتى.

— ئوھوي، مانا ئوغۇل بالا دېگەن!
— پاھ، قالتىس كۈچلۈك ئىكەنسەنغۇي!
— ئەمدى ماۋۇنى كۆتۈرۈپ باققىنا، — دەپ مىسىرشاھ ئالدىنقىسىدىن يوغانراق بىر ياۋا تاشنى كۆرسەتتى.

رېھىمشاھ ئۇ تاشنى كۆتۈرۈپ ئالىقىنىغا قويۇپلا چۆرۈۋەتتى. بالىلارنىڭ قىزىقىشى ئاشىۋەردى.

— ماۋۇنى.
— ماۋۇ تاشنىمۇ.

رېھىمشاھ ئاغىنىلىرى كۆرسەتكەن تاشلارنى يۇلۇپ ئېلىپ جىراغا تاشلاۋەردى. بالىلار ئىختىيارسىز ئۆزلىرى كۆتۈرەلىگىدەك تاشلارنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ جىراغا تاشلاشتى. بۇ ئىش بالىلار ئۈچۈن قىزىقارلىق ئويۇن بولۇپ قالدى. ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن ھەركۈنى تاققا چىقىپ جىراغا تاش ئېتىپ ئوينايدىغان بولۇشتى. بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە يول ۋە ئۆيلەرگە تەھدىت سېلىپ تۇرغان تاشلار ئاخىر جىراغا تاشلىنىپ بولدى. بۇنى كۆرگەن شارغۇجىلىقلار خوشال بولۇشتى. ھەر يىلى قاتتىق بوران — جۇدۇندا بەزى تاشلار يۇمىلاپ چۈشۈپ، ئۆگزىنى تېشەتتى ياكى يولنى توسايتتى، بىر نەچچە قويمۇ تاش ئاستىدا قېلىپ ھارام بولغانىدى. ھاسانشاھ كېيىنكى يىلى تاغ ئۈستىگە چىقىپ ھەيران قالدى. تاغ ئۈستىنى تاش ئەمەس، يېشىل چۆپ قاپلىغانىدى.



ھېۋىزخان ھاسانشاھلارنىڭ ئۆيىگە كۈندە ئەتىگەندە سۈتكە كىرەتتى. بۈگۈن ئۇ قورۇدىلا تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ ياشاڭغىراق كۆزلىرى ئىمىر — چىمىر قىلدى، كېيىن چەكچەيدى. لەۋلىرى پۇرۇلدى. «ۋاي ئانامەي، نېمە كارامەت بۇ، يەتتە ياشلىق بالا موزاينى كۆتۈرۈۋالغىنى نېمىسى!» ھېۋىزخان ئانىنىڭ كۆرۈۋاتقىنى

ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالغىچىلىكى بار ئىش ئىدى، رېھىمشاھ بىر ياشلىق موزاينى مورىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئۇ ھېۋىزىخانئاننى كۆرۈپ، موزاينى يەرگە قويدى ۋە ئېغىلغا ھەيدىۋەتتى، ئاندىن ھۆرمەت بىلەن سالام بەردى:

— ھوي چوڭ ئاپا، ئۆيگە كىرمەي تۇرۇپ قاپسەنغۇ!

ھېۋىزىخان ئانا سورىماي تۇرالمىدى:

— ھوي بالىمۇي، بۇ موزاينى قانداق كۆتۈردۈڭ؟

— ئۇ ھېچقانچە ئېغىر ئەمەس، يېنىكلا.

— نېمىشقا كۆتۈرۈپ ئاۋارە بولىسەن؟

— زېرىكىپ.

— بۇنداق ئېغىر نەرسىنى كۆتۈرسەڭ يولۇنۇڭ ئۈزۈلمەمدۇ؟

— ھىي، ھىي، موزاينىڭ يولۇنىنى ئۈزۈپ بېرەيمۇ ساڭا؟

— ھوي بولدى، ساراڭلىق قىلما! ئەمدى كۆتۈرمىگىن، ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل.

نەدىكىنى، رېھىمشاھ بۇ خىل موزايلا ئەمەس، بارا — بارا توپاقلارنى كۆتۈرىدىغان، ئېغىل قاشاسىدىن ھويلىغا ئىرغىتىپ تاشلايدىغان «ئويۇن» لارنى چىقاردى.

بىر كۈنى سالامەتخان رېھىمشاھنىڭ بىركىم بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ «ئوغلۇم كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتىدىكىن» دەپ ئەتراپقا قارىدى. ھېچكىم يوق، ئاۋاز ئېغىلدىن چىقىۋاتاتتى. سالامەتخان سىير سېغىشقا چىققانىدى. ئۇ سوغىنى كۆتۈرۈپ ئېغىلغا كىردى ۋە ھاڭ — تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

— ھە، تايچىقىم، مېنى نېمىگە چاقىردىڭ؟ ھىي — ھىي... ھە، قورسىقىم ئاچتى دەمسەن؟ مانا ھازىر.

رېھىمشاھ شۇنداق دەپ تاي، ئات، كالىلارغا چۆپ سېلىشقا باشلىدى. ئۇ تايچاقنىڭ يېنىغا كېلىپ دۈمبىسىنى سىلىغاچ:

— ھە، يە ئاغىينە، تويغۇچە يېسەڭ تېز چوڭ بولىسەن! — دېدى. موزايلىق سىير ھېۋىزخان ئانىنى كۆرۈپ بولسا كېرەك، مۆرىدى، ئەمما ئانىسىنى كۆرمىگەن رېھىمشاھ ئۇنىڭ مۆرىشىنى ئاڭلاپ:

— ھە، ساڭا يەنە نېمە كېرەك؟ چۆپ سېلىپ بەردىمغۇ، شۇنى يېمەمسەن، ھە، ھە چۈشەندىم. يېلىنىم چېڭقىلىپ كەتتى، دەمسەنا؟ ھازىر، مەن چاقىراي، — دەپ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئانىسىنى كۆرۈپ قالدى.

— مانا دېمىدىمغۇ، ئاپام ھازىر كىرىدۇ، دەپ.

رېھىمشاھ دەرھال باغلاغلىق موزاينى يېشىپ، لىككىدە كۆتۈرۈپ ئەكەلدى، موزاي ئانىسىنى ئېمىشكە باشلىدى. سالامەتخان سىير سېغىۋېتىپ: «ئوغلۇمدا سۇلايمان پادىشاھدەك خىسلەت بارئىكەن» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

8

ھاسانشاھ شەھەردىن قاراڭغۇ چۈشكەندە چىقتى، ئۇنىڭ ئاتقا غانجۇغىلاقلىق خۇرجۇنىنىڭ ئىككى بېشى تومپىيىپ تۇراتتى. رېھىمشاھ ئاتنى قاڭتۇرۇپ قويۇپ، دادىسىنىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىردى. چاي ئىچىپ، ھاردۇقىنى چىقارغان ھاسانشاھ خۇرجۇنىنىڭ ئىزمىلىرىنى يەشتى، چاي — تۇز، تاتلىق — تۇرۇملارنى سالامەتخان ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ھاسانشاھ كۆك مەخمەل چاپان — ئىشتان، كەشتىلەنگەن كۆينەك، دۇگلەك گۈل بىلەن تۆت يېنىغا گۈل كەشتىلىگەن مەخمەل بۆكنى جوزا ئۇستىگە قويدى — دە، رېھىمشاھقا:

— كىيىپ كۆرگىنە ئوغلۇم، توغرا كېلەمدىكىن، — دېدى.

رېھىمشاھ كىيىملەرنى كىيىۋىدى، دەل كەلدى. ھاسانشاھ:

— ھە، ئەمدى كۆڭلۇم ئىزىغا چۈشتى. ئەتە مۇشۇ كىيىمىڭ

www.uyghurkitap.com

بىلەن مەھەللىنى خەتمە تويۇڭغا چاقىرىسەن، — دېدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە رېھىمشاھ بۇ كىيىملەرنى كىيىپ كوچىغا چىقتى. مىسىرشاھ باشلىق ئاغىنىلىرى ئۇنى ئوتتۇرىغا ئالدى. ھاسانشاھ ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى، ئۇ رېھىمشاھنىڭ بېلىگە گۈل باسقان يېشىل شايى پوتىنى كەينىگە ئۇچ بۆرجەك چىقىرىپ باغلىدى ۋە:

— ھە، مانا، بۇ پوتىنى مېنىڭ خەتنە تويۇمدا دادام رەھمىتى ماڭا مۇشۇنداق باغلىغانىدى، — دەپ قويدى ھەم ئوغلىغا سەپسالدى، ئۇنىڭ كۆزىگە شۇ تاپتا رېھىمشاھ قەددى — قامىتى كېلىشكەن سەرۋازدەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

ھاسانشاھ شالدىرمىلىق يۇگەن سېلىنغان، كۆمۈش ئىگەر بىلەن ئىگەرلەنگەن بوز دۆنەننى يېتىلەپ چىقتى، ئۇ دۆنەننىڭ تىزگىنىنى رېھىمشاھقا تۇتقۇزدى. شۇ تاپتا رېھىمشاھ دۆنەندىن ئېگىز تۇراتتى. بۇقا بوينى دۆنەننىڭ بويىنىدەك ئىدى، كۆكرىكىمۇ دۆنەننىڭ كۆكرىكىدەك ئالدىغا چىقىپ تۇراتتى. ئۇ تاشتەك چىڭ قوللىرى بىلەن ئىگەرنىڭ قېشىنى تۇتۇپ ئاتقا مىندى، ئات مۆدۈرۈپ كەتتى. مىسىرشاھ، ھاجىقۇلى، جاماشاھلار غۇنانلىرىغا مىنىشتى. ھاسانشاھ جېكىدى:

— ئۇرۇق — تۇغقانلار، بارلىق يېزىلىقلارنى ئەتىكى خەتنە تويۇڭغا چىللاپ كېلىڭلار، بىرەر ئۆيمۇ ئۇنتۇلۇپ قالمىسۇن — ھە! مىسىرشاھ سەن دىققەت قىلارسەن.

رېھىمشاھلار نامازدىگەرگە يېقىن قايتىپ كېلىشتى. ئۇنىڭ بەل، مۈرىلىرىدە، دۆنەننىڭ يايلىلىرىدىمۇ رەڭگارەڭ قولياغلىقلار لەپىلدەپ تۇراتتى. ئادەت بويىچە ئۆزىنىڭ خەتنە تويىغا ئېيتىپ بارغان ھەربىر ئۆي بىردىن قولياغلىقنى ئوغۇلنىڭ پوتىسىغا چىگىپ قوياتتى. بۇ ئۇلارنىڭ تەبرىكى ئىدى. شۇ تاپتا دۆنەننىڭ يايلى گۈلگە ئايلانغىنى بىلەن بەدىنىقارا تەرگە چۆمگەنىدى، ئاغزىدىن ئاق كۆۋۈك چىقىپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ ھاسانشاھ:

— هوي، چېپىشتىڭلارمۇ، نېمە؟ — دەپ سورىماي تۇرالمىدى.

— ياق، قاتىرتىپ ماڭغان، — دەپ جاۋاب بەردى مىسىر شاھ.

— ئەمىسە دۆنەن قارا تەرگە چۆمۈپتۇغۇ؟

— بۇ جانىۋار بولدۇرۇپ قالدىغۇتاڭ، — دېدى رېھىمشاھ ئاتتىن چۈشۈۋېتىپ.

— ھېلىمۇ سېنى كۆتۈردى بۇ جانىۋار، — دەپ قويدى ھاجىقۇلى.

— مېنىڭ ئېتىمنى مىنسەڭ بوپتىكەن، ئەمدى دۆنەننىي تاڭاشۇرماي بولمايدۇ، — دېدى ھاسانشاھ دۆنەننىي موم ياغاچقا قاڭتۇرۇپ باغلاۋېتىپ.

رېھىمشاھ كۆردىكى، ھويلىسى ھېلىتىن ئادەمگە توشقان، باغقا داشقازان ئېسىلغانىدى، قازاندا گۆش قايناۋاتاتتى. قىرىلغان سەۋزە، ياڭيۇلار ياغاچ تەڭنىلەردە دۇگلەكلىك تۇراتتى. رېھىمشاھنىڭ ئاغىنىلىرى سۇپىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. رېھىمشاھ ئانىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ ياغلىقلاردىن ئاجراپ چىقتى. ئايغى يېنىڭ جاماشاھ ئاغىنىلىرىنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، ئىككى تاۋاق گۆش ئېلىپ كەلدى.

ئەتىسى ئەر — ئايالالار باللىرىنى يېتىلەپ كېلىشكە باشلىدى. يۇرت چوڭلىرى ئۆيدە، قالغانلىرى باغقا سېلىنغان كىگىز، پالازلاردا ئولتۇرۇپ مېھمان بولۇشتى، ساز چېلىپ، ئۇسۇل ئويناشتى. . .

كەچلىكى خەتنىسى قىلىنغان رېھىمشاھنىي تۇنەتتىي. ھاسانشاھنىڭ يىراق — يېقىندىن كەلگەن تۇغقان، يار — بۇرادەرلىرى كىرىپ قاقماي تۇنەپ چىقتىي، بۇنداق تۇنەكنىي شارغۇجىلىقلار «ئاق مەلىس چاي» دەپ ئاتىشاتتى.



رېھىمشاھ كۇچ — قۇۋۋەتتى كۇندىن — كۇنگە تېنىگە سىغماي

چوك بولۇپ، ھەرخىل قىلىقلارنى چىقىرىشقا باشلىدى. ئۇ بىرەر ئېغىر نەرسىنى كۆتۈرمىسە ياكى ئېغىر ئىش قىلمىسا تۇرالمايدىغان ھالغا يەتتى. بىركۈنى ئۆيۈمى تۇتۇپ، خۇددى بەگگىنىڭ خوتۇنلىرى تۇتقاندەك ئوتتۇراسىمى قىلدى. ئۇ ئاتا — ئانىسىنىڭ نەسىھىتىنى ئۇنتۇپ ئېغىلغا كىردى. ئۇ قويلىرىنى يېڭىراقتا ئوتلاقتىن ھەيدەپ كەلگەنىدى، ئۇلار كۆشەپ ياتاتتى. ئۇ بىر يوغان قوشقارنىڭ ئىككى ئالدى پۇتىدىن جۇپلەپ تۇتتى — دە، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى. ھويلىغا شۇنداقلا كىرىپ قالغان ھېۋىزىخان ئانا ئېغىل قاشاسىنىڭ ئۇستىدە ئېسىلىپ تۇرغان ئەگرى مۈڭگۈز، قوش ئېگەكلىك قوشقار بېشىنى كۆرۈپ ۋاقىرىۋەتتى:

— ۋاي ئانام، جىن، جىن!

بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان قازان بېشىدىكى سالامەتخان ئىتتىك كەلدى:

— ھېۋىزىخىنىدەمكەنغۇ، قانداق ئەھۋاللىرى؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ، ئۇ جىن، قوشقار قىياپىتىگە كىرىۋالغان جىن، ئەنە، ئەنە، ئۇچۇۋاتىدۇ!

سالامەتخان ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى، ھېچنىمە يوق. شۇ ئارىدا ھەجىيىپ رىھىمشاھ چىقتى. ئۇ كىندىكئانىسىنىڭ چىقىرىشىدىن كېيىنلا قوشقارنى جايىغا قويۇپ قويغانىدى.

— ھېۋىزىخىنىدە، نەنىڭ جىنى، رىھىمشاھقۇبۇ.

— يا، ياق، جىن، قوشقارنىڭ جىنى، ھازىرلا كۆردۈم. قوشقارنىڭ جىنى.

— جىن ئەمەس، ئانا، ئۇ، ئۇ قوشقار، يور، كۆرۈپباق، — دېدى رىھىمشاھ كىندىكئانىسىنىڭ قولىدىن تارتىپ.

ئۇلار ئېغىلغا كىردى، راستىنىلا قوشقار كۆشەپ يېتىپتۇ. ھېۋىزىخان:

— ھە، مانا شۇ قوشقار، ئۇ بايا ئېسىلىپ تۇراتتى، — دېۋىدى،

رېھىمشاھ سورىدى:

— ئۇ نەگە ئېسىلىپ تۇراتتى؟

— ھاۋادا ئۇچقاندەك ئېسىلىپ تۇرغىنىنى كۆردۈم.

— ۋاھ — ھا — ھا — ھا!

— ھوي، كۇلگىنىڭگە قارىغاندا، قوشقارنى سەن كۆتۈرۈپ تۇرغان ئوخشىمامسەن؟ — دەپ سورىدى سالامەتخان.

— كۆتۈرسەم نېمە بوپتۇ؟

— ۋاي قانداق قىلارمەن، ۋاي توۋا يەي، بۇ بالىنىزە! ھېۋىزىخان شۇندىلا ئېسىگە كېلىپ، سالامەتخانىنىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىردى، كىرىپلا دېدى:

— مانا كۆردىڭمۇ، سەككىز ياشقا قەدەم قويۇپلا سەككىز ياشلىق قوشقارنى كۆتۈرگىنىنى نېمە دېگۈلۈك؟

— ھېلىتىن مۇنداق كۈچتۈڭگۈر بولسا، قورامىغا يەتكەندە تاغنى كۆتۈرەرمۇ، بۇ نەدىن كەلگەن كۈچتۈر؟!

سالامەتخانىنىڭ سوئالىغا ھېۋىزىخانىنىڭ پىچىرلىغىنى جاۋاب بولدى:

— بۇ كۈچ يايلىسىدىن كەلگەنمىكىن، دەيمىنا.

— بەلكىم.

— رېھىمشاھنىڭ مۇنداق كۈچتۈڭگۈرلىكىنى خەق ئاڭلاپ ياكى كۆرۈپ قالسىچۇ قېرىندىشىم، ئۇ بالىمىز كۆزەكەپ[1] قالىدۇ جۇمۇڭ.

— ۋاي خۇدايىمەي، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

— تۇمار ئاسقۇلۇق.

— ئەمسە ئىمام ئاخۇنۇمغا تۇمار پۈتتۈرەيلى.

— يا — ياق، ئۇنتۇدىڭىزمۇ، بۇ سىرنى ھېچكىمگە تىنماڭ دېگىنىمنى.

---

① كۆزەكەپ — يەرلىك شىۋە، كۆزتېگىپ، دېگەن سۆز.

— ئەمىسە. . .

— مەن بىرتۇمار پۈتۈپ كېلەي، بۇ چىنىگە سۈت بېرىڭ، — دېدى ھېۋىزىخان ۋە سۈتنى ئېلىپ سوكۇلدىغىنىچە چىقىپ كەتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ھېۋىزىخان بىرتۇمار پۈتۈپ كەلدى.

— سالامەتخان، بۇ دولانا ياغىچىدىن پۈتۈلگەن تۇمار، بۇنى ئوغلىڭىزنىڭ يايلىسىغا باغلاپ قويۇڭ.

— ھېۋىزىخىنىدە، سىلىنىڭ ئوغلىمىزغا مۇنچە كۆيۈنگەنلىكلىرىگە نىمە دەپ رەھمەت ئېيتسام بولار؟ — دەپ سالامەتخان كۆرپە سالدى، — كۆرپىگە ئولتۇرسىلارا، سادىغاڭ كېتەي ئانا.

ھېۋىزىخان كۆرپىگە ئولتۇردى ۋە سۆيۈنگەن ھالدا:

— رېھىمشاھ سىزنىڭلا ئوغلىڭىز ئەمەس، مېنىڭمۇ ئوغلۇم — دە، سىز تۇغقان ئانىسى، مەن كىندىكئانىسى، شۇنداق ئەمەسمۇيە، قىزغىنىۋاتامسىزيە؟ — دېدى.

— ۋاي سادىغاڭ كېتەي ھەدە، سىلى دېگەن مەلىمىزدىكى ھەممە ياشلارنىڭ ئانىسى. رېھىمشاھنىڭ مېنىڭدىنمۇ چارە ئانىسى.

— ۋاي — ۋاي، بۇ شېرىن تىلىڭىز دىلىمنى يورۇتىۋەتتى. بالا كۆرمەي بىر ئۆمۈر يىغلاپ ئۆتتۇم. مەن كىندىكئانا بولغان بالىلىرىم كۆپ بولسىمۇ يېنىمدا تۇرمىغاندىن كېيىن غېرىبسىنىدىكەنمەن. نىمە ئۈچۈندۇر رېھىمشاھنىڭ كىندىكىنى كەسكەن كۈندىن تارتىپ، بۇ غېرىبلىق يۈرىكىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ئۇ ئوغلىمىزنى كۈندىلا بىركۆرگۈم كېلىدۇ، شۇڭا سۈتنى خوشنىلاردىن ئالماي، ئەتەي سىزدىن ئېلىۋاتىمەن.

سالامەتخان داستىخان سالدى، ئېلىكتەك چاي ئەتتى، سۈت قۇيۇپ ياققان يوغان ئاق ئاندىن بىردەستە قويدى. مەشكە ماي، قايماق تىزدى. ئاپقۇر چىنىگە يۈزى كۆرۈنمىگۈدەك قايماقلىق چاي قۇيۇپ، ھېۋىزىخانغا سۇندى. سىركايىغا تولدۇرۇپ نان ئۇشتۇپ، ھېۋىزىخانىنىڭ چىنىسىگە سېلىپ قويدى. ئۇلار ئاچا — سىڭىلدەك

پاراڭغا چۈشتى. بىرچاغدا ئۆيگە رېھىمشاھ كىرىپ كەلدى. ياز يورىغاندىن بېرى ھاسانشاھ ئوغلىنى قوي بېقىشقا سالغان، رېھىمشاھ ئاغىنىيلىرى بىلەن بىللە قوي، كالا، ئات بېقىپ، تاغ ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى. رېھىمشاھ قولىنى ئېرتىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم چوڭ ئاپا، — دەپ سالام بەردى.

— كەل پالۋان بالام، يېنىمغا ئۆتكىن، — دېدى ھېۋىزىخان.

پاراڭ بىلەن چاي ئىچىلدى، سالامەتخان ھېۋىزىخانغا بەش ھىجىر سۆك، بىرسان قوي گۆشى ۋە بىر چىنە پىششىق قايماق بەردى.

— ۋاي سىڭلىمەي، بۇلارنى قانداقمۇ كۆتەرگۈلۈك، مۇنۇ قايماقنىلا ئەكېتەي، — دېدى ھېۋىزىخان.

— مەن ئاپىرىپ بېرەي، — دەپ رېھىمشاھ ئانىسى سۇنغان خالتىنغا سۆكلەرنى تۆكتى، سان گۆشنى داستىخانغا يۆگىدى.

ھېۋىزىخان پۈتۈپ بەرگەن تۇمار خىسلەتلىك ئوغۇلنى ساقلاپ قالارلامۇ؟ بۇنى كېيىنكى بابتىن ئوقۇپ بىلگەيسىز.

# 2 — باب ھاشار

1

رېھىمشاھ ھاشارغا پالاندى. بۇ ۋەقە ھىجىرىيىسىنىڭ 1272 — (مىلادىنىڭ 1863 —) يىلى رېھىمشاھ بەيتۇللا مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان يىلى يۈز بەردى.

. . . تۆت يىل مۇقەددەم ھاسانشاھ ئوغلىنى ئوقۇتماق بولدى. خوشنىلىرىمۇ بالىلىرىنى ئوقۇتۇش نىيىتىگە كەلدى. ھاسانشاھ يازلىق ئاشلىقىنى يىغىپ بولۇپلا رېھىمشاھ، مىسىرشاھ، ھاجىقۇلىنى ئەگەشتۈرۈپ، غۇلجا شەھرىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ خەلپەت موللا

بىلال بىننى يۈسۈپ بىلەن دوست ئۆتەتتى. موللا بىلال بىننى يۈسۈپ ئوغلى ھىجرىيە 1230 — (مىلادىيە 1823 —) يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە موزدۇز ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتا — بوۋىلىرى قوشۇمچە خەلپەتلىك قىلىپ بالىلارنى ئوقۇتاتتى، موللا بىلال ئەشۇ مەھەللە مەكتىپىدە خەت ساۋادىنى چىقارغان، ئاندىن بەيتۇللا مەدرىسىدە ئوقۇپ، ئون بەش — يىگىرمە ياشلىرىدا ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەلۇماتقا ئىگە بولغان، ئەرەپ، پارس تىللىرىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن، چاغاتاي ئەدەبىياتى، «تەزكىرەئىي بۇغراخان»، «تارىخىي رەشىدى»، «تەزكىرەئىي ئەزىزان»غا ئوخشاش كىتابلارنى ئوقۇپ، كۆچۈرۈپ، خەلق ئىچىگە تارقاتقان، ئۇ فىردەۋسى، جامىي، ناۋائىيلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن زوق ئالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ شېئىر، نەزمە يېزىشقا باشلىغان. ھاسانشاھ مانا شۇ شائىر، مۇدەررىسكە بالىلارنى تاپشۇرۇپ ئوقۇتۇش نىيىتىدە يولغا چىقتى.

ئۇ ياماتۇغا بارغۇچە بالىلارغا موللا بىلالنىڭ تەرجىمھالى ۋە يازغان ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇپ باردى، بۇ بالىلارنىڭ بولغۇسى ئۇستازىغا بولغان قىزىقىشى ۋە ھۆرمىتىنى ئاشۇردى، ئۇلار ياماتودا دەريادىن كېمە بىلەن ئۆتۈپ ئويمانبايتوقايغا چۈشتى. ئاتلىرىنى چالدۇردى، ئاشپۇزۇلغا كىردى.

ھاسانشاھ بالىلار تامىقىنى يەپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئاتلاندى. ئۇلار گۆكىرەتمە، ھىزنۇەكتام يېزىلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ قارا دۆڭ مەھەللىسىگە كىردى.

2

ھاسانشاھ بالىلارنى مەدرىسكە باشلاپ باردى. ئاتلىرىنى موم ياغاچقا باغلىدى. مەدرىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە قاتار ئۆيلەر تۇراتتى.

— بۇ ئۆيلەرچۇ، سىلەرنىڭ ھوجراڭلار، — دېدى ھاسانشاھ



www.uyghurkitap.com

ۋە بۇيرىدى، — غانجۇغىدىكىلەرنى ئېلىپ كەينىمدىن مېڭىڭلار.

ئۇ بىرىنچى ئىشىك ئالدىغا بېرىپ چاقىردى:

— هاي موللا بىلال خەلپىتىم!

كىچىككىمەي ئىشىك غاچ قىلىپ ئېچىلدى. قارا بۇرۇتلۇق، قاراكۆز، قاراقاش، ئوتتۇرا بويلۇق، ئۇرۇقچا مايىل، چىرايلىق بىر ئادەم چىقتى، مېھمانلارنى كۆرۈپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— ئوھۇي هاسانشاھ، قاياقنىڭ شامىلى ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — دەپ هاسانشاھ بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى. هاسانشاھ:

— شارغۇجا تاغلىرىنىڭ شامىلى، — دەپ جاۋاب بەرگەچ هوجرىغا قەدەم قويدى.

هوجرا ئاددىيلا ئىدى. سۇپىغا بىرپارچە كىگىز سېلىنغانىدى. مورا ئوچاق ئالدىدا بىرقۇم چوگۈن، ئۆي ئوتتۇرىسىدا تۆت چاسا جوزا، جوزا ئۈستىدە خوتەن قەغىزى. دۈگەتكە چىلاغلىق پەلكۈش قەلەم تۇراتتى. موللا بىلال هاسانشاھنىڭ هوجرىغا زەن سېلىپ قاراۋاتقىنىنى كۆرۈپ تەكلىپ قىلدى:

— قېنى يۇقىرى ئۆتسىلە، بىزنىڭ غېرىب كەپىمىز مانا شۇنچىلىك، هوي باللار، بوسۇغىدا تۇرماي كىگىزگە چىقىپ ئولتۇرۇڭلار.

باللار تارتىنىپقىنا ئولتۇرغاندىن كېيىن هاسانشاھ دۇئاغا قول كۆتۈردى.

— ساھىبخان سالامەت بولغاي، ئاۋمىن!

مېھمانلار ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە هال سورىدى. هاسانشاھ باللارنى تونۇشتۇردى:

— مۇنۇ مېنىڭ يالغۇز ئوغلۇم رېھىمشاھ، مۇنۇ ئۇدۇل خوشنىمىزنىڭ ئوغلى مىسىرشاھ، مۇنۇ يان خوشنىمىزنىڭ ئوغلى هاجىقۇلى، بۇ باللارنى سىلىنىڭ ئوقۇتۇپ، موللا قىلىشلىرى ئۈچۈن ئېلىپ كەلدىم. يېنىمغا هازىر بىرتاغار ئۇن، مۇنۇ سۇر گۆشلەرنى ئالغاچ كىردىم.

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ئەلىكتىرونلۇق كىتابلار ئامبىرى

— جاھان ئىش بوپتۇ، — دېدى مولla بىلال جوزىدىكى دۇگەت، قەلەم، قەغەزلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، — بالىلارنى ئوقۇتمىساق جاھالەت زامانىدا، جاھالەتتىن قۇتۇلالمايدۇ، مەنچە ئەمەلدارلىرى بىزنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ قېنىمىزنى سۇلۇكتەك شوراۋېرىدۇ.

— ئەمسە بالىلارنى سىلىگە تاپشۇردۇم، ئۇستىخىنى مېنىڭ، گۆشى سىلىنىڭ.

— رېھىمشاھ بىلەن مىسىرشاھنىڭغۇ شىلغۇدەك گۆشى بار، مەن قۇرۇق ئۇستىخان تۇرسام نېمەمنى شىلار؟، — دېدى ھاجىقۇلى.

— ۋاھ، بۇ بالا گەپدان ئىكەنغۇ! — دېدى موللا بىلال كۈلۈپ.

— ھە، ئانچە — مۇنچە قوشاقمۇ توقۇپ يۈرىدۇ.

— شۇنداقمۇ، ھاپىز بولىدىكەن — دە، تولا ئوبدان، — دەپ زوقلاندى موللا بىلال، ئۇ بالىلارغا چۈشەندۈردى، — ھاسانشاھنىڭ گۆشى سىلىنىڭ دېگىنى چىڭ تۇت دېگىنى. قورۇقماڭلار، گۆشىڭلارنى شىلىدىغان بۆرە ئەمەسمەن. مەن سىلەرگە بىلىم بېرىمەن، بىلىم ئېلىش ئاسان ئەمەس، قاتتىق تەرتىپ بولغاندىلا بىلىم ئالغىلى بولۇر.

— بولۇپمۇ رېھىمشاھنى قاتتىق تۇتمىسىلا بولمايدۇ.

موللا بىلال جوزىغا داستىخان سالدى. قۇرۇق يەل — يېمىش، نان قويدى، بالىلار قول چايقاشقا ھويلىغا چىقىپ كەتتى. ھاسانشاھ جىكىدى:

— ئوغلۇم كۆچتۈگگۈرلىكىگە ئېلىپ، ئادەم ۋە مالنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئېتىپ يۈرمىگەي.

— شۇنداقمۇ قىلىقى بارمۇ؟

— ھەئە، ئۆيدە قوي، تاي، توپاقلارنى كۆتۈرۈپ ئوينايدۇ، ھەتتا قاشادىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلايدۇ. ئۇ ھەركۈنى بىرتەرلىگىدەك ئىش قىلمىسا، تۇرالماي قالىدۇ، چوڭ بولغانسېرى كۆچتۈگگۈر بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

— يا پىركامىللا، — دەپ موللا بىلال ياقىسىنى تۇتتى.

— ئۇ بىر ئاخشىمى ئېغىلغا كىرىپ، تۆت ياشلىق ئۆكۈزىمىزنى كۆتۈرۈپ بېسىپتۇ، ئاندىن ئۇنى كۆتۈرۈپ ئېغىلنىڭ ئۆگزىسىگە ئاچىقىپ قويۇپتۇ. بامداتقا چىقسام ئۆكۈز ئۆگزىدىكى چۆپلەرنى يەۋېتىپتۇ، رېھىمشاھ چايدىن كېيىن ئۆكۈزنى كۆتۈرۈپ ئېغىلغا ئەكىرىپ قويدى. يەنە بىر كۈنى ئۆزىنىڭ دۆنەن ئېتىنى ئېغىلنىڭ قاشاسىدىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلىغانىكەن، دۆنەننىڭ قويمىچىلىقى زەخمىلىنىپ ماڭالماي قالدى. ئۇ بىكارچىلىقتىن مۇشۇنداق قىلىۋەرسە بىرەر بالا تېرىپ قويمىسۇن، دەپ ئالدىلىرىغا ئەكىردىم.

ئوبدان كۆز — قولاق بولۇپ ئوقۇتۇپ قويغايلا.

ئۆيگە كىرگەن بالىلار ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

3

ساۋاقخانىغا كىرگەن موللا بىلال شاگىرتلىرىغا تەكشى قاراپ چىقتى. يىگىرمە بىر بالا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ تىزى ئۇستىدە سامان قەغىزىدىن تۇپلىگەن دەپتەرلەر، پەلكۇش قەلەم قويۇلغانىدى. رېھىمشاھ ساۋاقخانىنىڭ ئەڭ كەينىدە، ئۇنىڭ يېنىدا مىسىرشاھ ئولتۇراتتى. ئۇلار بىرىنچى ساۋاقتىلا يانمۇ يان ئولتۇرۇشقانىدى. ھاجىقۇلى ۋىجىك بولغاچ خەلپەتنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى. ئۇلار موللا بىلالدىن ساۋاق ئېلىۋاتقىنىغا تۆت يىل بولدى. رېھىمشاھنىڭ كۈچى ئېچىگە پاتمايۋاتسىمۇ، لېكىن بىلىم ئېلىش تەشناسى ئۇنى خېلى يۇگاشلاتقان، كېچە — كۈندۈز ئوقۇش بىلەن بولغاچ كۈچ كۆرسىتىشنى ئۇنتۇغانىدى. ئۇ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى دەريالار ھەققىدە ساۋاق بېرىۋاتقان موللا بىلالنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇراتتى. موللا بىلال مۇنداق ساۋاق بەرمەكتە ئىدى.

— يۇرتىمىزنىڭ تەبئىي بايلىقى ئۆزگە يارىشا خاسلىقى ۋە

چوڭلۇقى بىلەن مەشھۇردۇر. يۇرتىمىزدا سۇسىز چۆللەر ۋە باياۋانلار كۆپ، دەريالىرى ئۇزۇن بولۇپ، باشقا ئەللەرنىڭ دەريالىرىغا قېلىشمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي ئولتۇراق ئورۇنلىرى بولغان ئالتۇن تاغدىن چىققان نۇرغۇن سۇلار قوشۇلۇپ دەريا ھاسىل قىلغان؛ ئىلى دەرياسى، كۆكسۇ دەرياسى، قاراتال دەرياسى، تارىم دەرياسى، لىنفىسى دەرياسى (بۇ دەريا ۋادىلىرى يەتتە سۇ ۋىلايىتى، دەپ ئاتىلىدۇ)، قارا شەھەر، كۇچا، ئاقسۇ، مۇزات، قەشقەر، يەكەن، كىلىيان[1] (زەرەپشان)، خوتەن دەريالىرى بار. ئىلى دەرياسى تېكەس، خانتەڭرى، مۇزات، كۆكسۇ، كۆنەس، قاش دەريالىرى قوشۇلمىسىدىن پەيدا بولغاندۇر. بۇ دەريا بالقاش كۆلىگە قويۇلىدۇ

موللا بىلال شاگىرتلىرىغا قاراپ دېدى:

— ھازىر ئارام ئېلىپ كىرسۇنلەر.

شاگىرتلار ھويلىغا چىقىشتى. بىرقىسمى ھاجەتكە كەتتى. رېھىمشاھ سىدىگە چىقىپ چۈشتى. بۇ ئۇنىڭ ھەر تەنەپپۇستىكى ئارام ئېلىش ئادىتى ئىدى. بۇ ھەرىكەت بىلەن ئۇنىڭ ئۇيۇشقان بەدەنلىرى ئارام ئالاتتى.

— ئەمدىكى ساۋىقىمىز كۆللەر ھەققىدە بولۇر، — دېدى موللا بىلال باللار تەنەپپۇستىن قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، — ئالتاينىڭ غەربىي جەنۇبىدە ئۇلۇڭكۇر كۆلى، جىڭ بازىرىنىڭ شىمالىدا قىزىل تۇز كۆلى، غولجىنىڭ شىمالىدا سايرام كۆلى، چاقلىق قەلئەسىنىڭ مەشرىق — شىمالىدا لوپنۇر كۆلى، قارا شەھەرنىڭ جەنۇبىدە باغراش كۆلى، كۇچارنىڭ جەنۇبىدە بابا كۆلى، قومۇل دىيارىدا بارىكۆل قاتارلىقلار باردۇر. مانا شۇ دەريا ۋادىلىرىدا. كۆللەر ئەتراپىدا ئەجدادلىرىمىز ياشىغانلار، ئۇلار تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى كۆز يەتمەس سەھرالار، سازلىقلارنى ئاچقان، بۇ كەڭ زېمىندا ھەرخىل قۇشلار، ياۋايى ھايۋانلار خوش

[1] كىلىيان — تاغ ئىسمى، زەرەپشان دەريا ئىسمىدۇر.

يىقىلىق ھاۋادىن نەپەسلىنىپ كەلگەنلەر، بۇ دەريا، كۆللىرىمىزدە ھەرخىل بەلىق، سۇ مەخلۇقلىرى ياشىغانلار، بۇ يەرلەردە ئىلگىرى ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنى ئالەمگە تونۇتقاندۇر. بۇ ئەجدادلار سوقۇش بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزگەنلەر، ئۇلارنىڭ قىلىچ، نەيزىلىرى دائىمە يانىدا بولۇپ، سۆيەك، مۈڭگۈزدىن ياسالغان ئوقيالىرى بار ئىكەن. ئاتلىرى ھەردەم ئىگەرلەنگەن بولۇپ، ئۇلار ئات ئۈستىدە چۆرگىلەر ئىكەن، ئاتقان ئوقيالىرى بىكار كەتمەسكەن، ئەڭ قورقۇنۇچلۇق ۋاقىتلاردا ھەم دۈشمەندىن قاچمىغانىكەن. ئۇرۇشتا دۈشمەننى يەڭسە ماختىنارىكەن. ئۇلارنىڭ ئابرويى ئۆلتۈرگەن دۈشمەننىڭ سانى بىلەن ئۆلچەرلىنەرىكەن. ئۆلگەن باھادىرلەرنىڭ قەبرە تاشلىرىگە ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۆلتۈرگەن دۈشمەنلەرنىڭ سانىنى يازىپ قويارىكەن. ئۇرۇشقا چىقمىغانلارنى تولىمۇ نومۇسلاندۇرارىكەن. ئۇلار بىر جايدا ماكانلاشماي، سوقۇشقا ماڭغاندا ھەم بالا — چاقىلەرىنى قالدۇرماي ئالىپ يۈرەركەن. يۈرەكلىك، باھادىرلىرى قائان (خان) لىققتا ئولتۇرارىكەن. جۈملىدىن قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن ھونلارنىڭ مەشھۇر سەردارى ئاتىلا ئىسمىلىك بارقائان قولىندىكى قىلچىگە قاراپ: «بۇ قىلىچ ئاللانىڭ ماڭا بەرگەن بىر قۇۋۋىتى، بۇ قىلىچ بىرلەن دۇنياگە تونۇلۇرمەن» دېگەنىكەن، — موللا بىلال جىم بولۇپ، باللارغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، تامىقىنى قىرىپ قويۇپ، ۋەزمىنى ھالدا سۆزلىدى، — ئىلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ديياردۇر. كىزىك كىيىلى ۋە ئۇرخۇن خاندانلىقىنىڭ قىرغىز ۋەزىرىنىڭ لەشكەر تارتىپ قىلغان ھوجۇمىدىن ئۇرخۇن خاندانلىقىنىڭ لەشكەر ۋە پۇقراسى ئۈچ تەرەپكە تارالدىلەر. ئۇلارنىڭ تۇغرۇلخان قاتارلىق شاھزادىلىرى ئىلىغا قاراپ يول ئالدىلەر. تۇغرۇلخان تەلكە داۋانىدىن يول ئىچىپ ئالمىلىققا[1] كەلدى. تۇغرۇلخان بۇ يەرنىڭ تولىمۇ گۈزەل. تۇرمۇش كۆچۈرۈشكە قولايلىقلىقىنى كۆرۈپ، بۇ يەرنى

---

[1] ھازىرقى چىلپەڭزىدىن سۇزۇكسۇ بازىرىنىڭ جەنۇبىغىچە بولغان جايلار پۈتۈنلەي ئالمىزارلىق ئىدى. ئاپتۇر.

ماكان قىلىشنى بېكىتتى. ئۇ بۇ يەردە ئۆي — ئىمارەتلەر، تەخت سارىيى سالغۇزدى. توغرۇلخان «ئىلى بالى خانلىقى» قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى، ئۆزىنى خان دەپ ئاتىدى. ئۇ يەنە ئىلى بالى خانلىقىنىڭ ئاستانىسى «ئالمىلىق» دەپ ئاتىدى. ئىلى بالى كۆنسېرى گۈللەندى، پۇقرالار ئالما دەرەخلىرىنى قومۇرۇۋېتىپ، يەرلەرنى ئېكىنزارلىققا ئايلاندۇردى. توغرۇلخان چوققىسىداقار كەتمەيدىغان تاغقا «قار كىنىگەن» دەپ نام بەردى. ئۇنىڭ پۇقرالىرى تاغدا چارۋا مال باقتى، ئوۋ ئوۋلاشتى. ئالمىلىق شەھىرىنىڭ ئايلانمىسى ئەللىك چاقىرىمغا كېڭەيدى، شەھەر ئالمىلىق باغلار، ئۈزۈمزارلىقلار بىلەن بېزەلدى، سۈيى راۋان، كوچىلىرى رەتلىك، چىرايلىق شەھەرگە ئايلاندى. بۇ شەھەر بارا — بارا مەغرىب بىلەن مەشرىقنىڭ سودا مەركىزىگە ئايلاندى. خەلق توغرۇلخاننىڭ بۇ بۈيۈك تۆھپىسىنى مەدھىيىلەپ، «ئوزار» دەپ نام بەردى.

موللا بىلال بىرئاز سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن، ساۋاقنى داۋاملاشتۇردى:

— توغرۇلخان قېرىپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى سوغىناق تىكىن خان بولدى. سوغىناق تىكىن ھىجرىيىنىڭ 285 — يىلى (مىلادىيىنىڭ 1250 — يىلىغا توغرا كېلىدۇ) ئۆلدى. ئورنىغا ئوغلى دانىشمەن تىكىن خان بولدى. كېيىن ئىلى بالىق خانلىقى ئۇيراتلارنىڭ ئىستىلاسىغا ئۇچرىدى، ئىچكى نىزا، ئۇرۇشلار تۈپەيلى ئالمىلىق شەھىرى ۋەيران بولدى. مانا شۇنداق ئۇيغۇرلار بۇندىن 1600 يىل ئىلگىرىلا ئىلى ۋادىسىدا ياشىغان. كېيىنكى زامانلاردا چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىپ ئۇرۇشۇشى. جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قىرغىنچىلىقى، چىڭ خاندانلىقىنىڭ يەكەن سەئىدىيە خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇش ئۇرۇشلىرىدا نۇرغۇن ئادەم قىرىلدى. تىرىكلىرى تەرەپ — تەرەپكە قېچىپ، ئىلىدا ئادەم ئاز قالدى، — موللا بىلال شاگىرتلىرىغا كۆز يۈگۈرۈتۈپ چىقىپ شۇنداق دېدى، — ساۋاقنى كېيىنكى سائەتتە ئۆتۈرمەن، بۇ ساۋاقتىن

چۈشەنمىگەن يەرلىرىڭىز بولسە سوراڭلار.

— مولla خەلپىتىم. ئىلى دېگەن نام قاچان پەيدا بولغان؟ — دەپ سورىدى مىسىرشاھ.

— ئىلى دېگەن «ئىل، بوشلۇق» دېگەن مەئىنەلەرنى بىلدۈرۈر. تەڭرى تېغىنىڭ بۇ تەرىپى مۇنبەت بوشلۇق دالا ئىدىلەر. ئۇيغۇرلار نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى بوزلۇقلار، يايلاقلارنى ئاچتى، گۈللەندۈردى. يۇقىرىدا ئەيتقانىمدەك قەلەلەر بىنا قىلدى. ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ بۇ گۈزەل ماكانىنى دەسلەۋىندە «ئىل دالا — مۇنبەت دالا» دەپ ئاتاشتىلەر. بۇ مۇنبەت دالانى كېسىپ ئۆتكەن دەريانى «ئىل دەرياسى»، كېيىنرەك «ئىلى دەرياسى» دەپ ئاتاشتىلەر. قۇرۇلغان خانلىقلار نامىنى بىز يۇقىرىدا زىكرى قىلغانىمىزدەك «ئىلا بالى»، شەھەرلەرنى «ئىلا بالىق»، «ئىلا شەھرى» دەپ ئاتاشتىلەر. ئىلىدا بەگلىك ھونلار دەۋرىدىلا قۇرۇلغاندۇر.[1] ئۇيغۇر تىلىندا «ئىلى» سۆزى «ئەل — يۇرت» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «ئىلى» دەپ يېزىلىپ كەلدى. «ئىلا» دېگەن سۆزگە كەلسەك، ئۇ «ئىل دالا» دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، «دا» تاۋۇشى تەلەپپۇزدىن چۈشۈپ قېلىپ، «ئىلا»، كېيىنچە «ئىلى» بولۇپ ئاتىلىپ كەلگەندۇرلەر. ئىلى نامىنىڭ مەنىسى، كېلىپ چىقىشىنى بىلىۋالدىڭلارمۇ؟ ھە، ئەمسە تەنەپپۇسقا چىقىپ كىرىڭلار.

4

بۈگۈن جۈمە دەم ئېلىش كۈنى ئىدى، ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىۋالغان رېھىمشاھ، مىسىرشاھ، ھاجىقۇللار شەھەرلىك ساۋاقدىشى مەنسۇرنى مەدرىس دەرۋازىسى ئالدىدا خېلى كۈتتى.

---

[1] مىلادى 92 — يىلى تارىخچى بەنگو يازغان «خەننامە» دە ئىلىنى «ئىلا» دەپ يازغان، «خەن كىتابى ئەل جۇغراپىيىسى ئۇستىدە تەتقىقات» تا «تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي ئىلى دۆلىتى بولۇپ، ھونلارغا قارايتتى» دەپ يېزىلغان.

— مەنسۇر ئاغىنىمىز كەلدى، — دېدى ھاجىقۇلى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ شەھەرنىڭ كوچىلىرىنى، ئۆيلىرىنى، سېپىل دەرۋازىلىرىنى يەنە بىر قېتىم سەيلە قىلماقچى، شەھەرنىڭ ساۋاقدىشى مەنسۇر ئۇلارنى باشلاپ بارماقچى بولغانىدى. مەنسۇر ساۋاقتا ئالدىدا، ئەدەپ — قائىدىلىك بالا ئىدى. ئۇ ساۋاقداشلىرىنى ئۆز مەھەللىسى سۇ دەرۋازىغا باشلىدى، سۇ دەرۋازىنىڭ دەرۋازىسى تۆمۈردىن بولۇپ، دۇگلەك مىس مىقلار بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. رېھىمشاھ سېپىل ئۈستىدە قىلىچلارنى يېنىغا ئېسىپ، ئۇ ياق — بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن، قاسقان شەكلىدىكى باش كىيىم كىيگەن، چاپىنىنىڭ مەيدىسىدە خەنزۇچە «لەشكەر» دېگەن خەت بېسىلغان چېرىكلەرنى كۆردى.

— بۇ ئۆلۈمتۈكلەر، — دەپ چۈشەندۈردى مەنسۇر رېھىمشاھقا، — دەرۋازىنى كۈن چىققاندىن كېيىن ئاچىدۇ. كۆپ چاغلاردا ساۋاقتا كەچ قىلىشىم مۇشۇلارنىڭ دەرۋازىنى ۋاقتىدا ئاچمىغانلىقىدىن بولدى.

ئۇلار دەرۋازا سىرتىغا چىقتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر چوڭ ئۆستەڭ، نېرىسىدا يەنە بىر كىچىكرەك ئۆستەڭ تۇراتتى. ئۆستەڭلەردە سۇ لىقىشىپ ئېقىپ تۇراتتى.

— بۇ سۇ شەھىرىمىزنىڭ مەشرىقىدىكى لەڭزە بېشىدىن كېلىدۇ، ئەينى ۋاقىتتا يۇقىرىدىكى سايدىن ۋە لەڭزە بېشى بۇلاقلىرىدىن كېلىدىغان بۇ سۇلار بەخۋاشلىق بىلەن يېيىلىپ ئاقاتتىكەن، ئەنە شۇ سۇ يېيىلىپ ئاققان يەرنى يېڭىقسۇ دەپ ئاتىغان. ئەسلىدە «يېيىلىپ ئاققان سۇ» دەپ ئاتاشقان، كېيىنرەك قىسقىراپ يېڭىقسۇ دېيىشكەن، خەلقىمىز لەڭزە بېشىدىن ئىلى دەرياسىغىچە بۇ ئىككى ئۆستەڭنى قېزىپ، يېيىلىپ ئاققان سۇنى ئۆستەڭ قىنىغا كىرگۈزگەن، شۇنىڭ بىلەن ناغرىچىلىقلار بۇ سۇدىن پايدىلىنىپ سەۋزە، پىياز، چامغۇر تېرىغان، ئايدۆڭ مەھەللىسىدىكىلەر ھەرخىل زىرائەت تېرىغان.

— نېمىشكە ئۇيەر ئايدۆڭ دەپ ئاتىلىپ قالغان؟ — دەپ سورىدى رېھىمشاھ قىزىقىپ.

— ئۇ مەھەللىدە بىر دۆڭ بار ئىكەن. شەھەر ئىچى، قازانچى مەھەللىسىدىكىلەر ئەشۇ دۆڭگە چىقىپ ئاي كۆرىدىكەن، بولۇپمۇ رامىزان، ئايەم كۈنلىرى يېڭى ئاينىڭ چىققىنىنى كۆرۈپ ئاندىن روزا تۇتىدىكەن، ھېيت ئوينايدىكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ «ئايدۆڭ مەھەللىسى» دەپ ئاتىلىپ قالغان.

ئۇلار يىڭنىقسۇ، ئايدۆڭ مەھەللىلىرىنى ئايلىنىپ، قازانچى مەھەللىسىگە ئۆتتى، مەنسۇر بۇ مەھەللىنىمۇ تونۇشتۇرماي تۇرالمىدى:

— بۇرۇن غولجىغا كەلگەنلەر مۇشۇ مەھەللىگە ئورۇنلىشىپتۇ، ئۇلار قازان ياساپ، پۇتكۈل ئىلىنى قازان بىلەن تەمىنلەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ مەھەللىنى قازانچى دەپ ئاتاپتۇ. بۇ مەھەللە ئەڭ قەدىمي مەھەللە.

— بۇ مەھەللىنىڭ ئاخىرى نەگە بارىدۇ؟

— دەريا بويىغا. مەھەللىنىڭ ئارىسىدا ئۆزۈكلۈك بار، بۇ ئۆزۈكلۈك قازانچى مەھەللىسىدىكىلەرنىڭ ئاشلىق تېرىيدىغان ئېتىزلىرى، ئۇلار يازدا دېھقانچىلىق قىلىپ، قىشتا قازان قۇيىدىكەن، ئۆزۈكچىلىكتىن كېيىن تاشكۆۋرۈك دېگەن مەھەللە بار. بۇ مەھەللە چوڭ كوچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاشتىن ياسالغان كۆرۈك بولغاچ تاشكۆرۈك دەپ ئاتىغانىكەن. بۇ مەھەللە ئاخىرىدىكى دەريا بويىدا كېمە بار. شۇڭا بۇ يول خېلى چوڭ ئېلىنغان.

ئۇلار قايتىپ سۇ دەۋازىغا كېلىشتى. مەنسۇر:

— يۇرۇڭلار ئاغىنىلەر، بىزنىڭ ئۆيىنىمۇ كۆرۈپ قويۇڭلار، — دەپ ئۆيگە باشلىدى.

ئۇلار ئاددىي كېسەك تاملىق ئۈچ ئېغىز ئۆيى بار قوروغا كىرىشتى. مەنسۇرنىڭ ئانىسى ئۇلارنى خۇشخۇي كەيپىياتتا كۈتۈۋالدى. ئانا لەغمەن ئېتىپ ئولتۇرغانىكەن.

ئۇلار قورسىقىنى تويغۇزۇپ كوچىغا چىقىشتى، سىپىل دەرۋازىسىدىن كىرىپ، يان كوچىغا كىرىشتى. بىرچوڭ قورونىڭ

دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇيغۇر جىسەكچى تۇراتتى. مەنسۇر تونۇشتۇردى:
— بۇچۇ ئاغىنىلەر. خەلپىتىم ئېيىتقان تۇردا. تۇردىدا ئىلىنىڭ ھېكىمى مەزەمزات تۇرىدۇ، — دېدى.
ئۇلار ئۇردا مەھەللىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، بىرچوك كوچىغا چىقىپ قالدى. مەنسۇر ئۇلارنى كوچىنىڭ غەربىي تەرىپىگە باشلاپ باردى. ئۇلار يولنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن بىر ئەگمە كۆۋرۈكنى تاماشا قىلىشتى. بۇ كۆۋرۈك ساپ كۆك خىشتىن ئاركا قىلىپ ياسالغان بولۇپ، كوچىنىڭ ئۈچېتىدىن بۇ چېتىگىچە يايى شەكلىدە تۇراتتى. رىھىمشاھ ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقتى ۋە ھەيران قالغان ھالدا چاقىردى:
— ھوي ئاغىنىلەر، بۇياققا چىقىڭلار، بۇنىڭدا سۇپسۇزۇك سۇ ئېقىۋاتىدۇ.
مەنسۇردىن باشقىسى چىقىپ كۆردى. ئۇ پەستە تۇرۇپ چۈشەندۈردى.
— كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى سۇ بۇ ئاسمان كۆۋرۈك ئۈستىدىن ئۆتىدۇ. شۇڭا بۇنى توغرا كۆۋرۈك، بۇ كوچىنى توغرا كۆۋرۈك كوچىسى، دەپ ئاتايمىز.
ئۇلار ئېگىز ۋە تىك ئۆسكەن كۆك تېرەكلىك يول بىلەن مەدرىس تەرەپكە ماڭدى. مەدرىس كوچىسىغا ئايلىنىشىغا ئۇنىڭ تەرەپتىكى بۇتخانىدىن جاڭ — جۇڭ قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇتخانا دەرۋازىسىدىن قەغەز ئادەملەر، قەغەز بايراقچىلار كۆتۈرگەن، بېشىدىن ئايىغىچە ئاپئاق كىيىنگەن ئادەملەر چىقىپ كەلدى. ئۇلار تۆتتىن تىزىلىپ، دۇگلەك، ئوتتۇرىسى تۆشۈك رەڭدار قەغەزلەرنى چېچىپ ماڭدى. مۇنداق كۆرۈنۈشنى ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان رىھىمشاھ ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. رىھىمشاھ قاتتىق تەككەن قامچىدىن ئۆزىگە كەلدى، ئۇ ئالدىدا تۇرغان ئاتلىق يايىنى كۆردى. مەنسۇر ھەدەپ چاقىراتتى:
— رىھىمشاھ، تېز بۇياققا قاچ!



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى ئادرېسى

ئىككىنچى قامچا رىھىمشاھنىڭ كەڭ پېشانىسىنى يېرىۋەتتى. رىھىمشاھ مەنسۇرنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىۋالدى. سەپ ئاستا، بىرخىل قەدەمدە ئۆتۈشكە باشلىدى. بىرسەپ ئۆتۈپ بولۇشىغا يەنە بىر غوجىمەك سەپ ئۆتتى. بۇ سەپتىكىلەر ساپ ئۇيغۇر تىلىدا مەرسىيە باشلىدى:

ئامبىلىم، ھاي ئامبىلىم،
كۆپ بوپ كەتتى ئالۋىنىڭ.
ئالۋىنىڭنىڭ دەستىدىن،
كۆتۈمدە قالمىدى تامبىلىم.

رىھىمشاھ بۇنى ئاڭلاپ قامچا — تەككەن پېشانىسىنىڭ ئېچىشىپ ئاغرىغىنىنى ئۇنتۇدى. ئۇنىڭ دوستلىرى، تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغان كىشلەر ئۇنىسىز مېيىقىدا كۇلۇشتى. مەرسىيىنىڭ قايتارمىسىمۇ كۈلكە قوزغىدى:

قاچان ئۆلۈپ تۈگەرسەن ئامبىلىم،
مىڭلاپ ئۆلگەيسەن ئامبىلىم.

بۇ مەرسىيىچىلەر ھېكىم ئوردىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ئابدۇرۇسۇلبەگ ئەۋەتكەن ئۇيغۇرلار ئىدى. ئۇلار مانجۇ، سولۇن چېرىك ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى بىلمەسلىكىدىن پايدىلىنىپ، مۇشۇ مەسخىرىلىك مەرسىيىنى توقۇپ ئېيتىپ ئۆتكەنىدى. بۇ ھېكىم ئوردىسى سېپىدىن كېيىن، ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ سېپى، ئۇلاردىن كېيىن تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلار سېپى، ئاخىرىدا ئۆلۈك ساندۇقى كۆتۈرگەن سەپ ئۆتتى.

رىھىمشاھلار نامازدىگەر ۋاقتىغىچە دەڭ دەرۋازا، دولان دەرۋازا، ھەرەمباغلارنى كۆرۈپ، كورە دەرۋازىغا كەلدى. رىھىمشاھ ۋە ئۇنىڭ

ئاغىنىلىرى ئۈچۈن بۇ كۈنكى زىيارەت ئەمەلىي ساۋاق بولدى، ئۇلار غولجا شەھىرى بىلەن قىنىق تونۇشتى.

ئۇلار مەمنۇن بولغان ھالدا كۆرە دەرۋازىغا كېلىشكەن يايىق جەسەتنى كۆمۈپ قايتقانلار دەرۋازىدىن كىـــرىپ كەلدى. بۇتخانا كوچىسىدا رىھىمشاھنى قامچىلىغان يايى يەنە كىشىلەرنى قامچىلاپ يول ئېچىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قامچىسى ئەمدى ھاجىقۇلىغا تەگدى، ئۇ مۇكچىيىپ قالدى. رىھىمشاھ ئۇنى يۆلەشكە يۈگرىدى. شۇ ھامان دەرۋازىدىن كىرىۋاتقان بىر ھەربىي ئەمەلدار ئېتىنى يورغىلىتىپ ھاجىقۇلى تەرەپكە كەلدى. رىھىمشاھ ئۇنىڭ ھاجىقۇلىنى ئېتىغا باستۇرىۋېتىشىدىن ئەنسىرىدى. ئادەم ۋەھشىيلىك بىلەن ئادەمنى ئات تۇيىقى ئاستىغا ئالىمەن، دەيدۇ، ئەمما ئات ئادەمنى دەسسىمەيدۇ، ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ ئېتىمۇ ھاجىقۇلىنى دەسسىگىسى كەلمەي، ئىككى ئالدى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈردى، دوستىنىڭ ئات تۇيىقى ئاستىدا قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن رىھىمشاھ شىردەك ئېتىلىپ بىرىپ، ئالدى تەرىپىدىن ئاتنىڭ ئاستىغا كىردى، ئۇ ئاتنى قورسىقىدىن مۆرىدەپ دىككىدە كۆتۈرۈپ تاشلىۋەتتى، ھەربىي ئەمەلدار ئات ئۈستىدىن بەش قەدەم نېرىغا ئۇچۇپ چۈشتى، بۇ تاسادىپىي مۆجىزىدىن چىرىكلەر تىڭىر قاپ قالدى. ھەممىدىن ئاۋۋال ئېسىنى يىققان يايى چىرىكلەرگە بىر نېمىلەر دەپ ۋارقىرىدى، يەتتە — سەككىز چىرىك ھاجىقۇلىنى يۆلەۋاتقان رىھىمشاھقا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. رىھىمشاھ چىرىكلەرنىڭ ئۆزىگە زەرب بىلەن تاشلىنىدىغىنىدىن خەۋىرى يوق ئىدى، چىرىكلەر بىلەن ئېلىشىش تەييارلىقىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا، چىرىكلەر ئۇنى تېزلا باغلىـــۋالدى. ئاندىن ئالدىغا سېلىـــپ، دۈشكەللەپ ھايدىدى. مىسىرشاھ بىر دوستىنىڭ يەردە ياتقىنىنى، بىر دوستىنىڭ تۇتقۇن قىلىنغىنىنى كۆرۈپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇ بىردە ھەيدىلىپ كېتىۋاتقان دوستىغا قارىسا، بىردە ھاجىقۇلىغا قارايتتى. مەنسۇر ئېسىنى يىغىپ ئېيتتى:

— سەن ھاجىقۇلىنى يۆلەپ ئاپار، مەن موللا خەلپەتكە خەۋەر

قىلاي.
مىسىرشاھ ھاجىقۇلىنىڭ بېشىنى تىزىغا قويدى، ئۇنىڭ كۆزى ئاتتىن ئۇچۇپ چۈشكەن ئەمەلدارغا چۈشتى، ئۇ ھوشسىز ياتاتتى. چېرىكلەر ئۇنى كۆتۈرۈپ جوغا سالدى، مىسىرشاھنىڭ كۆڭلىگە مەرسىيىچىلەرنىڭ بايىقى قوشىقى كەلدى: «قاچان ئۆلۈپ تۈگەرسەن ئامبىلىم، مىڭلاپ ئۆلگەيسەن ئامبىلىم»، ئۇ «ھىم — ھە، بۇ ئامبالمۇ مەرسىيىچىلەرنىڭ قارشىلىقىغا كەتتى» دەپ ھېيىقىسىدا كۈلدى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ كۆزى قوللىرى باغلانغان، يۈز — كۆزىدە قامچا ئىزى قالغان ئۈچ نەپەر مەرسىيىچىنىڭ قىلىچ ئاستىدا ھەيدىلىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئەمدى قاپىقى تۈرۈلدى. «ھىم — ھە، ئۇيغۇر تىلى بىلىدىغان بىرەرسى چېقىپتۇ — دە» دېگەن ئەلەملىك ئوي ئۇنى غەمگە سالدى.

5

«ئون ئۈچ ياشلىق بالا چوڭ بىگىمنى ئات — مېتى بىلەن كۆتۈرۈپ تاشلاپتۇ» دېگەن خەۋەر قۇلاقتىن قۇلاققا ئۆتۈپ، شەھەرگە پۇر كەتتى. مەنسۇردىن بۇخەۋەرنى ئاڭلىغان موللا بىلال:
— ھەيتىگىنەي، ھاسانشاھنىڭ جىگىگىنىنى ئىبىلىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنىنى، — دەپ لىۋىنى چىشلىدى.
ئۇ بىرلەھزە ئويلاندى، ئاخىرىدا مەنسۇرگە دېدى:
— مەن بىلەن يۈر، ئاۋىلەن ھاجىقۇلىنى تېۋىپقا ئاپىرايلى.
تېۋىپ ھاجىقۇلىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ:
— موللام، شاگىرتلىرىنىڭ يەتتە ئەزاسى ساقكەن، زەخمەت يېمەپتۇلەر، قامچا تەگكەن يېرىگە بۇمەلھەم دورىنى سۈرتۈپ قويىاي. ياتار چاغدا يەنە بىرقېتىم سۈركەپ قويسا سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ، — دېدى.
موللا بىلال ئەتىسى بامدات نامىزىغا كەلگەن ئابدۇرۇسۇل

شاغىبەگنى چەتكە تارتتى.

— خوش موللا ھاپىز،①. نەخىزمەتدۇركىن؟ — دېدى ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگ ئاۋىلەن سورىدى.

— شاگىرتىمىز رىھىمشاھ تونۇگون ئەدەپسىزلىك قىلىپ...

— ئاڭلىغانمەن، زىيادە كۈچتۈڭگۈر بالىكەن، ئۇنى كۈرۈ يامۇلغا قاماشقا ئېلىپ ماڭغانىكەن، يايىغا ئېتىپ، ئۈستەك ھاشاسىغا ھاپداتتىم، ھازىر ئۇ ئىشلەۋاتىدۇ.

— ھۆرمەتلىك ۋە ساخاۋەتلىك بېگىمىنىڭ مەرھەمىتى بىلەن شاگىرتىم يامۇلدا يېتىشتىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. يەنىلا ئاتىدارچىلىق قىلىپ ھاشادىن قۇتقازغان بولسىلا.

— ھازىر پۇرسىتى ئەمەس، — دېدى بەگ خۇرسىنىپ قويۇپ، — ساندىخوزدىكى خۇيزۇلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىدىن، ئىككى قوزغىلاڭچى باشلىقىنىڭ جادۇدا توغرالغانلىقىدىن خەۋەرلىرى بولسا كېرەك، جياڭجۇن يەنە بەشيۈزدەك خۇيزۇنى يامۇلغا سولىدى. ئۇلارنى ھەركۈنى بىر — ئىككىلەپ قەتلى قىلىۋاتىدۇ. مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مۇشۇنداق جەھلى چىقىپ، قىلىچىدىن قان تېمىۋاتقاندا، شاگىرتلىرى بىر ئەمەلدارنى جاراھەتلەندۇرۇپتۇ، بىر مەزگىل تەخىر قىلماق كېرەك.

موللا بىلال بۇ ئەھۋاللارنى بىلەتتى. بۇ مانجۇ ئەمەلدارلىرى ھەددىدىن ئېشىپ، ۋاڭ خېلۇ ئالۋىڭى، ھەرخىل ھاشار، سېلىقلارنى ئۈستى — ئۈستىلەپ سېلىپ، خەلققە قاتمۇ — قات زۇلۇم سېلىۋاتقان، قارشىلىق قىلغانلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇرۇۋاتقان چاغ ئىدى. ئۇ ئارتۇق گەپ قىلىش ئورۇنسىزلىقىنى ھېس قىلىپ، رىھىمشاھنىڭ تەقدىرىنى ئابدۇرسۇلبەگكە تاپشۇردى.

ئارىدىن ئۈچ جۈمە ئۆتتى. موللا بىلال خاتىرجەم بولالمىدى، ئۇ تۆتىنچى جۈمە كۈنى مىسىرشاھ، ھاجىقۇلىنى ئەگەشتۈرۈپ

---

① ھاپىز — شائىر دېگەن مەنىدە.

رىھىمشاھنى يوقلاپ باردى، ھاشارچىلار لاي — لاتقا تىنىپ كەتكەن ئۆستەڭنى چىپىۋاتاتتى، ھەربىر كەتمەن، گۈرجەك لاتقىغا ئاسانلا پاتاتتى. ئۇنى يۇلۇپ ئالغۇچە ھاشارچىنىڭ بوينى كۆپۈپ كېتەتتى، لاي — لاتقا ئېغىز ئىدى. ئۇلار رىھىمشاھ ئىشلەۋاتقان يەرگە بېرىپ ئولتۇرۇشتى، رىھىمشاھ لاتقىنى پەنچىسى يوغان گۈرجەككە لىققىدە ئېلىپ، كۆچمەيلا بەش گەز ئىگىزلىكتىكى قىرغا تاشلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇستۈپشى، كىيىملىرى باشقا ھاشارچىلارغا ئوخشاشلا قارا لايغا مىلەنگەن، تېزىغىچە لايغا پاتقانىدى. ھاجىقۇلىنىڭ دوستى ۋە ھاشارچىلارنىڭ بۇ ئېغىر ئەمگىكىنى كۆرۈپ ئويلىنىپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ نېپىز لەۋلىرىدىن مۇنۇ مىسرالار چىقىلدى:

يۇرت بولسا، ھاشار بولمىسا،
تىنچ بولسا، مالىمان بولمىسا.

مولla بىلال ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراپ قالدى. دوستىنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلىغان رىھىمشاھ ئىشىنى توختاتتى. ئۇ يۇقىرىغا قاراپ، ئۇستازى ۋە دوستلىرىنى كۆردى. ئۇ سۆيۈنگەن ھالدا گۈرجەك سېپىنى تىرەك قىلىپ قىرغا چىقتى، دوستلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، رىھىمشاھ مولla بىلالغا ھۆرمەت بىلەن سالام بەردى. مولla بىلال:

— نىچۇك ھالىڭ، تامىقىڭ قانداق؟ — دەپ سورىدى.

— ھازىر يامان ئەمەس، كۆنىگەچە توقسەن كۆب[1] لاتقا چىقارغىنىمدىن كېيىن، ئۈچ كىشىلىك تاماق بېرىدىغان بولدى، — دېدى رىھىمشاھ كۈلۈپ.

ئۇلار بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى، پاراڭلاشتى. مولla بىلال

① كۆب — كۆبا مېتىر.

ئوردىنىڭ شاغىبىگى ئابدۇرۇسۇلنىڭ رېھىمشاھنى ئۈزۈ پاناھىغا ئالغىنىنى، يامان كۈنىنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىنى ئىزھار قىلدى ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىدا:

— پات ئارىدا ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگ سىنى ھاشىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ، — دېدى.

— ئۆستەڭ لاتقىسىمۇ ئاز قالدى، — دەپ قويدى رېھىمشاھ.

چۈشلۈك تاماققا داڭ ئۇرۇلدى. رېھىمشاھ ئۇستازى ۋە دوستلىرىنى قارىياغاچ سايىسىغا باشلاپ قويۇپ، ئۆزى ئاشخانىغا كەتتى، مىسىرشاھ بىلەن ھاجىقۇلى ئاتلارنىڭ غاجۇغىسىدىكى خورجۇننى ئېلىپ، ئاتلارنى ئوتقا قويدى، ئۇلار خورجۇننى كۆتۈرۈپ كېلىشىگە رېھىمشاھ بىر ھېجىر بىر جاۋۇردا خالىۋاش ئېلىپ كەلدى. موللا بىلال ئۆزىگە سۇنۇلغان بىر ھېجىر ئاشنى ھاجىقۇلى قىرىپ بەرگەن قارىياغاچ تېلى بىلەن ئىلەشتۇرۇپ كۆردى ۋە:

— ھەي، تامىقىڭلار بەكمۇ قۇۋۋەتسىز ئىكەن، — دېدى — دە، خورجۇندىن بىرسان تونۇر كاۋىپىنى ئېلىپ رېھىمشاھقا سۇندى، — قېنى، بۇنى يەۋالغىن، گۆشسىز تاماق، سوغۇق سۇ بىلەن نان يەپ ياداپ كېتىپسەن.

— رەھمەت ئۇستاز، — دەپ رېھىمشاھ گۆشنى پارچىلاپ، موللا بىلال ئېلىپ كەلگەن ئاق نان ئۇستىگە قويدى.

موللا بىلال رېھىمشاھنى گۆش يېيىشكە زورلاپ، ئۆزى گۆشكە ئېغىز تېگىپلا قويدى. رېھىمشاھ كاۋاپنى مەززە قىلىپ چايناۋېتىپ:

— نېمىدىگەن مەززىلىك، گۆش سېغىنىپ قالغىنىمنى بىلىپلا ئەكەپتىلا، — دېدى.

— يەنە قانچە ۋاقىت ئىشلىتىدىكەن؟ — دەپ سورىدى مىسىرشاھ.

— بىلمىدىم. ھەرھالدا بۇ ئىشمۇ ماڭا ئەمەك بولدى. مەدرىستە ئولتۇرۇۋېرىپ، پەيلىرىم كۆيۈشۈپ قاپتىكەن، ھازىر خېلىلا يېنىكلەپ قالدىم.

— ئەممازە، — دېدى ھاجىقۇلى، — مەدرىس ۋە تالىپلارنىڭ ئوتۇن ياردىغان ئىشى مىسىرشاھ ئىككىمىزگە قالدى.
— سەنمۇ ئاز — تولا ئىشلەپ قوي.

6

موللا بىلال شوكونى كەچتە ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگنىڭ ئۆيگە بېرىپ، رېھىمشاھنىڭ ئىشىنى سۆزلەشتى، ئۇنى ھاشاردىن بالدۇراق قايتۇرۇۋېتىشنى ئۆتۈندى. گەپ ئارا رېھىمشاھنىڭ كونىگە توقسان كوب لاتقا تاشلىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگ ئىشەنمىدى:
— يوق گەپنى قىلمىسىلا موللا ھاپىز، ئون ئۈچ ياشلىق بالىمۇ كونىگە توقسان كوب لاتقا تاشلىيالامدۇ؟
— راست سۆزۈم، ئىشەنمىسىلە كۆرۈپ كەلسىلە.
— ھەي تاڭەي.
— بېگىم، بىر ئەمەلدارنى ئېتى بىلەن كۆتۈرۈپ تاشلىغان بالا بۇنچىلىك لاتقىنى تاشلىيالماسمۇ؟!
— ھە، ھە، نېمە دېدىلا، ئۆتكەن قېتىم رېھىمشاھنى دالۇيى[1] نىڭ ئېتىنى قانداقمۇ كۆتۈرەلىسۇن، ئات ئۈركۈپ ئەمەلدارنى تاشلىۋېتىپتۇ، دېگەنتىلىغۇ. بۇ گەپلىرىگە ئىشىنىپ، جياڭجۇننىمۇ بۇنىڭغا ئىشەندۇرگەنىدىم. ئەمدىزە...
— رېھىمشاھقا ئېغىر جازا كەلمىسۇن، دەپ ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم يالغان ئېيتقانىدىم.
— ۋاھ — ھا — ھا! موللا ھاپىزمۇ يالغانچىكەن — دە، مەن يالغان سۆزلىرىگە ئىشىنىپ جياڭجۇنگە «دالۇينىڭ ئېتى بالىلاردىن ئۈركۈپ كېتىپ چاپچىغاندا، دالۇيى ئاتتىن يېقىلىپتۇ، بالىنىڭ بۇ

---

[1] دالۇيى — خەنزۇچىدىكى دالاۋيە (چوڭ غوجام) دېگەن سۆزنىڭ بوزۇپ ئېيتىلىشى.

گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلغايلا، دەپ ئىلتىجا قىلغانىدىم. ئۇمۇ ئىشىنىپ بۇ ۋەقەنى بولدى قىلغانىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ راست ئىش ئىكەن — دە، ھەي — ھەي موللا ھاپىز، بىر بالىنىڭ ئات ئاستىغا كىرىپ، ئات — پات بىلەن كۆتۈرۈپ تاشلىغىنىغا ھېچكىمدىن ئىشەنمەيدۇ. 90 كۇب توپا چىقاردى، دېگەنلىرىگە تېخىمۇ ئىشەنمەيدۇ.

— بۇ دەر ھەقىقەت راستۇر بېگىم، — دېدى موللا بىلال رېھىمشاھنىڭ ئېغىر جازادىن قۇتۇلغىنىغا شۇكرى قىلغان ھالدا، — ئۇ بالا كىچىكىدىن موزاي — توپاقلارنى كۆتۈرۈپ كەلگەن خىسلەتلىك كۇچتۇڭگۇر ئىكەن. ئەگەر يەنە ئىشەنمىسىلە ئۆستەڭگە بېرىپ كۆرۈپ باققايلا.

ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدى. ئۇ بۇرۇتىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، بىرنەرسە ئېسىگە كەلگەندەك، بىردىن چاقىرىپ قالدى:

— ھاي، ئەلا پالۋان!

— خوش بېگىم، — دەپ ئۆيگە بىرقىران يىگىت كىردى ۋە قول قوشتۇرۇپ تۇردى.

— ھاشاچىلاردىن ھال سورايدىغان يېمەكلىك، ماللار ھازىر بولدىمۇ؟

— تەق قىلىپ قويۇلغان بەگ ئاتا.

— ئەمسە ئوبدان. ئەتە ھال سورىغىلى چىقىمىز.

موللا بىلال خوشال ھالدا ئۆيگە قايتتى.

7

ھاشارچىلار قارا تەرگە چۆمۈپ ئىشلەۋاتاتتى. ئۇلارنى مۇنداق قاتتىق ئىشلەشكە مەجبۇرلىغىنى بوتۇڭنىڭ مۇنۇ پەرمانى ئىدى:

— بۈگۈن ھېكىم ئوردىسىنىڭ شاغىبېگى جانابىلى

ئابدۇرۇسۇلبەگ سىلەردىن ھال سورىغىلى چىقىدۇ، كىمكى ھورۇنلۇق قىلسا، شاغىبەگنىڭ ئىنىئامىدىن قۇرۇق قالىدۇ ۋە چۈشتىن كېيىن شاغىبەگ ئاتا قىلغان ئارام ئېلىش، ئويۇن — تاماشىدىن مەھرۇم قىلىپ، قاراڭغۇ چۈشكىچە ئىشلەيدۇ.

ھاشارچىلا مۇنداق قۇرۇق ۋەدىنى تولا ئاڭلاپ قۇلىقى پىشىپ كەتكەنىدى، ئۇلار سويۇلۇۋاتقان ئۆكۈزلەر، ئېسىلغان داشقازانلارنى كۆرۈپ ئىشەندى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرۇسۇلبەگنىڭ ئىنىئامىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قىزغىن ئىشلەشتى. رېھىمشاھ بۇ قىزغىنلىقنىڭ ئالدى، پېشانىسىدىن تەر چىقمىغان رېھىمشاھنىڭ بۈگۈن چىقتى، تەر چىققانسېرى ئۇ قىزىپ ئىشلىدى.

ئابدۇرۇسۇلبەگ ئادەملىرىنى باشلاپ ھاشارچىلارغا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا مۇنداق مۇڭلۇق ناخشا ئىشتىلدى:

ئۆستەڭنىڭ تېگى قاتتىق،
چاپسا كەتمەن ئۆتمەيدۇ.
مانجۇ تۆگچىسى، بەگلەر،
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ.

بۇ ناخشا ئابدۇرۇسۇلبەگنىڭ قەلب تارىنى چەكتى، ئۇ نەچچە قېتىملاپ مانجۇنىڭ ئەمەلدارى بولمايمەن، دەپ پېشىنى قاققانىدى، مەزەمزات ھېكىم، ناسىر ئەلەملەر ئۇنىمىغانىدى، بولۇپمۇ مەزەمزاتقا بۇ ئىقتىدارلىق ياردەمچىسىدىن ئايرىلسا، تەختىدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك بىلىندى. ئابدۇرۇسۇلبەگ ئۆز خەلقىنىڭ ئازاب — ئوقۇبىتىنى چۈشەنگەچكە بۈگۈن ئالاھىدە ھال سورىماقنى مەقسەت قىلغان، ھېكىم چورۇق ئاقئۆستەڭنى قازدۇرغاندىن بېرى ھەر يىلى ئۆستەڭ لاتقىسىنى تازىلاش ھاشارىسى چۈشەتتى، بۇ ئەلبەتتە، دېھقانلار ئۈچۈن ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ھەرخىل ھاشارلار دېھقانلارنىڭ بېلىنى پۈكۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ چۈشكە يېقىن ئۆستەڭگە يېتىپ

كەلدى. ئاتتىن چۈشۈپ، ئىش ئورنىنى ئارىلىدى، ھاشارچىلاردىن ھال سورىدى. موللا بىلال ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن، ئۇ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن رىھىمشاھنىڭ كۈچتۈڭگۈرلىكىنى ئىسپاتلاپ، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن، كونا شاگىرتىنى ئۆز ئورنىدا ساۋاق بىرىشكە قويۇپ چىققان، مىسىرشاھ بىلەن ھاجىقۇلىنىڭ ئىلتىجاسىنى يەردە قويالماي، ئۇلارنىمۇ بىللە ئېلىپ چىققانىدى.

شائىر موللا بىلال ئۆستەڭ چىپىۋاتقانلارنىڭ ئېغىر ئەمگىكىنى كۆردى — دە، ئاغزىدىن ئىختىيارسىز مۇنداق ئۇنچىلەر تۆكۈلدى:

ئاتىسى چاپسا ئۆستەڭنى،
بالىسى نان توشار ئاندا،
پەلەك غەمنەك توخۇملىرىن،
تارانچى باشىگە ساچتى.

قىلالماي ئوقىتىن ئەرلەر،
كىچە — كۈندۈز چاپار ئۆستەڭ.
خاتونلار ئەرلەرىن كۆرمەي،
بىر — بىرلە مۇڭداشتى.

— ھاپىزنىڭ ئىلھام جاۋاھىراتى قوزغاپ قاپتىلەر — دە، ئىبي موللا ھاپىز، لېكىنىزە، ئۆستەڭ چاپقۇچىلار دەد — مۇڭىنى ئەينەن ئىزھار ئەيلەدىلەر، — دىدى ئابدۇرۇسۇلبەگ.

ئابدۇرۇسۇلبەگ يىگىرمە قەدەم ئارىلىقتا يالغۇز لاتقا تاشلاۋاتقان، گۈرجەكنى چوڭ بالىغا ھەيران بولۇپ، قاراپ تۇرۇپ قالدى. موللا بىلال بالىنى تونۇشتۇردى:

— رىھىمشاھ دىگەن بالا مانا شۇلدۇر.

ئابدۇرۇسۇلبەگ رىھىمشاھنىڭ لاتقا تاشلىشىغا ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. رىھىمشاھ ئاتقان بىر گۈرجەك لاتقا باشقىلار ئاتقان

تۆت گورجەك لاتقىغا تەك كېلەتتى، ئۆستەڭنىڭ ئىككى قىرىدا لاتقا تاغدەك دۆگىلىنىپ تۇراتتى. ئابدۇرۇسۇلبەگ سورىماي تۇرالمىدى:
— هوي بالىمۇي، نىمانچە كۆچىنىپ ئىشلەيسەن؟
— ئالقىنىم قىچىشىپ قالغان دىسىلە.
— بولدى، بۇ ياققا چىق، — دېدى شاغىبەگ ۋە بوتۇڭغا ئەمىر قىلدى، — بۇ بالىنىڭ كولىغان يېرىنى سارجانلاڭ.
بوتۇك ئۆلچەمچىنى چاقىردى. رېھىمشاھ قاشقا چىقىپ بەگكە سالام قىلدى. موللا بىلال، مىسىر شاھ، هاجىقۇلى بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. ئۆلچەمچى ئۆلچەپ بولدى.
— بىر يۈز ئون ئىككى كۇب!
— ياپىركاملا، بۇ نەدىن كەلگەن كۈچ؟! — دەپ ئابدۇرۇسۇلبەگ ياقىسىنى تۇتتى.
— بۇ ئۇستازىمنىڭ بىرسان تونۇر كاۋىپىدىن كەلگەن كۈچ، — دەپ رېھىمشاھ موللا بىلالغا مېھىر بىلەن قاراپ قويدى.
— سەن، — دېدى بەگ چوڭقۇر ھېسسىيات ئىچىدە، — تۇغما كۈچتۇڭگۇر ئىكەنسەن، كۆز تەگمىسۇن.
— راست دەيلا، بۇ بالا خەتنە تويىدىن كېيىنلا قوي، موزايلارنى كۆتۈرۈپ ئوينىغانىكەن.
— شۇنداقمۇ، مانا تۇغما كۈچ دېگەن. رېھىمشاھ، سەن چېلىشىپمۇ باققانمۇ؟
— ئايىغى يەردەسسىگەندىن تارتىپ چېلىشقان، ئۇنىڭغا بىرتەك كېلەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن موزاي، توشقانلار بىلەن چېلىشقان، — دەپ گەپكە ئارىلاشتى هاجىقۇلى.
— ئەمسە مۇنۇ ئەلا پالۋان بىلەن چېلىشىپ باقامسەن؟ ئۇنىڭغا چېلىشتا ھېچكىم تەك كەلمىگەچ «پالۋان» نامىنى ئالغان.
هاشارچىلار تاماشاگلارنى بىر كۆرگەي.
— يېقىلسام يەر كۆتۈرۈر، — دېدى رېھىمشاھ ئەلا پالۋاننىڭ كېلىشكەن بەستىگە قاراپ قويۇپ.

www.uyghurkitap.com

— بولىدۇ ئەمىسە، هاي بوتۇك، شۇ ۋاقىتتىن كەچكىچە هاشارچىلارغا ئارام بېرىلسۇن، ئۇلار ئوبدان غىزالانسۇن، ئۇلار ئېلىپ چىققان يېڭى كىيىملەرنى كىيىشسۇن. چۈشتىن كېيىن چېلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزىمىز.

ئابدۇرۇسۇلبەگ شۇنداق ئەمىر بېرىپ، ھەمراھ پالۋانغا مۇراجىئەت قىلدى:

— سىز چېلىشىشنى ئويۇشتۇرغايسىز.

— باش ئۈستىگە.

شاغىبەگنى ئوراپ تۇرغان هاشارچىلار هاشارغا تۇتۇلغاندىن بېرى تۇنجى قېتىم كۈلۈشتى. خۇشاللىق تەنتەنىسى قىلىشتى، ياشلىرى بىر — بىرى بىلەن پومىداقلاشتى.

## 8

ئۆستەڭنىڭ ئاستىدا كەڭ چىملىق بار ئىدى، بۇ يەردە كالا پادىسى بېقىلاتتى. يۇيۇنۇپ، يېڭى كىيىملەر كىيگەن، قورداقلا تويغان هاشارچىلار مانا شۇ چىملىقتا دۈگىلەك دائىر هاسىل قىلىپ ئولتۇرۇشتى.

قۇياش نۇرى ئۇلارنىڭ چىرايىنى نۇرلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئابدۇرۇسۇلبەگ باشلىق هال سوراپ چىققانلار، بوتۇكلار كىگىز — گىلەم ئۈستىدە ئولتۇرۇشتى. ئاتاقلىق پالۋان ھەمرا پالۋان چېلىشىش قائىدىلىرىنى چۈشەندۈردى، ئاندىن چاقىرىق قىلدى:

— هازىر ئىختىيارىي چېلىشىش باشلىنىدۇ، خالىغان پالۋان ئوتتۇرىغا چۈشسۇن!

ھە، دېگەندە ھېچكىم چۈشمىدى، ھەمرا پالۋان قايتا — قايتا دەۋەت قىلىۋەرگەندىن كېيىن ئوتتۇرا ياشلىق ئىككى ئادەم ئوتتۇرىغا چۈشتى، ئۇلار ئابدۇرۇسۇلبەگلەر ئولتۇرغان تەرەپكە بىر سالام بەردى. ئاندىن هاشارچىلارغا ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام

بەردى. مەيدان تىمتاسلىققا چۆمدى. پالۋانلار مەيداننى بىر ئايلىنىپ چىقتى، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ، بىر — بىرى بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى. ھەمراھ پالۋان:

— باشلاڭلار! — دېگەن ھامان ئالدىرىماي بەل ئېلىشتى. ئۇلارنىڭ سۈس ھەرىكىتىگە قاراپ، تاماشىچىلار «بۇلار چېلىشچى ئەمەس، ئىزلەڭگۈلەر ئىكەن» دېيىشتى.

ئېزلەڭگۈ پالۋانلار ئەمدى ئېغاڭلىشىشقا باشلىدى. بىر — بىرىنى كۆتۈرۈشتى، يىقىلىشمىدى، بىر ئاش ۋاقىت پىشىم مۇشۇنداق زېرىكەرلىك ئۆتتى. ھەمراھ پەلۋان ئۇلارنى چېلىشىش قائىدىسىنى بىلىدىكەن، دېگەن ئويدا بىرنېمە دېمىدى. ئۇلار يەنە كۈچ سىناشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سەل ئېگىزرەكى رەقىبىنى لىككىدە كۆتۈردى — دە، يامپاشقا ئالدى، رەقىبى شۇ ھامان پەنتە ئىشلىتىپ، سول يانغا يېتىۋالدى. ئۇلار يەنە ئىغاڭلاشتى. بىر چاغدا، ھەرئىككىسى تەڭ كۈچىدى — دە، تەڭلا يانچە يىقىلدى.

ئۇلار كۈلكە — چاقچاق ئاستىدا مەيداندىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئوتتۇز ياشلار ئەتراپىدا ئىككى كىشى مەيدانغا چۈشتى. ئۇلار ھە دېگەندىلا قاتتىق ئېلىشتى، ياشانغانلارغا خاس جاسارەت كۆرسەتتى، ئاخىرىدا مىغمم كۈچى بار يىگىت رەقىبىنى يامپاشقا ئېلىپ يانچە ئۇردى. تاماشىچىلار خوشاللىق ساداسى ياڭراتتى. ئۇلاردىن كېيىن رېھىمشاھ مەيدانغا كىردى. 15 — 16 ياشلىق باللار ئۇنىڭ بىلەن چېلىشتى، بىراق رېھىمشاھ ئۇلارنى قوي كۆتۈرگەندەك، ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاستاغىنا يەرگە باستى. ئۇنىڭ بۇ كۈچتۈڭگۈرلىكى مەيداننى ئاجايىپ قىزىتىۋەتتى، قىقاس — چوقان، كۈلكە ئاۋازلىرى ئۇزۇلمىدى. رېھىمشاھقا ھېچكىم تەڭ كېلەلمىدى، كۆپ قىسمى ئۇنىڭدىن ھېيقتى. ھەمرا پالۋان جاكارلىدى:

— ھازىر ئاتاقلىق پالۋانىمىز ئوبۇل ئەلا بىلەن كىچىك پالۋانىمىز رېھىمشاھ چېلىشىش كۆرسىتىدۇ، باياتىن يېڭىپ چىققانلار كېتىپ قالماڭلار، سىلەر تارتۇقلىنىسىلەر.

— ئەلا پالۋان مەيدانغا كىردى. رېھىمشاھ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. قارىماققا ھەر ئىككىسى تەڭدەك كۆرۈنەتتى، بويىمۇ — بەستىمۇ ئوخشاش ئىدى. ئۇلار بېشىغا قايرىلمىسىغا قارا مەخمەل ئارتىلغان ئاق كىگىز مالخاي، ئۇچىسىغا ئاق سۈپتىن كۆينەك — ئىشتان، پۇتىغا شىۋەك كىيىشكەنىدى. ئۇلار خۇددى ئاكا — ئۇكىلاردەك قول تۇتۇشقان ھالدا تاماشىبىنلارغا بوش قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، سالام ئىشارىسى قىلدى. مەيداننى بىر ئايلىنىپ چىقىپ، ئوتتۇرىدا توختىدى. ھەمراھ پالۋان «باشلاڭلار» دېگەندىن كېيىن، بىر — بىرىنىڭ پوتىسىغا ئېسىلدى. ئۇلار قوللىرىنى بىر — بىرىنىڭ قولتۇقى ئىچىگە كىرگۈزۈشكە ئۇرۇندى، ئەمما تۇتقۇزۇشمىدى، ئەلا پالۋان چاققانلىق بىلەن ئوڭ قولىنى رېھىمشاھنىڭ سول قولتۇقىدىن كىرگۈزدى ۋە پوتىسىدىن چىرماپ تۇتتى، رېھىمشاھنىڭ سول قولىنى كىرگۈزۈشكە يول قويدى. شۇنىڭ بىلەن بەللەشتى، بەللىرىنى قۇرۇشتى، ئەلا پالۋان شۇنچە كۈچەپمۇ رېھىمشاھنىڭ بېلىنى قورالمىدى. ئەكسى ھالدا ئۆزىنىڭ بېلىنىڭ غايەت زور كۈچ تەرىپىدىن قورۇلغىنىنى سەزدى. سەزدىيۇ، ئوڭغا تولغىنىپ، رېھىمشاھنى ياماپشقا ئالدى ۋە چاقماق تېزلىكىدە يەرگە ئۇردى. ھەي ئىسىت، ئۇنىڭ كۈچى زايە كەتتى، رېھىمشاھ كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا ئۆزىنى ئوڭشاپ ئورنىدا تىك تۇرۇۋالدى. ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدى، دېگەندەك، رېھىمشاھ ئەلا پالۋاننى دەس كۆتۈرۈپ مۈرىسىگە ئالدى، بىراق ئەلا پالۋان رېھىمشاھنىڭ پوتىسىدىن قاماپ تۇتۇۋالغاچقا ئاجرىمىدى. مەيدان گۇرۇلدىدى، گۇۋۇلدىدى، گۈركىرىدى. قىقاس — چوقان بىرھازا توختىمىدى، رېھىمشاھ ئەلا پالۋاننى يەرگە ئۇردى. ئەلا پالۋان يېقىلمىدى، بەلكى يانتۇ ھالدا تۇرۇپ قالدى.

ھەمراھ پالۋان ئابدۇرۇسۇلبەگنىڭ ئىشارىتى بىلەن چېلىشىشنى توختاتتى، ئەلا پالۋان رېھىمشاھنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ دېدى:

— يارايسەن، مەن ئەمەس، سەن پالۋان ئىكەنسەن!

ھەمراھ پالۋان ئىككى قولنى پۇلاڭلىتىپ، تاماشىچىلارنى تىنىچلاندۇردى. ئۇ:

— بايا تىتىن يېڭىپ چىققان پالۋانلار بۇ يەرگە كېلىڭلار، ھازىر ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگ تارتۇقلايدۇ، — دېدى.

ھەمراھ پالۋان پالۋانلارنى ئابدۇرۇسۇلبەگنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى. بەگ رېھىمشاھقا تون[①]كىيگۈزدى، قالغان پالۋانلارغىمۇ لايىقىدا سەرپا كىيگۈزدى.

رېھىمشاھنىڭ بۇ تونجى پالۋانلىق ئوتۇقى ئۇنى يەنە قانداق قىسمەتلەرگە باشلاپ باراركىن؟ قىزىقساڭىز كېيىنكى بابتىن كۆرۈڭ.

# 3 — باب توۋا قىلدۇرۇش

## 1

ھىجرىيىنىڭ 1273 — (مىلادىيىنىڭ 1864—) يىلى يەنى تۇڭجىنىڭ 3 — يىلى 10 — ئاينىڭ 10 — كۈنى جۈمە ئاخشىمى غۇلجا شەھىرىدە غەزەپ بورىنى كۆتۈرۈلدى.

موللا بىلال شاگىرتلىرىنىڭ بۇ بوراندا ئۇچۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى، ئۇ شاگىرتلىرىنى دادىلىرىغا تاپشۇرماقنى لازىم تاپتى ۋە ئۇلارغا مەكتۇپ ئەۋەتتى:

«ھۆرمەتلىك ئاتىلار، سىلەر باللىرىڭلارنىڭ گۆشىنى ماڭا تاپشۇرغان، ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، بىرنەچچە زامان تەربىيىلىدىم. ئەمدى سۆڭىكىنى ساق تاپشۇرۇپ ئالغايسىلەر،

① ئابدۇرۇسۇلبەگ ماخمۇت پو تەرىپىدىن سۇيىقەسىت بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندە، رېھىمشاھ بۇ توننى كىيىپ، ئۇنىڭ جىنازىسى ئالدىدا يىغلاپ ماڭغانىكەن.

ساۋاقنى ۋاقتىنچە توختاتماقنى لازىم تاپتىم.»

بۇ باغاقلارنى دەڭگە چۇشكەنلەرگە تاپشۇردى. ئۇ شاگىرتلىرىغا ئاخىرقى ساۋاق دەپ مۇنۇلارنى ئۆتتى:

— بۇگۇن سىلەرگە بېرىدىغان ساۋىقىمىز پىرئۇستازىمىز ئاسىر ئەلەم يازغان كىتابتۇر. ئۇل زات بول كىتابىدا نەقىللەر كەلتۈرۈپ، مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىلى خەلقىغە سالغان ۋەھشىيلەرچە زۇلمىنى قامچىلايدۇ. دىققەت:

«ھەممە مۆمىن بەندىلەرگە مەلۇم بولسۇنكى، مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ زۇلمى چېكىدىن ئاشتى. ھىجرىيىنىڭ 1229 — (مىلادىيە 1825 — يىلى) يىلى ھوسۇل سېلىقىنى بىر قاتلاپ سەككىز خو[1]غا، ھىجرىيىنىڭ 1244 — (مىلادىيە 1840 —) يىلىدىن باشلاپ تۆت قاتلاپ ئون ئالتە خوغا، كېيىن سەككىز قاتلاپ، ئوتتۇز ئىككى خوغا كۆپەيتتى. بۇ خوسۇستا خەلقىمىز مۇنداق قوشاق توقىدى:

ئىلگىرى ھەربىر ئۆيدىن،
ئالدى ئون ئالتە خو ئاشلىق.
ئەمدى ئېلىشقا باشلىدى،
ئوتتۇز ئىككى خو ئاشلىق.

ھىجرىيىنىڭ 1226 — (مىلادىيىنىڭ 1820 —) يىلىدىن باشلاپ ئىلى دەرياسى كۆرە قەلئەسىنى[2]يالاشقا باشلىدى. شۇ يىلى ئىلى جياڭجۇنى چىن شاڭ بېيجىڭ خانىنىڭ كۆرە قەلئەسىنى قوغداپ قېلىش يارلىقىنى ئالدى. دەريانىڭ كۆرە قەلئەسىنى يۇتۇپ كېتىشىنى توساش ئالۋىڭىنى «ۋاڭ خىلۇ ئالۋىڭى» دەپ ئاتاشتى. بۇ ئالۋاڭ قىرىق بەش يىل داۋام قىلىپ، ئىلى خەلقىنى قان —

---

① بىرخو — 64 كىلوگرامغا تەڭ ئۆلچەم بىرلىكى.
② كۆرە — بۇ يەردە كونا كۆرە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاپتور

يغلاتتى. توختى ئىسملىك ئادەملەرنى توسمىغا تىرىك باستى ياكى دەرياغا تاشلىدى، ئىلىنىڭ بۆك — باراقسان ئورمىنى قىرقىلدى. خەلقنىڭ ئىلكى قۇرىدى.

ھىجىرىيىنىڭ 1238 — (مىلادىيىنىڭ 1830 —) يىلى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدا جاھانگىرغوجا ئىسيان كۆتۈردى. بېيجىڭ خانى بۇ توپىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن، ئاقسۇغا 30 مىڭدەك چېرىك توپلىدى. بۇ چېرىكلەرنىڭ تەمىناتىنى ئۈرۈمچى بىلەن ئىلىغا يۈكلىدى. ئىلىدىن ئاقسۇغا ئاشلىق يۆتكەش ئالۋىڭى چۈشتى. ئىلى بىلەن ئاقسۇنىڭ ئارىلىقىدا ھارۋا يۈرەلمەيتتى، ئاشلىقنى ئات — ئۇلاق بىلەنلا يەتكۈزۈشكە توغرا كەلدى. ئىلى جياڭجۇن مەھكىمىسى 2000 نەپەر دېھقان توشۇسۇن، ھەربىرى 50 جىڭدىن ئاشلىقنى يۈدۈپ ئاقسۇغا يەتكۈزسۇن، دەپ خالزاتخانغا ئەمىر قىلدى. ئوردا ھېكىمى خالزاتخان تەيجى بۇنى بەجا كەلتۈردىلەر. ئىلى بىلەن ئاقسۇنىڭ ئارىلىقى 1300 چاقىرىمچە يول بولۇپ، ئىلى تەرەپتىكى خان يايلىقىدىن ئاقسۇ تەۋەسىدىكى تامغاتاشقىچە بولغان ئارىلىق مەشھۇر مۇز داۋان ئىدى. ئىلى — ئاقسۇ ئارىلىقىدا ئون نەچچە ئۆتەڭ بولسىمۇ 2000 كىشى پاتمىدى. دېھقانلار ئۆتەڭ ئەتراپىدا، ئايدالادا يېتىپ قوپتى. ئاقسۇغا بارغۇنچە بىر مۇنچە كىشى ئۆلدىلەر. بىرمۇنچىلىرى كېسەل ۋە باشقا سەۋەبلەرتۈپەيلى ئىلىغا قايتىپ كېلەلمىدىلەر...»

مولللا بىلال ئاۋازىنى بارغانچە كۆتۈرۈپ ئوقۇپ ساۋاق ئۆتمەكتە، شاگىرتلىرى ناسىر ئەلەمنىڭ كىتابىدىكى ھەربىر سۆزنى كۆڭلىگە سالماقتا، رېھىمشاھنىڭ كۆزلىرى ئېچىنىش ۋە غەزەپتىن يانماقتا.

«بۇ ھاشار، ئالۋاڭ — ياساق، سېلىقلار ئازلىق قىلغاندەك، ساڭ ئەمەلدارلىرى دېھقانلارنىڭ قېنىنى ئىچتى. دېھقانلار ساڭغا ئاشلىق ئېلىپ كەلسە ئەمەلدارلار پات ئالمادىلەر، ئون — يىگىرمە كۈن، ھەتتا ئايلاپ ساقلاتتى. ئاخىر ھەريۈزلۈك يېزىدىن بىرخو ئاش

پاره ئېلىپ، ئاندىن ئاشلىقنى قوبۇل ئەتتى. ئەمەلدارلار بىلەن تۆرخاننىڭ[1] شازىچىلىرى[2] هەر يۈزلۈك يېرىدىن 100 شازا «شازا هەققى» ئالدى. ئەمەلدارلارنىڭ ئۆي كىشىلىرى هەريۈزلۈك يېرىدىن 20 شازا ئاشلىق ئالدى.

— يەنە كېلىپ، — دەپ غەزەپ ئۇرغۇسىدا سۆزلىدى موللا بىلال، — دالويىنىڭ مەپىچى، ئاتچى، خېچىر باقادۇرغانلارى هەر دۇربە قەغەزگە ئون سەر، بەش سەردىن چاي بولاپ، هەر دۇربىگە بىر شازىدىن ئاشلىق ئالدى. توققۇزتارا، ئارا بوزلارغا نەچچە مىڭ كۆچمەننى چىقارىپ بەرگەچ هەممە يۇرتتا يۈز ئۆيلۈك[3]توشمىغان، بەزى يۇرتلار 80 — 70، تولا يۈزلۈكلەر 50 — 60 ئۆيلۈك بولۇپ قالسا هەم يەنىلا يۈز ئۆيلۈك هېسابىگە ئالۋاڭ — سېلىق بېرىشكە مەجبۇر ئىدىلەر. . .

بۇلارنىڭ تاشايىنىدا، ئەمەلدارلارنىڭ هەممەسى باغلەرگە 2 — 3 ئۆيلۈك دېهقاننى باغۇەن قىلىپ ئىشلەتتى. بۇ دېهقانلار بېرىشكە تېگىشلىك ئالۋاڭ — سېلىقنى مۇشۇ دېهقانلارنىڭ يۇرتى كۆتۈردى. . . يەنە ئامبال غوجاملار تارانچىلارنىڭ خاتونلارىنى ئۆزلىرىنىڭ بوۋاقلەرگە ئىنىكە قىلىپ، بالىلىرىنى ئىمىتىشكە مەجبۇرلىدىلەر. بۇ خاتونلارنىڭ دەننى هەم ئۆز يۇرتى ئۇستىگە ئالشكە مەجبۇر بولدىلەر. . .

موللا بىلال ئەمدى ئېچىنىش — پىغان ئاهاڭىدا سۆزلىدى:

— خونغار، بايتوقاي، ئارا ئۆستەڭ قاتارلى قەدىمي يۇرۇتلاردا ۋابا كېسەلى پەيدا بولۇپ، نۇرغۇن ئادەم ئۆلدىلەر. بۇ يۇرتلارغا يەنە كونا يۇرتلاردىن ئادەم سەپلەپ، سېلىق تۆكتۈردىلەر. . .

موللا بىلال چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ ساۋاقنى مۇنداق

---

① تۆرخان — ساڭ.
② شازا — ئۆلچەم بىرلىكى.
③ بۇ يەردە ناسىر ئەلەم مەنچىنىڭ خاندانلىقى ئىلىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن هەربىر يېزىغا يۈزدىن ئائىلە ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى، هەر يۈز ئائىلە بويىچە ئالۋاڭ — سېلىق ئالغىنىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.



www.uyghurkitap.com

ئاخىرلاشتۇردى:
— ئەپيۇن بىلەن كۆڭلى قارايغان جوھۇت ئەمەلدارلار مانا شۇنداق نەپسى تويغۇچە خەلقنى بۇلاپ — تالىدى. بۇ زۇلۇمغا چىدالمىغان خەلق ئابدۇرۇسۇلبەگ، ناسىر ئەلەم باشچىلىقىدا تۆنۈگۈن ئاخشام قوزغىلاڭ كۆتۈردى. غولجا قەلئەسىنى مانجۇ ئەمەلدارلىرى ۋە چېرىكلەردىن خالاس ئەتتىلەر. بۈگۈن كونا چېللەپاڭزىغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇنى مۇھاسىرە ئەتتى. غازات ناغراسى چېلىندى. بۇ غازات تامامىلانغۇنچە ساۋاق توختايدۇر. ئۆيلەرىڭىزگە بارىپ، ساۋاقلارنى تەكرار قىلىڭلار.
— ئۇستاز، بۇ غازاتقا مەنمۇ قاتنىشىمەن! — دېدى مۇشتلىرى تۈگۈلگەن رېھىمشاھ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ.
— ئىجازەت بەرسىلىكەن، مەنمۇ قاتنىشىمەن!
— مەن ھەم!
— ھاجىقۇلى بىلەن مىسىر شاھلارمۇ ئورنىدىن تۇردى، ئۇلارغا مەنسۇر قاتارلىق يەتتە بالا قوشۇلدى.
— سىلەر تېخى بالا، — دېدى موللا بىلال، — سىلەرنى ئاتاڭلارغا تاپشۇرۇمەن. سىلەر ئائىلەڭلەردە بىلىم تەھسىل قىلىڭلار، بىزنى بىلىملا قۇتقۇزادىلەر.

2

موللا بىلال شاگىرتلىرىنى ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلىپ، ھويلىغا چىقتى، مەدرىس سەيناسىدا بىر نەچچە ئادەم تۇراتتى. ئۇلار سەھرادىن تالىپ بالىلىرىنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەنلەر ئىدى. موم ياغاچقا ئاتلار باغلاپ قويۇلغانىدى. موللا بىلال ئادەملەر بىلەن سالاملاشتى. ئۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭمۇ قوزغىلاڭغا قاتنىشىدىغىنىنى، ساۋاق توختايدىغىنىنى ئىزھار قىلدى. شاگىرتلارنىڭ كۆپىنچىسى شەھەرلىك بولغاچ

ئۇلارنىڭ ئاتلىرى كەلمىگەنىدى، سەھرادىن كەلگەنلەر بالىلىرىنى ئاتلىرىغا مىنگەشتۈرۈپ ئېلىپ كېتىشتى. پەقەت ھاسانشاھلا قالدى، موللا بىلال ئۇنى ئۆيگە باشلىدى. چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ھاسانشاھ سورىدى:

— ئابدۇرۇسۇلبەگ ماڭا لەشكەر توزۇپ كەلسىلە، دەپ پەرمان ئەۋەتىپتۇ، بايا سىلى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى، دېدىلا، نە ئۈچۈن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى؟

— زالىم ئەمەلدارلارنى يوقىتىپ پۇقراغا ئەمىنلىك بېرىش ئۈچۈندۇر. ئويلاپ باقسىلا، ھازىر ئىلىدا 30 مىڭ چېرىك، ئۇلار مىنىدىغان ئون مىڭ ئات، بەش مىڭدىن ئارتۇق تۆگە بار، بۇلارنىڭ يېمىكى ئۈچۈنلا ھەريىلى 21 مىڭ دادەندىن ئارتۇق ئاشلىق كېتىدۇ. ھازىر بۇ دادەننى 36 مىڭغا كۆپەيتتى. بەش — ئالتە مىڭ ئادەمنىڭ مائاشىنى بېرىش يەنىلا ئىلى تارانچىلىرىنىڭ زىممىسىدە.

— مائاشىنى خان بېرىدىغۇ؟

— ئىچكىرىدە خانغا قارشى تەيپىڭ — تيەنگو قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ، خاننىڭ تەختىنى تەۋرىتىپ قويدى. ئۈرۈمچى، سانجىلارنى تۇڭگانلار، ئالتە شەھەرنى ياقۇپبەگ ئىگىلىدى. خان بارلىق خىراجىتىنى ئېسىيانلارنى باستۇرۇشقا ئاجرىتىۋاتسا، بۇ يەردىكى لەشكەرگە نەنىڭ خىراجىتىنى بېرىدۇ؟ شۇڭا ئىلى خەلقىنى ھەريىلى 80 — 100 مىڭ كۇب ھەجىمدە قەلئە قۇرۇلۇشلىرىغا سېلىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق تۈگىمەس ئالۋاڭ — ياساق، سېلىق تۆلەپ ۋە ھاشاغا ئىشلەپ، ئىلى خەلقىنىڭ ئىلىكى قۇرىدى، پىچاق سۆڭەككە يەتتىلەر، خەلقىمىزنىڭ سەبرى تۈگىدى. بۇنداق زۇلۇم سېلىۋاتقان ئەمەلدارلارنى يوقىتىپ، ئۆستۈرمە سېلىق، ھاشالارنى يوقاتقاندىلا، پۇقرالار ئەمىنچىلىككە ئېرىشمەك، بىز بۇنىڭغا باغاشىبىز.

ھاسانشاھلا ئەمەس، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كىرگەن رېھىمشاھ، مىسىرشاھ، ھاجىقۇلىلارنىڭمۇ كۆزى ئېچىلغاندەك بولدى. نەچچە ۋاقىتتىن ئاتىسى تېپىپ بەرگەننى يەپ، غەمسىز يۈرگەن بۇ بالىلار

ئاتا — ئانىسىنىڭ قانچىلىك ئازاب چەككىنىنى، ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى يىمەي يىگۈزگىنىنى، ئۆزلىرى كىيمەي كىيگۈزگىنىنى بىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا قوزغىلاڭغا قاتنىشىش ئىرادىسى چىڭىدى. رېھىمشاھ دادىسى بىلەن شارغۇجىغا قايتىۋېتىپ يالۋۇردى:

— دادىيى، سېنىڭ بىلەن بىللە قوزغىلاڭغا قاتنىشايچۇ.

— بۇ نىيىتىڭغۇ ياخشىى، — دېدى ھاسانشاھ ئوغلىدىن پەخىرلەنگەن ھالدا، — ئاپاڭنى قانداق قىلىمىز، ئۇنى يالغۇز تاشلاپ قويامدۇق؟ ئاپاڭ سېنى سېغىنىپ، تولا يىغلاپ، كۆزىدىن چاپاق قاينايدىغان بوپ قالدى. يەنە مەن كەتسەم مال — ۋاران، ئېتىز — ئېرىققا كىم قارايدۇ، ئاپاڭغا ئىچىڭ ئاغرىمامدۇ؟

— ئاپامنى ھاجىقۇلى قارىشىپ بېرىدۇ. كىندىكئانام ھەمراھ...

— نېمە؟ — دەپ ھاجىقۇلى ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بىلىگە تەپتى، — ئاكاڭ قارىغايمۇ قوزغىلاڭغا قاتنىشىدۇ!

3

ئاتا — بالا بۇ ئىشتا تالىشا — تالىشا مېڭىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە شارغۇجىغا يېتىپ باردى. ھاسانشاھ تامىقىنى يەپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. رېھىمشاھ ئۇنىڭغا ئوغرىلىقچە ئەگەشتى، ھاسانشاھ ئۆيمۇ — ئۆي كىرىپ ئادەملەرنى روزى تۇگمەننىڭ تۇگمىنىگە يىغدى. ئۇ موللا بىلالدىن ئاڭلىغانلىرىنى ياپلاق تىلدا تەكرارلىدى. ئاخىرىدا شۇنداق دېدى:

— يارەنلەر، غولجا شەھرىدە جۈمە ئاخشىمى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. زالىم ئەمەلدارلار ۋە ئۇنىڭ غولجىدىكى چېرىكلىرى يوقىتىلدى. ئابدۇرۇسۇلبەگ ماڭا مەكتۇپ ئەۋەتتى. ئۇ مېنىڭ لەشكەر توپلاپ قوزغىلاڭغا قاتنىشىشىمنى ئېيتىپدۇر.

لەشكەر بولۇشنى خالىساڭلار مەن تەرەپكە ئۆتۈڭلار، بىز جەڭگە

كىرسەك شاراپەت تاپارمىز. بىز بىرا مەسلەدە بولۇپ، بىرا مەسلەكلىك باغاش بولۇشىمىز لازىمدۇر.

تۆكمەنگە يىغىلغانلارنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك قوزغىلاڭچى قاتنىشىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ ۋارقىراشتى. ھاسانشاھ كۆز يۇگۇرتۇپ، بۇلار ئىچىدە بوۋايلارمۇ، باللارمۇ بارلىقىنى كۆردى. ئۇ كىشىلەر توپى ئىچىدە تۇرغان رىھىمشاھ ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىلىرىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۇرۇلدى:

— يارەنلەر، لەشكەرلىككە يىگىرمە ياشتىن قىرىق ياشقىچە بولغان ئەر يىگىتلەر قاتنىشىدىكەن، ئابدۇرۇسۇلبەگنىڭ بۇ ھۆكىمەتكە قۇلاق سالىڭلار، ئۆزگىلەر بۇ يەردە لەشكەر ئۇچۈن ئۇن، ماي، گۆش تەييارلاسۇنلار. بۇلار ھەم بۇ يەردىكى مۇھىم لەشكەردۇر.

ئۇ ئىيتقىنى بويىچە قىرق ئۇچ لەشكەرنى تاللىدى. بۇلارنى ھاسانشاھ بىلەتتى، ئۇلار ئوۋچى، بەردەنكە مىلتىقى بار مەرگەنلەر ئىدى. رىھىمشاھ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشتى.

4

ھاسانشاھ ئۇچ كۈندىن كىيىن لەشكىرىنى باشلاپ غولجىغا قاراپ يولغا چىقتى. پۇتكۈل يېزا ئۇزىتىپ قويدى. ئەمدى رىھىمشاھ سالامەتخان بىلەن ھىۋىزخاننىڭ نازارىتىدە قالدى. بولۇپمۇ ھىۋىزخان ئۇنىڭغا سايىدەك ئەگىشۋالاتتى. سالامەتخاننىڭ قىيىنئانىسى، ئۆز ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كىيىن ھاسانشاھ خوتۇنىغا ھەمراھ بولسۇن، دەپ ھىۋىزخاننى ئۆيگە ئەكىلىۋالغانىدى، مانا ئەمدى بۇ ئىككى ئانا رىھىمشاھنى ھىچنەگە بولجوتمىدى. رىھىمشاھ ئىككى ئانىنىڭ ئىككى تەرەپلىمە قىسماقىقا ئالغىنىغا تىرىكەتتى، ھويلىدىن چىقالماي زىرىكەتتى. لىكىن، ھاسانشاھ «رىھىمشاھ

لەشكەر بولىمەن، دەپ جېدەل قىلىشۋاتىدۇ، مەن كەتكەندە كەينىمدىن بېرىپ يۈرمىسۇن، ئۇبدان تەپتىشلەڭلار» دەپ جىكىگەچكە ئانىسى بىلەن كىنىدىكئانىسى ئۆزىگە كۆز — قولاق بولۇپ يۈرۋاتقانلىقنى رېھىمشاھ بىلمەيتتى. ھېۋىزىخان ئۇنىڭ كەينىگە سايىدەك كىرىۋالسا، سالامەتخان ئىشقا جوراتتى:

— ھوي بالىموي، قار چۈشكىنىگە نەۋاخ، چانىلارنى تۈزەپ قويساڭچۇ، تاغدىكى غارام چۆپلەرنى يىغىۋالمىساڭ شۇنچە مال قىشچە نېمە يەيدۇ؟

— رېھىمشاھ بالامچۇ چوڭلا ئادەم بولدى. دادىسىنىڭ ھەممە ئىشىنى قىلىدۇ، دەڭا.

ھېۋىزىخان مانا شۇنداق ئۇچۇراتتى.

— مەن چوڭ ئادەم بولغاندىكىن، دادام مېنى نېمىشكە لەشكەرلىككە ئالمايدۇ؟ — دەپ نارازىلىقىنى ئوچۇقلا دەيتتى رېھىمشاھ.

— ۋاي باتۇر ساقام، بىر ئائىلىدىنچۇ بىرلا ئادەم لەشكەر بولىدىكەن. داداڭمۇ، سەنمۇ كەتسەڭ مەن قانداق قىلىمەن؟ يا مال — ۋاران، ئېتىز — ئېرىقتا قارىغۇچىلىقىم بولمىسا، بۇيىل مېنى كېسەل چېقىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرىۋاتىسەنغۇ!

سالامەتخان شۇنداق دەپ كۆز يېشى قىلدى. ئانىلارنىڭ كۆز يېشى تاشنىمۇ ئېرىتىدۇ. رېھىمشاھنىڭ جىسمانىي قۇرۇلۇشى قوپال بولغىنى بىلەن كۆڭلى يۇمشاق ئىدى. ئانىسىنىڭ كۆز يېشى ئۇنى ئېرىتتى:

— بولدىلا، دېگىنىڭنى قىلاي، بولدى قىل، لەشكەر بولمىسام بولماي، ئەمما ئۆي خوتۇنى بولمايمەن!

ھېۋىزىخان پاراققىدە كۈلۈۋەتتى ۋە كەينىدىن يىغلىۋەتتى، ئانىلارنىڭ كۆز يېشىنى بېسىش ئۈچۈن رېھىمشاھ ئامبارغا كىردى، بولقا، ئامبۇر، مىق، قول ھەرىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. باغنىڭ بىرچېتىگە، تامغا تىكلەپ قويغان چانىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. چانا

ئاپتاپتا قېلىپ قاغجىراپ كەتكەنىدى. ئۇ چاننى تۈزەشكە باشلىدى. ئانىلار كۆز يېشىنى سۈرتۈشۈپ، بىر — بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى، ھېۋىزىخان بولسا مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. تۈلار تۈي ئىشى ياكى قول ئىشى قىلىشىۋاتقاندا، «تاق — تاق» قىلغان بولقا ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرسىلا خاتىرجەم بولاتتى. «تاق — تاق» ئاۋازى توختىسىلا ھېۋىزىخان ھويلىغا چىقاتتى، رېھىمشاھنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ يەنە ئۆيگە كىرەتتى.

قويلار مەرەشكە، كالىلار مۆرەشكە، ئاتلار كىشنەشكە باشلىغاندا، رېھىمشاھ ئىشىنى تاشلىدى، ئۇ ئوقۇرنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ چۆپ چۈردى، چۆپنى قوچاقتا بىر كۆتۈرۈپ ماللىرىغا سېلىپ بەردى. چۈشتىن كېيىن چاننى ياساپ پۈتتۈردى.

— ھوي بالامۇي، تامىقىڭنى يەۋالغىن.

ھېۋىزىخان ئانا چاقىردى. رېھىمشاھ يۈز — قولىنى يۇيۇپ، ئۆيگە كىرىپ تاماققا ئولتۇرۇدى. دۇئادىن كېيىن ئىشىككە قاراپ ماڭدى. سالامەتخان:

— نەگە بارىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ھاجىقۇلى بىلەن تونۇر بېشىدا ئولتۇرىمەن.

— سەن چىقىپ كەتسەڭ بىز ئاجىزلار قورقىمىز. ھازىر ئوغرى — يالغان كۆپىيىپ قاپتۇمىش. ئارقىمىزدىكى تاغدا بۆرىلەر ھۇۋلاۋاتىدۇ، ئولتۇرۇپ كىتابىڭنى ئوقۇغىن.

رېھىمشاھ بويتاۋلۇق قىلاي، دېسە ئانىسىنىڭ كۆز يېشىدىن قورقتى. ئۇستازىنىڭ ساۋاقلارنى ئۆيدە تەكرارلاڭلار، دېگىنىنى ئېسىگە كەلدى. ئۇ ئويۇقتىكى كىتابلار ئىچىدىن «تارىخىي رەشىدىيە» دېگەن كىتابنى ئالدى. بۇ كىتابنى موللا بىلال كۆچۈرگەن ۋە رېھىمشاھقا «شارغۇجىلىقلارغا ئوقۇپ بەر، دەپ بەرگەنىدى. ئۇ كىتابنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى. باشتا ئېرەنسىمىگەن ئانىلار كېيىن كىتابنى قىزىقىپ ئاڭلاشقا باشلىدى.

5

يېزا خەلقى باللاردىن تارتىپ، بوۋاي — مومايلارغىچە سەھەرچى كېلىدۇ. ئۇلار توخۇ ئۈچ چىللىغاندا، ئورنىدىن تۇرۇشىدۇ. بۇنى ئادەت قېلىۋالغان رېھىمشاھ بوگۇنمۇ سەھەر تۇردى. ئوت — چۆپ چۆرۈپ، ماللىرىغا سېلىپ بەردى. هويلا، كوچىلارنى پاكىز سۈپۈردى. ئاڭغىچە ئانىلار نامىزىنى ئوقۇپ، چاي قايناتتى. چايدىن كېيىن رېھىمشاھ يەنە بىر چاينى تۈزەشتۈرۈپ قويدى، ئاندىن بوز ئېتىغا ياۋداقلا مىنىپ، ماللىرىنى سۇغارغىلى ئېغىلدىن چىقاردى. مەسلىھەتلەشكەندەكلا هاجىقۇلى بىلەن مىسىرشاھمۇ ماللىرىنى سۇغارغىلى چىققاندى.

— هوي ئاغىنە، كۆرۈنمەيلا كەتتىڭغۇ؟

— ئۆي خوتۇنى بولدۇم. ئۆزەڭچۇ؟

— ئۆي قىزى بولدۇم، — دېدى هاجىقۇلى.

— ئەمسە مىسىرشاھقا تېگىۋال

— ها — ها — ها!

— هىي — هىي!

ئاغىنىلەر راسا كۈلۈشتى. رېھىمشاھ بىلىدىكى، ئاغىنىلىرىنىڭ كۈنمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئىكەن. ئۇلارنى ئانىسىلا ئەمەس، ئېنى — سىڭىللىرىمۇ تەپتىشلەيدىكەن، مىسىرشاھنىڭ كىچىك ئىنىسى ئۇنىڭ كەينىدىن ماراپلا يۈرۈيدىكەن، كوچىغىلا ماڭسا ئانىسىغا كىرىپ چاقىدىكەن.

— ئوھوي، كىچىك ئايغاقچى بوپتۇ — دە، — دېدى هاجىقۇلى.

— مەن ئەتىدىن باشلاپ چۆپ تۇشۇيمەن، بىللە چىقمايلىمۇ؟ — دېدى رېھىمشاھ ماللىرىنى سۇغۇرۇپ قايتىشىدا.

— شۇنداق قىلايلىچۇ، دالا — تۈزنى كۆرمىگەنگە ئاي

ئـۆتتى، — دېدى مىسىرشاھ.

— كۆندۈزى بولسىمۇ مومايلاردىن، بالا ئايغاقچىلاردىن نېرى بولىمىز.

ھاجىقۇلىنىڭ گېپىگە يەنە كۆلۈشتى. ئۇلار مەسلىھەتنى بىر قىلىشتى. رېھىمشاھ چۈشتىن كېيىن ئېغىلىنىڭ قىغىنى چىقاردى.

رېھىمشاھ ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى ئانىلىرىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، بىر ئاي تاغدىكى چۆپ غاراملىرىنى توشۇۋالدى، ئاندىن چاندا ئېتىزغا قىغ توشىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئىشى مالغا چۆپ سېلىپ بېرىش، مالنى سۇغۇرۇش، ئېغىلنى تازىلاشلا بولۇپ قالدى. بۇ ئىشلارنى ۋاقتى — سائىتىدە پۈتتۈرۈۋېتىدىغان رېھىمشاھ يەنە زېرىكىشكە باشلىدى.

يۇقىرىقى ئىشلار ئۇنىڭ لەشكەر بولۇش ئىستىكىنى بىر مەزگىل ئۇنتۇلدۇرغانىدى، ئەمدى يەنە قوزغالدى. ئۇ ھايات يولىنىڭ مۇستەقىل بېسىشنى خالايتتى. بۇ خاھىشى بويىچە ماڭسا باياندايىنى ئېلىش جېڭىدە ئۆرۈشۈۋاتقان دادىسىنىڭ يېنىغا ئاسانلا باراتتى. ئەمما، دادىسىنىڭ ئۆيگە قايتۇرۋېتىدىغىنىنى ئېنىق بىلەتتى. ئەڭ يامىنى كېسەلمەن ئانىسىنىڭ يالغۇز قېلىپ، يىغلايدىغىنى ئىدى. مال — ۋارانغا قاراشقا ئوخشاش ئىشلارنى ئىككى ئانا ھەرگىز قىلالمايتتى. ئۇ زېرىككىنىدىن ھەرنېمە قىلغۇسى كېلەتتى. بىر ئاخشىمى ئاغىنىلىرى بىلەن كوچىدىكى تونۇرغا تاش كاۋا كۆمۈپ تونۇر بېشىدائولتۇرۇشتى. ھاجىقۇلىنىڭ تومورىغا كىرىۋالغان شەيتان يېڭى ئويۇن تاپتى. ئۇ رېھىمشاھقا كۆزگە ئىلمىغان پىشىمدا تام يېنىدىكى لىمنى كۆرسىتىپ:

— ھوي، قوي — موزايلارنى كۆتۈرۈپ ئازابلىماي، يامان بولساڭ ئەۋۇ لىمنى كۆتۈرۈپ باققىنە، — دېدى.

رېھىمشاھ تام تۈۋىگە ياتقۇزۇپ قويۇلغان يەتتە گەز ئۇزۇنلۇقتىكى لىمنى كۆرۈپ پىسەنت قىلمىغان ھالدا:

— سېنىمۇ قوشۇپ كۆتۈرسەم قانداق قىلىسەن؟ — دېدى.

— مېنى ئەمەس، لىمنى كۆتۈرسەڭ بۇداقى مەشرەپكە 50 قوي[①] ئاپىرىمەن.

— گېپىڭ گەپ — ھە!

— يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن قايتماس. ھە، سەن گۇۋاھ بول جۇمۇ مىسىرشاھ!

رېھىمشاھ تونۇردىن چۈشۈپ، لىمنى تىككىــــدە كۆتۈرۈپ، چىڭقالمايلا تونۇر بېشىغا ئېلىپ كەلدى. ھاجىقۇلى چۆچۈپ:

— ھوي — ھوي، بۇ يەرگە ئەكىلىپ نېمە قىلماقچى؟ — دېدى.

— ئوتۇن قىلىپ قالىماقچى. ئەتە ئاپاڭ نان ياقسۇن!

رېھىمشاھ شۇنداق دەپ، لىمنى تونۇرنىڭ ئاغىزىغا تىقىپ، تىككىدە كەپلەپ قويدى.

— چاتاقنىڭ يوغىنىنى تېرىدىڭ، — دەپ ھاجىقۇلى ئۆيگە قاراپ قۇيرۇقىنى خادا قىلدى.

ئەتىسى ئۇ دېگەندەك، بىرچوڭ تاماشە، ھەيرەتتە قېلىش يۈز بەردى، يامىنى ئاتا — ئانىسى بىلەن كىندىكئانا سىر قىلىپ ساقلاپ يۈرگەن رېھىمشاھنىڭ كۈچتۈڭگۈرلىكى ئاشكارىلىنىپ قالدى، ئۇلار چاي ئىچىۋاتقاندا ھاجىقۇلى رېھىمشاھنى چاقىرىپ قالدى.

— ھاي رېھىمشاھ!

— ھە، يەنە نېمە شەيتانلىقىڭ بار؟

— چاتاق چىقتى ئاداش، گۇلسۇمدەم سەھەردە تونورنىڭ كۇلىنى ئېلىشقا چىقىپتىكەن، سەن كەپلەپ قويغان لىمنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتكلى تاس قاپتۇ. ئۇ قورققىنىدىن چىقىراۋېتىپتۇ، مەن يۈگۈرۈپ چىقتىم، چىقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ مەھەللىدىكىلەرمۇ يۈگۈرۈپ چىقىشتى. ئۇلار لىمنى كۆرۈپ ھەيرەتتە قالدى. يۇر، لىمنــى ئېلىۋەت.

شارغۇجىلىقلار تونۇرنى كوچىغا قوياتتى. قىزىق تونۇرغا نان

---

① قوي — مەشرەپتە جازالانغانلارغا ئالما سېلىقى سېلىنىدۇ، بىر ئالمىنى بىر قوي ھېسابلايدۇ، ئاپتۇر.

ياقىسى كەلگەنلەر قايسى تونۇر قىزىق بولسا، شۇنىڭغا ياقاتتى. توپلاشقانلاردىن بەش كىشى بىرلىشىپمۇ لىمنى تارتىپ چىقىرالمىدى. رېھىمشاھ تونۇر بېشىغا چىقتــــى. شۇھامان ۋاراڭ — چۇرۇڭ بېسىلدى، ھەممىنىڭ كۆزى رېھىمشاھتا ئىدى، ئۇ ئىككى پۇتىنى كەردى، لىمنى ئىككى ئالىقىنى ئارىسىغا ئالدى، ئاندىن دەس كۆتۈردى. لىم تونۇردىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. رېھىــمشاھ يەرگە چۈشۈپ، لىمنى قۇچاقلاپ جايغا ئاپىرىپ قويدى. بىر بوۋاي تونۇر ئىچىگە ئېڭىشىپ قارىدى.

— پىركامىللا، تونۇرنىــڭ ھېچيېرىگە تەككۈزمەپتۇ، ھەتتا كاۋىمۇ ساق تۇرىدۇ.

— يا ھەزرەت! — دېدى مەزىن ياقىسىنى تۇتۇپ.

— مانا كۈچ دېگەن! ئون تۆت يېشىدا لىم كۆتۈرسە قىرانغا يەتكەندە تاغ كۆتۈرىدىكەن — دە.

چوڭ — كىچىك ھەممىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، كۆزلىــرى چەكچىيىپ قالغانىدى. ھەممىدىن بۇرۇن ئۇششاق باللار ئېسىنى يىغىپ، رېھىمشاھقا ئېسىلدى.

— ھەي نادانلىق، نادان خەق بىز، — دېدى بىر بوۋاي، — لىمنى ئېيىق ئەكىلىپ، تونۇرغا كەپلەپ قويۇپتۇ، دېسە ئىشىنىپتۇق. ئەسلىدە ئۇنى تونۇرغا كەپلەپ قويغان ئادەم ئېيىقى ئىكەن ئەمەسمۇ؟!

## 6

شۇ كۈنلەردە توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلايدىغانلار كۆپىيىــــپ قالغانىدى. ئوغرىلار ئەر — يىگىتلەرنىڭ ئۇرۇشقا كېتىپ، يېزىلاردا يالاڭ قېرى — چۆرى، خوتۇن — قىزلار قالغىنىنى پۇرسەت دەپ بىلدى. ئۇلار مال — ۋاران ئوغرىلاشقا كىرىشتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە جاماشاھ تاغدىن بىر قارىغاي لىمنى

ئېتىغا سۆرتىتىپ كېلىۋېتىپ، يىراقتىن بىرتوپ كالىنى ئالدىغا سېلىپ كېتىۋاتقان ئۈچ ئاتلىقنى كۆرۈپ قالدى، جاماشاھ سىنچىلاپ قارىدى، بىر نەچچە كالىنى تونۇپ قالدى. ئۇلار كالىلارنى جىددىيلەپ ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ لىمنى قوراسىنىڭ سىرتىغىلا قويدى — دە، مىسىرشاھنى چاقىردى. مىسىرشاھ جاماشاھنىڭ ئۆڭسىلى يوقلىقىنى كۆرۈپ ئەجەبلەندى:

— نېمە بولدىڭىز گوتو؟

— چا — چاتاق. . .

— ئالدىرىماي سۆزلە، نە چاتاقتۇر؟

— بايا تاغدىن چۈشۈۋېتىپ، ئۈچ ئا — ئاتلىقنىڭ كالىلارنى ھەيدەپ كە — كېتىۋاتقىنىنى كۆردۈم.

— ھەيدەپ كەتسە كەتكەندۇ.

— ئۇ، ئۇلار ئو — ئوغرىلاردەك تۇ — تۇرىدۇ، سە — سەككىز كالىنىڭ ھەممىسى مە — مەھەللىمىزنىڭ، ئۇلارنىڭ قولىدا سويلا بار.

مىسىرشاھ بىر دەقىقە ئويلاندى، ئاندىن بىرتۇجۇرۇمغا كەلدى بولغاي، جىرەن ئېتىنى ئىگەرلەپ چىقتى. جاماشاھ سورىدى.

— چېپىنىڭ بارمۇ؟

— ھازىر ئاچىقاي.

جاماشاھ بىر ھېجىر ئەتكەن چاينى گۈپۈلدىتىپ ئىچتىــــى. مىسىرشاھ ئۇنىڭغا:

— قېنى يول باشلا، — دېدى.

— قەيەرگە؟

— ئوغرىلارنى تۇتماققا. بول.

— مەن تېخى قوساق تويغۇزمىدىم.

مىسىرشاھ بىرتوقاچ بىلەن يەنە بىر ھېجىر چاي ئېلىپ چىقىپ بەردى، جاما ئالغىلى ئۇنىمىدى.

— ئۆيۈمگە كىرىپ ئىچىپ چىقاي.

— هوي ئوغرىلار قېچىپ، مۆكۈنۈۋالدۇ، بولسۇنا.
— ئوغرىلا بىزنى سويلىسى بىلەن ئۇرۇپ ماكچايتىۋېتىدۇ.
— هۇ ئالا قورقاق، قورسىقىم ئاچ دېگىنىڭ باھانەڭكەن — دە.
— مە. . . مەن بارمايمەن.
— قورقما، رېھىمشاھنى ئېلىۋالىمىز.
— ئەمسە، ئەمسە باراي.
— مەن ئۇنى چاقىرغىچە قولۇڭدىكى توقاچنى يەۋال، — مىسىرشاھ شۇنداق دەپ رېھىمشاھنىڭ ئۆيىگە كىردى.
رېھىمشاھنىڭ ئىچى پۇشۇپ، قەپەزدىكى قۇشتەك زېرىكىپ ئولتۇراتتى. ئۇ مىسىرشاھنىڭ ئات ئۇستىدە تۇرۇپ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپلا بوز ئېتىنى شاخ — شۇخلا ئىگەرلىدى. جاماشاھ ئالا قورقاق بولغىنى بىلەن ئىزچى ئىدى. ئۇ كاللارنىڭ قاردىكى تۇياق ئىزىنى بويلاپ يول باشلىدى. ئۇلار ماڭا — ماڭا ياماتو بويىغا بېرىپ قالدى. جاماشاھ دەريا بويىدا ئوتلاپ يۈرگەن كاللارنى ساناشقا كىرىشتى:
— بىر. . . ئۈچ. . . هە — هە، تونىدىم. ئەۋۇسى هاجىقۇلنىڭ قوڭۇر سىيىرى، ئاۋۇ روزى تۇگمەننىڭ ئالا سىيرى، هە، مانا، مانا، كۆردىڭمۇ مىسىرشاھ، سېنىڭ ئۈچ كالاڭمۇ بارئىكەن.
شارغۇجىلىقلار تاغ، ئوتلاق يېقىن بولغاچ كاللىرىنى ئۆيىدىنلا ھەيدىۋېتەتتى. كاللار ئەتىگەندىلا تاغ باغرىغا چىقىپ، ئوتلاپ، كەچتە قورساقلىرى ناغرىدەك كېرىلگەن، يېلىنلىرى چىڭقالغان هالدا ئۆز قورۇلىرىغا «مەن كەلدىم» دېگەندەك مۆرەپ كىرىپ كېلەتتى. ئاياللار ئۆيدىن چىقىپ ئېغىلغا سولايتتى، موزىيىنى ئېغىزلاندۇرۇپ، سۈتىنى سېغىۋالاتتى. مانا شۇ سىيىرلار دەريا بويىغا كېلىپ قاپتۇ.
— يۈرۈڭلار، كاللارنى مەھەللىگە هايداپ كېتىلى، — دېدى. رېھىمشاھ ئېتىنى دېۋېتىپ.
ئۇلار دەريا بويىغا بېرىپ، كاللارنى مەھەللىگە قارىتىپ ھەيدىدى. كاللار ھېرىپ، قورسىقى ئېچىپ كەتسىمۇ ئىگىلىرىنى



www.uyghurkitap.com

تونۇغانىدەكلا ئۆز مەھەللىسىگە — موزايلىرى تەلمۈرۈپ تۇرغان يەرگە قاتراپ ماڭدى، ئۇلار شەيتانسايغا كەلگەندە، كەينىدە ئاتلارنىڭ چىپچىپ كېلىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. جاماشاھ كەينىگە بىر قاراپلا:

— بولمىدى، ھېلىقى ئۈچ ئاتلىق بوراندەك قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ. قاراڭلار، قوللىرىدىكى سويلىلىرىنى — دەپ ئىتتىغا قامچا باستى.

— ھەي ئالا قورقاق، قاچما، مىسىرشاھ بىلەن كالىلارنى ھەيدەپ ماڭ، ئوغرىلارنى ئۆزەملا ئەدەپلەپ قويىمەن، — دەپ رىھىمشاھ جامانى توختاتتى.

ئاغىنىلىرى كالىلارنى جىددىللەپ ھەيدەپ ماڭغىنىنى كۆرگەن رىھىمشاھ ئاتتىن چۈشتى. ئۇنىڭ تارتىمىسىنى چىڭىتقان بولۇپ تۇردى، ئۈچ ئوغرىمۇ يېتىپ كەلدى، ئۇلاردىن ئىككىسى ئاتتىن چۈشۈپ:

— ھەي ھارىمى، نوغۇچتەك تۇرۇپ، نېمىشقا كالىلىرىمىزنى ئوغرىلاپ مېڭىشتىڭ؟ — دەپ رىھىمشاھقا شىپقاپ كەلدى.

رىھىمشاھ ئۇلارنىڭ سويلىلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇرماقچى بولغىنىنى كۆرۈپ، بىچارە ھالەتكە كىرىۋالدى:

— جېنىم ئاكىلار، سىلەرنىڭ كالاڭلارنى ئوغرىلىغۇدەك نەدىمۇ مەندە جۇرئەت بولسۇن!

— بىز كۆرمىدۇقما، ئەۋۇ ئاغىنىلىرىڭ ھايدەپ كېتىۋاتقان كالىلارچۇ!

— ھەيدىسە ئۇلار ھەيدەپتۇ، مېنىڭ نېمە كارىم؟

ئوغرىلار بېسىدىن ياندى، مىسىرشاھلارنى قوغلاپ تۇتماق بولۇپ كەينىگە بۇرۇلدى. شۇ ھامان رىھىمشاھ كەينىدىن كېلىپ، ئىككى ئوغرىنىڭ گەژگىسىدىن قامالالاپ تۇتتى — دە، بىر — بىرىگە ئۇردى، باشلىرى بىر — بىرىگە قاتتىق تەككەن ئوغرىلار سونايلىنىپ يېتىپ قالدى. رىھىمشاھ ئاتتىن چۈشمەي تۇرغىنىغا قاراپ ئېتىلاي دېگەندە ئۇ ئېتىنى قامچىلاپ بەدەرقاچتى.

ئۇ شۇ قاچقىنچە باي ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە كىردى، ئۇ بوسۇغىدىلا يۈكۈندى، بىر ئاجايىپ كۆچتۈڭگۈر بالىنىڭ ئىككى ئوغرىنى بىر— بىرىگە ئۇرۇپ سونايلىتىپ ياتقۇزۇپ قويغىنىنى بايان قىلدى. باي كۈلۈپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— ھەي ئاخماقلار، سىلەر رېھىمشاھ دېگەن ئادەتتىن تاشقىرى كۆچتۈڭگۈر بالىغا يولۇقۇپسىلەر. ئۇ تۈتۈمۈڭلارنى① بىراقلا قۇرۇتمىسۇن، يەنە.

— ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق باي ئاكا؟ سىلىدىن مەسلىھەت سوراپ كەلدىم.

— ئالدىغا سوغات ئاپىرىپ، تەۋبە قىلساڭلار بىرگەپ بولار.

— ئۇ ئۇنارمۇ باي ئاكا؟

— تەۋبە قىلغاننى ئاللامۇ كەچۈرىدۇ. ئىككىنچى ئوغرىلىق قىلمايمىز، دەپ تەۋبە قىل، يەنە ئوغرىلىق قىلمەن، دېسەڭ بارماي قوي. شارغۇجىلقلار شېرىكلىرىڭنى بوش قويمايدۇ.

7

رېھىمشاھ خۇدنى يوقاتقان ئىككى ئوغرىنىڭ قولىرىنى ماتاپ باغلاپ، ھەربىرىسىنى ئۆز ئېتىغا ئۆڭگۈردى. ئۇ ئوغرىلار كالىلارنى قانداق ھەيدەپ ماڭغان بولسا، ئۇلارنىمۇ شۇنداق ھەيدەپ مەھەللىگە ئېلىپ كەلدى.

ئۇ مەھەللىگە كىرىپ كەلگەندە، پۈتۈن مەھەللىدىكى ئەر — ئايال، قېرى — ياش كوچىغا چىقىپ ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ تۇراتتى. كالىلارنىڭ ئىگىلىرى رېھىمشاھلارنىڭ كالىلارنى قايتۇرۇپ كەلگىنلىكى كەتكەنلىك خەۋىرىنى ھەش — پەش دېگۈچە تارقىتىۋەتكەنىدى. بىر چاغدا، دۈڭدىن چۈشۈۋاتقان رېھىمشاھ ۋە ئاتقا

---

① تۈتۈمۈڭ — قورۇ — جاي، ئۆي — ماكان، دېگەن سۆز.

ئۆڭگۈرۈلگەن ئوغرىلارنى كۆرگەن ئۇششاق بالىلار:

— ئەنە كەلدى، يىنىم شا ئاكاش كەيدى، — دېيىشىپ، ئالغا يۈگۈرۈشتى.

ئالدىن بارغان بالىلار ئوغرىلارغا چالما ئاتتى. رېھىمشاھ ئارچىلىمىغاندا، مەھەللە خەلقى ئوغرىلارنى چالما — كېسەك قىلغان بولاتتى. مىسىر شاھ، ھاجىقۇلىلار ئوغرىلارنى ئاتتىن چۈشۈردى، پۇت — قولىنى يېشىشتى. رېھىمشاھ ئوغرىلارنى ئامبار ئۆيگە سولاپ قويدى. ئىمام — مەزىنلەر كۆپچىلىكنى نەسىھەت قىلىپ تارقىتىۋەتتى.

ئەتىگەنلىكى كونا ئارغامچا بويى ئۆرلىگەندە، بىلىركىم رېھىمشاھنى چاقىرغاندەك قىلدى. رېھىمشاھ ئۆيدىن چىقتى، قورۇ ئالدىدا قېچىپ كەتكەن ئوغرى ئىككى ئاتنى يېتىلەپ تۇراتتى. بىر ئات ئۈستىدە يۈگەكلىك زىلچە گىلەم غانجۇغىلاقلىق ئىدى، رېھىمشاھ «ئوغرى بولسىمۇ ئۆيۈمگە كەلگەنىكەن» دەپ مېھمان سۈپىتىدە ئۆيگە باشلىدى. ئوغرى مېھمان كۆرپىگە چىقىشقا ئۇنىماي، پەگادا بېشىنى ئېگىپ تۇردى. ئۇ بوش ۋە يىلىنغان ئاۋازدا دېدى:

— ئەي ھۆرمەتلىك باھادىر، مەن ھەمراھلىرىم نامىدىن سېنىڭدىن ۋە شارغۇجىلىقلاردىن ئەپۇ سوراپ كەلدىم، بىز ئىككىنچىلەپ مۇنداق يامان ئىشنى قىلمايمىز.

— سەنلەرنى ئەپۇ قىلىشقا بولماس.

— بىز خاتا قىلدۇق، قۇرئان تۇتۇپ، قەسەم قىلىمىزكى، بىز خەلقىمىزنىڭ بىرتال يىپىنىمۇ ئوغرىلىمايمىز.

— سەنلەر پەسكەش ئوغرى، يۇرت قان كېچىپ، زالىم ئەمەلدارلار بىلەن جەڭ قىلىۋاتسا، ئەشۇ قان كېچىپ، جان بېرىۋاتقانلارنىڭ مېلىنى ئوغرىلاشتىڭ. شۇڭا سەنلەرنىڭ قەسىمىڭ يالغان، ئوغرى ھامان ئوغرىلىق قىلىدۇ. سەنلەر ئادەتلەنگەن ئوغرىلار سىلەر.

ئوغرىنىڭ گىلەم ئېلىپ كەلگىنىنى بىرىنچى بولۇپ جاماشاھ

كۆرگەندى، ئۇ دەرھال مىسىرشاھنى چاقىردى. مىسىرشاھ جامانى ئىمامنى باشلاپ كېلىشكە بۇيرىدى. ئۆزى روزى تۇگمەننى باشلاپ كەلدى، ئۇلار رېھىمشاھنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، ئۇ قايناپ سۆزلەۋاتاتتى، ئوغرى كۆزىنى يەردىن ئالماي ئولتۇراتتى. رېھىمشاھ ئىشىك ئىچىلغاندىلا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئىمام بىلەن روزى تۇگمەننى ئۆيىنىڭ تۆرىگە ئۆتكۈزدى. پاتىھەدىن كېيىن رېھىمشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خوش كېلىشىپلا ئاتىلار، — دېدى.

— ئۆيۈڭگە ئوغرى مېھمان كەپتۇ. كۆرۈشۈپ چىقىلى، دەپ كىردۇق بالام، — دېدى روزى تۇگمەن.

— ھە، ھېلىقى مەھەللىمىزنىڭ كالىلىرىنى ئوغرىلىغان مۇشۇمۇ؟ — دېدى ئىمام ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

— مەن.. . مەن تەۋبە قىلغىلى كەلدىم، — دەپ ئوغرى مېھمان ئورنىدىن تۇرۇپ ئىگىلدى، — سىلەردىن ئەپۇ سوراپ كەلدىم.

— شۇنداقمۇ؟ ھىم — ھە، رېھىمشاھ. بۇ ئوغرىلارنى نېمە قىلماقچىسەن؟ — ئىمام ئوغرىنى بېگىز قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ رېھىمشاھتىن سورىدى.

— سىلى ئىجازەت بەرسىلە مەشرەپىمىزنىڭ قازىبېگى ھۆكۈم قىلغاي.

— خوش، ئىمام ئاخۇنۇم. مەشرەپ يولى بىلەن جازالامدىلا، ياكى شەرئەت يولى بىلەن جازالامدىلا؟ — دەپ سورىدى روزى تۇگمەن.

— مەھەللىمىزنىڭ ياشلىرى ئوغرىلىق قىلغان بولسا، مەشرەپ يولى بىلەن جازالانسا بولاتتى، ئەمما بۇلار ئادەتلەنگەن ئوغرىلار ئىكەن. شۇڭا شەرئەت يولى بىلەن جازا بەرگىنىمىز، تۈزۈك.

— ئۇنداقتا مەھەللە جامائىتىمىز نامىدىن جازا بەرگەيلا.

— قالغان ئىككى ئوغرى قېنى؟ — دەپ سورىدى ئىمام. رېھىمشاھ چىقىپ، ئىككى ئوغرىنى ھەيدەپ كىردى. ئۇلار

كىرىپلا ئېگىلىپ سالام بەردى ۋە توۋا قىلىشقا باشلىدى.
— تۇز ئۇلتۇرۇش، شەرىئەت ھۆكۈمىنى ئاڭلاش، — دەپ ئىمام غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى.
ئوغرىلار قورۇققىنىدىن غال — غال تىترەپ، يەك تىز ئولتۇرۇشتى.
— شەرىئەتتە ئوغرىلارنى جازالاشنىڭ نەچچە ئون تۈرى بار، ئەرەپ ئەللىرى ئوغرىلارنىڭ قىلمىشى ئېغىر بولسا، پۇت — قولىنى كېسىپ تاشلايدۇ ياكى كۆزىنى ئويىۋالىدۇ. يېنىكرەكلىرىنىڭ ئاغزىنى ياكى بۇرنىنى كېسىپ تاشلايدۇ. خەلق ئۇلارنى كۆرگەنلا يەردە «ئوغرىكەن» دەپ يىرگىنىدۇ، يۈزىگە تۈكۈرىدۇ. بىز كەسمەيمىز. ئەمما دەررە ئۇرىمىز، سىلەرنىڭ باشلىقىڭلار كىم؟ ئۇنىڭغا يۈز دەررە. . .
ئىمامنىڭ ھۆكۈمى تۈگۈمەيلا ئۈچ ئوغرى ئۆزلىرىنى سۆپىغا تاشلاپ، تارام — تارام ياش تۆكۈپ يىلىندى:
— ئىمام ئاخۇنۇم، بىز ئادىشىپتۇق، ئاتا — ئانىمىز نامىدىن، خۇدا نامىدىن قەسەمكى، ھەرگىز ئوغرىلىق قىلمايمىز، توغرا تىرىكچىلىك قىلىمىز. بىزنى كەچۈرۈشسىلە.
— ئىمام ئاخۇنۇم، تەۋبە قىلساق ئاللامۇ كەچۈرىدىغۇ!
ئۇلارنىڭ چىن دىلىدىن چىققان ۋەدىلىرى چوڭلارنىڭ كۆڭلىنى ئېرىتتى، قېرىلارنىڭ كۆڭلى يۇمشاق، كۆكسى — قارنى كەڭ بولىدۇ، بولۇپمۇ دېھقانلار شۇنداق. ئىمامنىڭ «پۇت — قولىنى كېسىش، يۈز دەررە» دېگىنىنى ئاڭلاپلا روزى تۈگمەننىڭ ئوغرىلارغا ئىچى ئاغرىغانىدى. ئوغرىلار ماڭقىسىنى ئېقىتىۋېدى، تېخىمۇ ئېرىپ كەتتى. ئۇ ئىمامغا مەسلىھەت بەردى:
— بۇ ناكەسلەرنى شاش ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ، شارغۇجىنىڭ تاغۇ — تاشلىرىغا ھايدىۋەتسەكمۇ گۇناھى ساقىت بولماس. لېكىنزە، بۇلار تەۋبە قىلايلى، دېگەنىكەن، تەۋبە قىلدۇرايلى، ئاللا ئىگەم تەۋبىسىنى قوبۇل ئەيلىسە، بەلكىم تۈزۈلۈپ قالار.

گىلەم ئېلىپ كەلگەن ئوغرى ئېغىز ئاچتى:

— ئىمام ئاخۇنكا، مەھەللىمىزنىڭ شاگىيۇسى سىلىگە سالام ئېيىتتى ۋە مەسچىتلىرىگە ئىككى پارچە گىلەم ئەۋەتتى.

بۇ گەپ ئىمام ئاخۇننىڭ بايىقى قاتتىق ھۆكۈمىنى بوشىتىۋەتتى، ئەمما ئۇ ئەلپازىنى ئۆزگەرتمەي، ئوغرىلارغا قاتتىق تەنبىھ بەردى:

— ھەي تۇزكور ئوغرىلار، ئىنساپ — دىيانەت ئەقىدىمىزنىڭ جەۋھىرى ئىكەنلىكىنى بىلىشمەمسەن؟ خەير، روزاخۇن ئارىلىشىپ قالدى، شاگىيۇمۇ ئىلتىپات قىپتۇ. بۇندىن كېيىن دىيانەتلىك بولۇپ، ئىنساپ بىلەن ياشاشقىن، يەنە ئوغرىلىق قىلساڭ خۇدا ئۇرۇدۇ. ئىمام شۇنداق دەپ سورىدى، — خوش بالام، كەچۇرۇم قىلىمىزمۇ؟

— سىلەر ئارىلاشمىغان بولساڭلار بۇلارنىڭ ئەدىپىنى ئوبدان بېرىپ قوياتتىم. ھېلىھەم بولسىمۇ بوش قويۇۋەتكىلى بولمايدۇ. يۈزىگە كۆيە سۈركەپ، ئاتلىرىغا تەتۈر مىندۈرۈپ ماڭغۇزايلى.

— سىنىڭچە بولسۇن، ھازىر بۇلار تەۋبە قىلسۇن!

ئوغرىلار توۋا قىلدى ۋە «يەنە ئوغرىلىق قىلساق خۇدا ئۇرسۇن» دەپ قەسەم بەردى.

رېھىمشاھ، مىسىرشاھلار قازاننىڭ كۆيىسىنى ئەكىرىپ، ئوغرىلارنىڭ يۈزىگە سۈركىدى. جاماشاھ كوچىغا چىقىپ، شارغۇجىلىقلارغا جاكا قىلدى:

— ئەي قېرىنداشلار، يۇرتداشلار، ھازىر كالا ئوغرىلىرى سازايىسىنى تارتىدۇ، چىقىپ كۆرۈڭلار!

ئۆي — ئۆيدىن، ئاۋىلەن ئۇششاق باللار، ئاندىن بوۋاي — مومايلار، ئاياللار، قىزلار چىقىشقا باشلىندى، كوچا ئادەمگە توۋلىدى.

رېھىمشاھنىڭ ھويلىسىدىن يۈز — كۆزى قارا كۆيە، ئاتلىرىغا تەتۈر مىنگەن ئۈچ ئاتلىق چىقىپ كەلدى. بۇلارنى كۆرگەن شارغۇجىلىقلار كۈلۈپ، تىلىقىپ قالدى، رېھىمشاھ ئۇلارنى كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن — بۇ بېشىغىچە ھەيدەپ سازايى قىلدى.

جاماشاھ ئالدىدا جار سېلىپ ماڭدى:

تۇپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلىغانلار،
تەۋبە قىلىپ ئىتتەك يورغىلىغانلار.

ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۇششاق باللار چالما ئېتىپ، مەھەللىدىن چىقىرىۋەتتى، رېھىمشاھ ئىككى گىلەمنى مەسچىتكە ئاپىرىپ سېلىپ قويدى.

شۇكۈندىن تارتىپ، شارغوجىلىقلارنىڭ ماللىرىغا ئوغرى تەگمىدى، چۈنكى، رېھىمشاھنىڭ ئۈچ ئوغرىنى تۇتۇپ سازايى قىلغىنى ئەتراپقا پۇر كەتكەندى.

رېھىمشاھنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىشلىرىغا قىزىقامسىز، بۇلارنى ئېنىق بىلمەكچى بولسىڭىز 4 — بابنى كۆرۈپ بېقىڭ.

# 4 — باپ پالۋان

1

خىرە — شىرە تاڭ ئاتتى. رېھىمشاھ قورۇسىدىن كوچىغا چىقتى. ئۇ بىر ئاتقا مىنىپ ئىككى تاغار بۇغداي ئارتىلغان ئېتىنى يېتىلىۋالغانىدى، بۇ ئۇنىڭ ئۈچىنچى قېتىم غەللە — پاراق توكۇشكە مېڭىشى ئىدى. بۇ كەڭ دالىدىكى ئۆسۈملۈكلەر سارغايغان، ھاۋا سالقىنلاپ قالغان ۋاقىت ئىدى. ئۇ دالىنى كۆزدىن كۆچۈرگەچ ئېتىنى يورغىسىغا سالدى، ئۇ بوز ئاتنىڭ سىلىق يورغىسىدا، خۇددى بۆشۈكتە ياتقاندەك ھوزۇرلىنىپ ماڭدى. لېكىن، بۇ ھوزۇرنى قايغۇلۇق خىيال يىپلىرى بۇزۇۋەتتى، بىر يىلدىن بېرى ئۇ مۇشۇنداق

ئېغىر خىياللارغا پاتىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ خىيالچان بولۇپ قېلىشىغا مىلادىيىنىڭ 1871 — يىلى 5 — ئاينىڭ 15 — كۈنىدىن 7 — ئاينىڭ 14 — كۈنىگىچە بولغان قانلىق جەڭ سەۋەبچى بولغانىدى. ..

ئەلا پالۋان، توقلەك بەگلەر قوشۇنىدىن كەتمەن يېزىسىدا دەككىسىنى يېگەن چارپادىشاھ گېنېرالى كالپا كوۋسكى هارام نىيىتىدىن يانمىغانىدى. ئۇ ئاشۇرىبەگنى سېتىۋالدى، بۇ خائىنىنىڭ يول باشلىشى بىلەن كالپاكوۋسكى نۇرغۇن سەرخىل ئەسكىرى ۋە ئېغىر زەمبىرەكلىرى بىلەن قورغاس ئېغىزىدىن يوشۇرۇن بېسىپ كىردى. ئەلا پالۋان قوشۇنى تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئاخىرقى دەقىقىگىچە جەڭ قىلدى، بىراق ئۇلار مەخپى قىلىنغان بۇ ھۇجۇمدا، قورقاقلارنىڭ سېپىل دەرۋازا ئاچقۇچىنى كالپاكوۋسكىغا ئىككى قوللاپ تاپشۇرۇشى بىلەن مەغلۇپ بولدى. كالپاكوۋسكى ئەلا پالۋان قوشۇنىنى رەھىمسىزلەرچە قىردى. تىرىك قالغانلىرىنى پالىدى، غۇلجا شەھىرىگە ئوت قويدى، خەلقنىڭ مال — بايلىقىنى بۇلاپ — تالىدى، ۋەھشىيلەر ئىلىلىقلارنىڭ جەسەتلىرى ئۈستىدە ئادىنوشكا ئوينىدى. مانا شۇ جەسەتلەر ئىچىدە رېھىمشاھنىڭ دادىسى ھاسانشاھنىڭمۇ جەسىتى بار ئىدى. ھاسانشاھ كۆرە قەلئەسى ئېلىنغاندىن كېيىن، قىسقارتىلغان لەشكەرلەر قاتارىدا شارغۇجىغا قايتىپ كېلىپ، ئوغلىنى ئۆيلىگەنىدى، ئۇ كالپاكوۋسكىنىڭ قورغاس ئېغىزىدىن بېسىپ كىرگىنىنى ئاڭلاپلا، ئون نەچچە يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ، بىر كېچىدىلا شەھەرگە كىردى ۋە چارپادىشاھ ئەسكەرلىرى بىلەن باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ، قۇربان بولدى.

چارروسسىيە مۇقەددەس زېمىنىمىزنى بېسىۋالدى. كالپا كوۋسكى ئەلا سۇلتانىنىڭ «ئۆستۈرمە سېلىق، ھاشار، ئالۋان — ياساقلار بىكار قىلىندى. ھەر بىر تۈتۈن ئالغان مەھسۇلاتىغا قاراپ غەللە پاراق تاپشۇرىدۇ» دېگەن پەرمانىنى بىكار قىلدى، ئۇ تۈتۈن بېشىغا 20 خودىن غەللە — پاراق تۆكۈش پەرمانىنى چىقاردى. ئۇ بۇ

ئاشلىقنى چاررۇسىيىگە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. رېھىمشاھ دادىسىنىڭ «دەننى ۋاقتىدا تۆكمىسەم كۆتۈمگە قوزۇق قاقىدۇ» دېگىنىنى ئەمدى چۈشەندى. چىن خاندانلىقىنىڭ ئەمەلدارلىرى قوزۇق قاقسا، ئاق پادىشاھنىڭ ئەمەلدارلىرى نەيزە سانجىيدۇ. بۇ ھال ئەمدى رېھىمشاھنىڭ بېشىغا كەلدى.

رېھىمشاھ خىيال بىلەن ياماتۇغا كېلىپ قالغىنىنى بىلمەي قالدى، ئوغرىلانغان كاللىلار ھەيدەپ كېلىنگەن دەريا بويىنى كۆرۈپ سەگەكلەشتى. ئۆزى تۇتۇپ سازايىنى بەرگەن ئوغرىلار ئۇنى بوش قويماسلىقى مۇمكىن ئىدى. ئۇ دادىسىنىڭ ئوقۇشقا ئېلىپ ماڭغاندا، ياماتۇنىڭ تارىخىنى سۆزلىگەنلىگىنى ئەسلىدى، ھاسانشاھ ئۇلارغا مۇنداق ھېكايە قىلىپ بەرگەنىدى. «ياما تۇدا كېمە دەرياغا چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئوغرى، قاراقچىلار كېمە بويىغا ماكانلىشىۋاپتۇ، ئۇلار كېمىدىن يالغۇز ئۆتكەنلەرنى بۇلاپتۇ، شۇڭا خەلق بۇ كېمە بويىنى ‹يامانلارتۇرغان› دەپ ئاتىشىپتۇ، بۇ سۆز يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىسقارتىلىپ ‹ياماتۇر› غا ئۆزگىرىپتۇ، كېيىنچە ‹ن› ھەرپى، ئاندىن ‹ر› ھەرپى چۈشۈپ قېلىپ، جانلىق تىلىمىزدا ‹ياماتۇ› دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ يەردىن ئۆتكەندە سەگەك بولۇڭلار، قولۇڭلارغا دەرەڭگە[1] ئېلىپ ئۆتۈڭلار». رېھىمشاھ دەرەڭگە تۇتۇپ ماڭمىدى، قاشتىن كېمە ئېگىزرەك ئىدى. تاغار ئارتىلغان ئات كېمىگە چىقالمىدى. رېھىمشاھ ئالدى بىلەن بوز ئېتىنى كېمىگە چىقاردى، ئاندىن تاغارنى يېشىپ، ئىككى قولتۇقىغا قىسىپ كېمىگە چىقتى، ئۇنىڭ كەينىدىن ماراپ يۈرگەن قاراقچىلار بۇ كۆچتۈڭگۈرلىگىنى كۆرۈپ، رېھىمشاھتىن ھېيىقتى.

## 2

رېھىمشاھ كېمىدىن ئۆتۈپلا جىددەللەپ ماڭدى، ئۇ قاراڭغۇ

① دەرەڭگە — بېشى دۈگىلەك توخماق. ئاپتور.

چۈشكۈچە غەللە — پاراقنى تاپشۇرۇپ بولمىسا بولمايتتى، ئۇ كۈن قىيىلغاندا شەھەرگە كىردى. مىنگەن ئېتى قارا تەرگە چۆمگەن، ئاغار ئارتقان ئات بولدۇرۇپ قالغان، ئۆزىنىڭمۇ ئۇچەيلىرى ئارتىشىپ قورسىقى غولدۇرلاشقا باشلىغانىدى. ئۇ ئاتلىرىنى دەم ئالدۇرغاچ تاماق يەۋالماقچى بولدى. كۆتەمە ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىدىكى موما ياغاچقا كۆمۈش ئىگەر — جابدۇق بىلەن ئىگەرلەنگەن تورۇق ئات باغلاقلىق تۇراتتى، رېھىمشاھ ئەشۇ موما ياغاچقا ئاتلىرىنى قاڭتۇرۇپ باغلىدى — دە، ئاشپۇزۇلغا كىرىپ ئورۇن ئالدى. چەينەكتىكى دەملەكلىك چايدىن چىنىگە قۇيدى، ناننى ئوشتىدى، ئۇ نان، يەل — يېمىش بىلەن چاي ئىچىشكە كىرىشتى. ئاشپۇزۇلنىڭ تاڭجاڭى كېلىپ:

— خوش كەپسىز مېھمان، نىمە بۇيرۇيسىز كىن؟ — دەپ سورىدى.

— ئۈچ تەخسە پىلتا لەغمەن، ئىككى تەخسە قورۇما.

— خوپ، — دەپ تەنجاڭ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى، — ئۈچ تاۋاق لەغمەن، ئىككى تەخسە قورۇما! ۋاي كېلىڭ!

— لەغمەن بارماقتەك چوڭلۇقتا بولسۇن، ئوبدان پىشسۇن — ھە!

— خوپ!

رېھىمشاھ بىر دەمدىلا بىر چەينەك چاي بىلەن ئۈچ گىردىنى يەپ بولدى ۋە بوم ئاۋازدا چاقىردى:

— ھاي تاڭجاڭ، چاي، نان كەلتۈر.

تاڭجاڭ كېلىپ بىر جوزىغا، بىر رېھىمشاھقا قارىدى، ئادەتتە ئاشپۇزۇللاردا تاماق پىشقىچە ئېغىزلىنىپ تۇرۇشقا نان، چاي، قۇرۇق يەل — يېمىش تىزىپ قويۇلاتتى. خېرىدار خالىسا بىرەر پارچە نان بىلەن چاي ئىچىپ قوياتتى، بۇلارغا پۇل ئالمايتتى. شۇ تاپتا رېھىمشاھ ئولتۇرغان جوزىدا قۇرۇق تەخسە بىلەن قۇرۇق چەينەك تۇراتتى. تاڭجاڭ گۇمانلىنىپ، رېھىمشاھنىڭ پوتىسىغا، قوينىغا

قارىدى ۋە ھەيران قالدى، رىھىمشاھ گۆلەيدى:

— ھە، نىمىگە قارايسەن؟ ھەممىنى يەۋەتتىم، يەنە كەلتۈر

— خوش غوجام، خاپا بولمىغىلىق، ھازىر تەييار قىلىمەن.

لەغمەننى كەم دىگەندە يىگىرمە مىنۇت قايناتمىسا پىشمايتتى، تاڭجاڭ ئىتتىك بىرىپ، يەنە ئۈچ گىردە، بىر چەينەك چاي ئەكەلدى. رىھىمشاھ بۇلارنىمۇ سوقۇۋېپ بولۇشىغا ئىككى چوڭ تەخسە قىيما، ئۈچ تاۋاق لەغمەن جوزىدا تەييار بولدى، رىھىمشاھ تاماققا ئىشتەي بىلەن كىرىشتى، ئۇ ھىچنىمە يىمىگەندەك بۇ دۇككەتەي ئولتۇرۇپ، بارماقتەك چوڭلۇقتا سوزۇلغان لەغمەننى يىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ يىنىدىكى جوزىدا ئولتۇرغان بوم ساقاللىق كىرژاك[1]بۇنى كۆرۈپ:

— نو، مانا سارت ئۆلەدى، — دەپ مۇرىسىنى چىقىرىپ قويدى.

رىھىمشاھ ئۈچ تاۋاق لەغمەننى پاك — پاكىزە سوقۇۋەتتى ۋە تاڭجاڭ ئىلىپ چىققان بىر تەشتەك ئاش سۈيىنى تەخسىگە قۇيۇپ ئىچىشكە باشلىدى. ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇرغان كىرژاك :

— نو، ئىندى ئۆلمەيدۇ، — دەپ ئورنىدىن تۇردى.

ئاش سۈيىنىڭ يىرىمىنى ئىچىپ بولۇشىغا رىھىمشاھنىڭ سالپاڭ قۇلىقى بوز ئاتنىڭ كىشنىگىنىنى ئاڭلىدى. ئۇ كوچىغا ئىتتىك چىقتى. ئۈچ ئات بىر — بىرىنى چىشلەپ، تىپىشىۋاتاتتى. رىھىمشاھ ئاتلار يىنىغا بارغۇچە تورۇق ئاتنىڭ كەينى پۇتى تاغارغا تىگىپ يىرتىۋەتتى، بۇغداي شورىدە قىلىپ يەرگە تۆكۈلدى. رىھىمشاھ ئاتلىرىنى باغلاقتىن يەشتى، نىرىراق ئىلىپ باردى. ئاندىن كىلىپ تۆكۈلگەن بۇغداينى قالپىقىغا سىلىشقا باشلىدى. شۇ ئارىدا ئاشپۇزۇلدىن غاز بويۇن، ئات يۈزلۈك، سىم بۇرۇت بىر بايۋەچچە كىكىرىپ چىقتى، ئۇ غادايغىنىچە تورۇق ئاتنىڭ يىنىغا كەلدى، ئۇ ئۇزەڭگە تاسمىسىنىڭ ئۈزۈلگىنىنى كۆرۈپ، سەپراسى ئۆرلىدى.

---

[1] كىرژاك — كازاك ئورۇس.

— بۇ نېمە ئىش، ھە؟! سەن سەرالىقنىڭ ئىتى تېپىپ، كۈمۈش ئۈزەڭگەمنىڭ تاسمىسىنى ئۈزۈپتۇ — دە، يەنە ئېيغىرنىڭ ساغرىسىنى چىشلەپتۇ. ھەي تورپايى، ئېتىڭنى باشقا ياققا باغلىساڭ بولمامتى؟!

— ئاشپۇزۇلنىڭ ئات باغلايدىغان مۇشۇ بىرلا موم ياغىچى تۇرسا، ئۇندىن باشقا نەگە باغلايتتىم؟!

— ھاي ئېيغىرى ھوكىرەيسەنغۇ؟!

— مېنىڭ تاغىرىمنى ئېتىڭىز تېپىپ يېرىۋىتتى، ساڭغا تاپشۇرىدىغان مۇنۇ بوغداي چېچىلدى، بۇنىڭغا مەن پەلەن دىمىسەم سىز كۆكەپلا كەتتىڭىزغۇ؟

— ھە، نېمە، نېمە دېدىڭ؟ مېنى ئېيغىرى كۆكەمە دەپ تىللاۋاتىسەنا، سەن شۇنچىلىك كىم ئىدىڭ؟! — دەپ بايۋەچچە دېۋەيلەپ كەلدى، رېھىمشاھ قېتىغىمۇ ئالماي، قالپىقىغا تېرىپ سالغان بوغداينى تاغارغا توكتى، ئاندىن يەردىكى بوغداينى ئۇ ئالىقىنىدىن — بۇ ئالىقىنىغا ئېلىپ پۈدىدى. ئۇنىڭ دېۋەيلەپ كېلىپ ئاغزىغا ئالغۇسىز تىللاۋاتقان بايۋەچچە بىلەن جىدەللىشىپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتى يوق ئىدى، شۇڭا ئاگاھلاندۇرۇپلا قويدى:

— ھەي بايۋەچچە، توقۇمۇڭنى قارنىڭغا ئالمىساڭ بولارمىكىن!

بايۋەچچە ئۇنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى «پوپوزا قىلىۋاتىدۇ» دەپ چۈشەندى بولغاي، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ بوغدىيىنى سورۇپ تازىلاۋاتقان رېھىمشاھنىڭ كوتىگە بىرنى تەپتى. رېھىمشاھنىڭ سەۋر قاچىسى سۇندى. ئۇ بايۋەچچىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ تىك كۆتۈرگەن پېتى ئاشپۇزۇلنىڭ تېمىغا نىقتىدى. ئىككى پۇتى يەرگە تەگمەي تېپىرلاۋاتقان بايۋەچچە:

— ھاي ساۋۇر، ھاي داۋۇر تۇرەك، مۇنۇ خومسا...

بايۋەچچىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان تۆتەيلەن ئاشپۇزۇلدىن يۈگۈرۈپ چىقىشتى، ئۇلار يوپۇرۇلۇپ كېلىشكەچ رېھىمشاھ بايۋەچچىنى توتىگە قارىتىپ ئاتتى. بايۋەچچە توت نوچىسىغا ئۇرۇلۇپ

ئۇلارنىمۇ يىقىتىۋەتتى. ئالدىراپ تۇرغان رېھىمشاھ ئاشپۇزۇلنىڭ سۇپۇرگىنىسىدىن تېۋىلغا سۇندۇردى. تۆت نوچى «ئەمدى سۇپۇرگە بىلەن ئۇرۇلدىغان بولدى» دەپ ئويلاپ قۇيرۇقىنى خادا قىلدى. رېھىمشاھ ئۇلارغا قاراپمۇ قويماي، سۇپۇرگىدىن بىر نەچچە تېۋىلغىنى ئۇشتۇۋېلىپ، تاغىرىنى تىكتى. ئۇ ئالدىراپ ساڭغا بارغاندا، تارازىچى:

— ئورۇسلار بۇگۈندىن باشلاپ، دەننى باياندايغا تۆكۈشنى بۇيرىدى، — دېدى.

— نېمىشقا؟

— روسىيىگە توشۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن شۇنداق قىلسا كېرەك.

3

رېھىمشاھ ئەتىسى باياندايى سېڭىغا بۇغدايىنى تۆكۈپ كەلدى. ئۇ ئۆزى دائىم چۈشىدىغان توپا دەڭگە چۈشتى. ئاتلىرىغا بېدە تاشلاپ بېرىپ، چايخانىغا كىردى، چايخانىدا خېلى كۆپ ئادەم بار ئىدى، ئۇلار چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىۋاتاتتى. بۇلار رېھىمشاھقا ئوخشاش غەللە — پاراق تاپشۇرغىلى كەلگەن دېھقانلار ئىدى. بىر ياش بالا بىر گىردە، بىر چەينەك چاي، پىيالە سېلىنغان پەتنۇسنى رېھىمشاھنىڭ ئالدىغا قويدى، رېھىمشاھ:

— يەنە ئىككى پەتنۇس ئەكەل، — دەپ بويرىدى.

رېھىمشاھنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان قارا ساقاللىق ئادەم چايدىن بىر ئوتلاۋېلىپ پارىڭىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئەتە بولىدىغان چېلىشىش راسا قىزىيدۇ جومۇڭلار، چۈنكى، ئەتە ھەمرا بۆككى① چېلىشىدۇ — دە، ھەمرا بۆككىگە ئىلىدىن تەڭ

---

① بۆككى — بۇرۇن پالۋانلارنى ئۇيغۇرلار بۆككى دەيتتى.

كىلەر پالۋان چىقمىغان.

رېھىمشاھنىڭ كۆز ئالدىغا ئەلا پالۋان بىلەن چېلىشقان ۋاقتى كەلدى. ئۇ چاغدا ھەمرا پالۋان چېلىششنى باشقۇرغان، ئۇلار چېلىشمىغاچقا رېھىمشاھ ھەمرا پالۋاننىڭ چېلىشىش ماھارىتىنى كۆرمىگەنىدى. چايچىلار ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلغانسېرى رېھىمشاھنىڭ ئۇنىڭ ماھارىتىنى شۇنچە كۆرگۈسى كەلدى. ئۇ چېيىنى ئىچىپ بولۇپ ئاتلىرىنى سۇغۇردى، يەم تۆكۈپ بېرىپ بولۇپ ئۇخلىدى.

ئەتىسى ئۇ بوز ئېتىنى ئىگەرلەپ مىندى، قارا ساقاللىق دېھقانغا ئەگىشىپ قارا دۆڭدىكى روشەنباغقا باردى. روشەنباغنى كىشىلەر «مەردلەر مەيدانى» دېيىشەتتى. بۇ كۈنى ئۇ يەردە سانجاق ئادەم يۇرەتتى، مەسچىتنىڭ پەشتىقىدا ناغرا — سۇناي چېلىنىۋاتاتتى. كىشىلەر ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان كۆكتېرەكلەر سايىسىدە ئولتۇراتتى، ئالدىنقى قاتاردىكىلەر بەداشقان قۇرۇپ، كەينىدىكىلەر تىزلىنىپ ياكى زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشاتتى، ئەڭ كەينىدىكىلەر ئۆرە تۇرۇشاتتى. تەرتىپ ساقلىغۇچىلار مەيداننىڭ ئىچىگە كىرمەكچى بولغان باللارنى قولىدىكى تال چىۋىق بىلەن ئۇچۇقداپ قوياتتى. رېھىمشاھ ئېتىنى قارىياغاچقا باغلىدى. مەيداننىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئالدىدىن ئورۇن ئالدى. روشەنباغ ئىسمى جىسمىغا لايىق باغ ئىدى. ئادەتتىكى كۈنلىرى بۇ يەردە قۇشلار خۇشناۋا قىلىشاتتى. ئۆتكەن — كەچكەنلەر بۇ يەرگە دان تاشلاپ ئۆتەتتى. شۇڭا بۇ يەرگە كەپتەر، بۇلبۇل، كاككۇك، قارغۇجا، قۇشقاچقا ئوخشاش قۇشلار ماكانلاشقانىدى، بولۇپمۇ كۆك كەپتەرلەر شامەشرەپ ياتقان ئۆڭكۈرنى ئۇۋا قىلىۋالغانىدى. كەپتەرلەر ئادەمدىن قاچمايتتى، ئادەملەر ئۇلارغا تەگمەيتتى — دە! بۈگۈن بۇ قۇشلارنىڭ خۇشناۋا ئاۋازىنى ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ — چۇرۇڭى بېسىپ كەتكەنىدى، بىردىن ۋاراڭ — چۇرۇڭ بېسىقتى، ھەممىنىڭ كۆزى مەيداننىڭ سەھنىسى تەرەپكە تىكىلدى، رېھىمشاھنىڭ يوغان بېشىمۇ بۇرالدى. بىر توپ ئاتلىق دەبدەبە بىلەن سەھنىگە يېقىنلىشىۋاتاتتى، ئۇلار ئاق

توجوركا، ئاق شىم كىيىپ، بېلىنى كەڭ تاسما پوتا بىلەن باغلىغانىدى، تاسمىغا مورىسىدىن تارتىلغان ئىنچىكىرەك تاسما توتىشىپ تۇراتتى. ئوڭ بەللىرىدە تاسما قاپچۇق بار ئىدى. رېھىمشاھ تاسما قاپچۇقنىڭ تاپانچىنىڭ قېپى ئىكەنلىكىنى بىلدى. سول تەرىپىدە قىلىچ ساڭگىلاپ تۇراتتى. شاپ بۇرۇتلۇق بۇ ئاتلىقلارنىڭ قاسقان شەپكىسىنىڭ ئاستىدىكى قوشۇمىسى تۇرۇلگەنىدى. مورىسىدە زەر پوپوكلۇك پاگونى يالتىراپ تۇراتتى.

— ھىم — ھە، — دېدى رېھىمشاھنىڭ يېنىدىكى قارا ساقاللىق دېھقان، — ئاق پادىشاھنىڭ جاللاتلىرىمۇ كەلدى.

چارروسىيە ھەربىي ئەمەلدارلىرىنى مىلتىقلىق ئەسكەرلىرى مۇھاپىزەت قىلىپ كەلگەنىدى. بوۋاق ھېكىم ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئىززەت — ئىكرام بىلەن سەھنىگە باشلىدى.

4

بوۋاق ھېكىم، يەنى ئىلياس ھېكىمنىڭ[①] يېنىدا ئولتۇرغان شاپ بۇرۇتلۇق ھەربى بىر نىمىلەر دېگەندەك قىلدى، بوۋاق ھېكىمنىڭ ئارقىسىدا ئۆرە تۇرغان تىلماچ ئۆرۈپ بەردى. بوۋاق ھېكىم يەنە بىر ئوردا ئەمەلدارىغا قول ئىشارىسى قىلدى، چېلىشىش باشقۇرغۇچى نوگايدىن ياسىۋالغان كانەيىنىڭ ئىنچىكە تەرىپىنى ئاغزىغا يېقىن قىلىپ جاكارلىدى:

— ھازىر چېلىشىش باشلىنىدۇ، ھەمرا بۆككى باش پالۋان، ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىشنى خالىغانلار مەيدانغا چۈشسۇن ۋە ماڭا ئۆزىنى مەلۇم قىلسۇن، بۈگۈنكى چېلىشىشتا يېڭىپ چىققۇچىغا ئىلياسخان ھېكىم بىر ئات ئىنئام قىلىدۇر.

مەيدان داۋالغۇدى. بىر مەزگىلگىچە ھېچكىم مەيدانغا

---

① ئىلياس ھېكىمنى كىشىلەر بوۋاق ھېكىم دېيىتتى.

www.uyghurkitap.com

چۈشمىدى، پەقەت ئاق سۇپ كۆينەك — تامبال كىيگەن، بېلىنى قارا پوتا بىلەن باغلىغان، بېشىغا تارانچى قالپىقى كىيگەن قىرىق ياش ئەتراپىدىكى بەستلىك، قارا بۇرۇتلۇق پالۋانلا مەيداندا يەككە — يېگانە ئايلىنىپ يۈرەتتى، رېھىمشاھ بىر قاراپلا بۇ ئادەمنى تونىدى، «ھەمرا بۆككى!» دېگەن سۆز ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئىختىيارسىز چىقىپ كەتتى.

ۋاراڭ — چۇرۇڭنىڭ بېسىققىنىنى كۆرگەن رېھىمشاھ ئەتراپقا قارىدى، قارشى تەرەپتىن ئېگىز بويلۇق، بەستلىك بىر ئادەمنىڭ مەيدانغا كىرىۋاتقىنىنى كۆردى. ھەمرا پالۋان ئۇنىڭ ئالدىغا باردى، ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى، ئاندىن ئۇلار لەرزان قەدەملەر بىلەن مەيداننى بىر ئايلاندى. مەيدان يەنە شاۋ — شۇۋغا تولدى. بۇ شاۋ — شۇۋ ئىچىدە پالۋانلار مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاشتى، چېلىشىش باشقۇرغۇچى كېلىپ، ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى تەكشۈردى، ھېچنېمە چىقمىغاندىن كېيىن قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ سىلكىدى:

— باشلاڭلار!

مەيدان يەنە تىمتاسلىققا چۆمدى، ۋاراڭ — چۇرۇڭ ئورنىنى دۇمباق ساداسى ئىگىلىدى، بۇ چېلىشىشنى باشلاش دۇمبىقى ئىدى. پالۋانلار قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئاندىن كەينىگە بىر قەدەم چېكىنىشتى، ئېگىلىشتى، بىر — بىرىنى پايلاشتى، ئېگىز بويلۇق پالۋان بىردىن ئېتىلىپ، ھەمرا پالۋاننىڭ پوتىسىغا ئوڭ قولىنى كىرگۈزۈۋالدى، ھەمرا پالۋان شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ئوڭ قولىنى رەقىبىنىڭ سول قولتۇقىدىن كىرگۈزدى. ئۇلار بەللەشتى، ئېغاڭلاشتى، كۆز ئۈزمەي زەن سېلىپ قاراپ ئولتۇرغان رېھىمشاھ ئۇلارنىڭ كۈچ سىنىشىۋاتقىنىنى چۈشەندى. ئېگىز پالۋان تەجرىبىلىك ھەم كۈچلۈك بولسا كېرەك، ئۇ ھەمرا پالۋاننىڭ بېلىنى قورىدى، مەيداندا ۋاراڭ — چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى:

— ئاتاقلىق بۆككى يىقىلارمۇ؟

— ھەي تاڭەي، ئېگىز بويلۇقنىڭ بەستى بولغىنى بىلەن ھەمرا بۆككىنىڭ پەمى بار.

ئېگىز بويلۇق پالۋان ھەمرا پالۋاننى كۆتۈرمەكچــى بولۇپ كۈچىدى، شۇ ھامان مەيداندا قېقاس كۆتۈرۈلدى:
— يامپاشقا ئال، يامپاشقا!
— ھەمرا بۆككى؟ بوش كەلمە!
قوللىغۇچىلارنىڭ مەدىتىدە ھەمرا پالۋان بوش كەلمىدى، ئۇ چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى يانغا ئالدى، ئېگىز پالۋاننىڭ يامپاشقا ئېلىپ يەرگە ئۇرۇش پەنتىسى بىكار كەتتى. رېھىمشاھ ھەمرا پالۋاننىڭ ھۇجۇمغا ئۆتمەي، يا كۈچىمەي، مۇداپىئەدە تۇرغىنىغا ئىچى پۇشۇپ ئولتۇراتتى، ئەمدى بىلدىكى، ھەمرا پالۋان رەقىبىنىڭ پەمــى، ھۇنىرىنى بىلىۋالماقچى، ھالسىراتماقچــى ئىــدى. ئۇ ئۆزىچە خۇلاسىلىدى: «رەقىبىڭ كۈچلۈك بولسا، كۈچىنى خورىتىش پەمىنى ئىشلىتىش لازىم ئىكەن».
ھەمرا پالۋاننىڭ پەمىگە رەقىبى ئالدانغانىدى، ئېگىز پالۋان قىزىشىپ، ھەدەپ ھەمرا پالۋاننى كۆتۈرۈپ تاشلاشقا كۈچەۋەردى. تاماشىچىلارنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ ۋارقىــرىشاتتــى، باللــار ئۇشقىتىشاتتى:
— غەيرەت قىل!
— قاتتىق كۈچە!
— ئوڭغا باس!
ئېگىز پالۋان بۇ چاقىرىقلاردىن مەدەت ئېلىپ، ھەمرا پالۋاننىڭ بېلىنى قاتتىق قورىدى، بار كۈچى بىلەن كۆتۈرۈشكە تىرىشتى. ھەمرا پالۋان تەمكىن ھالدا كۈچەنمەي مۇداپىئەدە تۇرۇۋەردى، ئۇ بىردىن تولغىنىپ، ئېگىز پالۋاننى يانپىشىغا ئالدى — دە، يەرگە ئېتىۋەتتى، ئېگىز پالۋان ناردىن يىقىلغاندەك گۈپلا چۈشتى، مەيداندا تەنتەنە سادالىرى ياڭرىدى.
— ياشاپ كەت!
— ھەقىقى بۆككى ئىكەنسەن!

5

رىھىمشاھ بۇ چېلىشىشتىن ھەمرا پالۋاننىڭ كۈچ سىنىشىش، كۈچىنى ئاياش، كۈچ خورىتىش، چاققانلىق، تېز ھۇجۇم بىلەن يانپاشقا ئېلىشقا ئوخشاش ماھارىتىنى كۆردى، ئۇ مۇنداق چېلىشىش ماھارەتلىرىنى بىلمەيتتى، پەقەت قارا كۈچىگە تايىنىپلا پالۋانلارنى يىقىتىپ كەلگەنىدى. بۇگۈن چېلىشىشنىڭ ماھارەت، جاسارەت، باتۇرلۇق، قەيسەرلىك يېتىشتۈرىدىغان ۋە ئادەمنىڭ تاۋلايدىغان ھەركەتلىكىنى چۈشەندى. چېلىشىش بارغانچە قىزىدى، ھەمرا پالۋان ئۆز ئىختىيارى بىلەن مەيدانغا چۈشكەن پالۋانلارنى يىقىتىۋەردى. ئۇنىڭغا تەڭ كېلەر پالۋان چىقمىدى.

چېلىشىش قىزىغانسېرى رىھىمشاھمۇ قىزىدى، ئۇ ئورنىدا ئولتۇرالماي، پۇت — قولى قىچىشىپ قىمىلداپ كەتتى، ئۇنىڭ تاپىنى قىزىپ قالغىنىنى كۆرگەن قارا ساقاللىق ئادەم ھەرئېھتىماللىقنى كۆزدە تۇتۇپ:

— ھوي ئۇكا ھوي، تۇرقۇڭدىن بۆككىلىكىڭ چىقىپ تۇرىدۇ، بىر چېلىشىپ باقامسەن يە، يىقىلساڭ ئانا يېرىڭ كۆتۈرىدۇ — دېدى سىناق كۆزلىرى بىلەن.

— چېلىشمايمەن ئاكا، — دېدى رىھىمشاھ.

— نېمىشقا چېلىشمايسەن؟

— چوڭلار بىلەن چېلىشسام ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. دادام رەمتى «چوڭلار ئالدىدىن توغرى ئۆتمىگىن» دېگەنىدى.

— ئەدەپلىك يىگىتكەنسەن، — دېدى قارا ساقاللىق ئادەم، — ئەمما دانالىرىمىز ئەيتادۇركىم، «كۈچ ئاكىسىنى تونۇمايدۇ»، قېنى بىر بەللىشىپ باققىن، مىسكىن قېرىنداشلىرىڭنىڭ كۆڭلىنى يايرىغاي، ئەۋۇ سەھنىدىكىلەر باتۇرلۇقۇڭدىن قورققاي، خەلقىڭ شادلانغاي.

— قالتىس گەپ بولدى، «نارغا ئېسىل، يىقىلساڭ ناردىن يىقىل» دېگەن دانالىرىمىزنىڭ گېپىمۇ بارغۇ، قېنى، تارتىنما، چۈشۈۋەر، — دەپ كەينىدىكىلەر رېھىمشاھنى ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋەتتى.

6

رېھىمشاھ بۇگۇنگىچە، يەنى يىگىرمە بىر ياشقا كىرگىچە بۇنداق چوڭ سورۇنلۇق مەيدانغا چۈشۈپ باقمىغانىدى، مەيدانغا ئىتتىرىپ چۈشۈرۈلگەچ قايتىپ چىقىشتىن ئۈيالدى، ئۇ قورۇنغان ھالدا بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ھەمرا پالۋاننىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بەردى.

— ھوي، رېھىمشاھ ئىكەنسەنغۇ، سالامەت تۇردۇڭمۇ؟

— خەق. . . مېنى ئىتتىرىپ چۈشۈردى. . . مەن. . . سىز. . .

— ۋاھ — ھا — ھا! تارتىنما، بۇ دېگەن بىر ماھارەت كۆرسىتىدىغان ئويۇن، تارتىنماي مەن بىلەن چېلىشقىن! ئېيتىپ قوياي، مېنى ئايىما جۇمۇ، مەنمۇ سېنى ئايىمايمەن!

— باشلاڭلار، — دېگەن پەرماندىن كېيىن ئۇلار ئىختىيارىچە بەللەشتى.

رېھىمشاھ نامى چىققان بۇ پالۋاندىن ھېيىقىپ، خالار — خالىماس پوتىسىنى تۇتتى. ھەمرا پالۋان ئۇنىڭ بېلىدىن قورشۋېدى، رېھىمشاھ بېلى پۈكۈلۈش بوياقتا تۇرسۇن، مىت قىلمىدى، ھەمرا پالۋاننىڭ كۈچلۈك بارماقلىرى ئۇنىڭ تېرىسىگىمۇ پاتمىدى. ئۇ ھەيرانلىقتا رېھىمشاھنىڭ ھەممە يېرىگە كۆز يۈگۈرتتى، ھېچقانچە ئۆزگىچىلىك يوق، پەقەت يانپاش مۇسكۇللىرى، قول مۇسكۇللىرى تاشتەك قاتتىق، پۈتى زەپەردەست چىڭ، ئالغا پولتىيىپ چىققان كۆكسى شىرنىڭ كۆكسىدەك مۇستەھكەملىكىنى ھېس قىلدى. ھەمرا پالۋان «ھە، ياشلىق بەرناسىغا تولغان زەپەردەست كۈچتۈڭگۈر ئىكەن بۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇ بۇ يىگىتنى يىقىتىش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە

كۆزى يەتتى، شۇنداقتىمۇ پەم ئىشلىتىپ، رېھىمشاھنى ئۇيان — بۇيان ئىتتىپ باقتى، رېھىمشاھ قۇرام تاشتەك، ئورنىدا مەزمۇت تۇردى، مىدىراپمۇ قويمىدى. رېھىمشاھ دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنىڭ خىلاپلىق قىلالمايتتى، بۇ خەلق سۆيگەن داڭلىق پالۋاننى يەرگە ئىتىپ، شەرمەندە قىلىشنى ۋىجدانى خالىمايتتى. چېلىشىش باشقۇرغۇچى «ۋاقىت توشتى» دەپ ئالدىرىتىشقا باشلىدى. «قانداق قىلىش كېرەك؟ يىقىتسام بولمايدۇ، مۇشۇنداق تۇرۇۋېرىشكە قارنى ئاچقان ئەمەلدارلار يول قويمايۋاتىدۇ!» رېھىمشاھنىڭ بېشى قاتتى. ھەمرا پالۋان:

— ئىنىم، مېنى يىقىتىۋەر، مەن سېنى يىقىتالمىدىم، كۈچۈم، پەمىم يەتمىدى، مېنى ئايىما! — دېدى پىچىرلاپ.

— ياق، سىزنى يىقىتقۇچە ئۆزەم ئاستىڭىزدا يېتىپ بېرىمەن،

— قەتئىي ئۇنداق قىلما، مېنى ئۇياتقا قويىسەن!

بىردىن رېھىمشاھنىڭ دىلى يورۇپ كەتتى. دادىسىنىڭ ئۆزىنى بېشىدا كۆتۈرۈپ ئوينىتقىنى كۆز ئالدىغا كېلىپ قالدى.

— ياپىرىم!

— قاراڭلارا، ياپىر كامىللا!

— نېمە ئىش ھوي بۇ؟

— داڭلىق بۆككىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتەردا!

— ھە، قالتىس كۈچى بار ئىكەن جۇمۇ!

مەيدان گۇرۇلدىدى، قىقاس — چۇقان، كۈلكە سادالىرىدىن سەھنىدە غادىيىپ ئولتۇرغان ئاق پادىشاھ ھەربىيلىرى قورققىنىدىن ئورنىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى، ئەسكەرلىرى مىلتىقلىرىنى خەلققە تەڭلىدى. ئەمما، ئۇلارغا ھېچكىم قاراپمۇ قويمىدى، قارىغۇدەك چولىسى يوق، قارار كۆزىمۇ يوق ئىدى، ئۇلارنىڭ قوي كۆزلىرى بىرلا قىزىق نۇقتىدا — رېھىمشاھنىڭ ھەمرا پالۋاننى ئىككى قولىدا كۆتۈرۈپ تۇرغىنىدا، يەنە كېلىپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، سەھنە تەرەپكە ماڭغىنىدا ئىدى. مانا شۇ ئىش روس ھەربىي ئەمەلدارلىرىنى

قورقىتىۋەتتى. رېھىمشاھقا تەنتەنە قىلغان تاماشىبىنلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەيدانغا بۆسۈپ كىردى. رېھىمشاھ كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەمرا پالۋان قالپىقىنى قولىغا ئېلىپ پۇلاڭلىتىپ، تاماشىبىنلار بىلەن تەڭ تەنتەنە قىلدى. رېھىمشاھ ھەمرا پالۋاننى كۆتۈرگىنىچە ئىلياس ھېكىم ئىنئام قىلماقچى بولغان قارىگىر ئات تەرەپكە كۆتۈرۈپ ماڭدى، ئۇ ھەمرا پالۋاننى كۈمۈش ئىگەر — جابدۇقلۇق، ئۈستى مەخمەل بىلەن يوپۇقلانغان ئاتقا مىندۈردى. قېقاس — چۇقان تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى، شۇندىلا روسىيە ھەربىي ئەمەلدارلىرىنىڭ پوكۇلدىغان يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى، ئۇلار پۇقرالارنىڭ ئۆز پالۋانلىرىغا تەنتەنە قىلىۋاتقىنىنى چۈشەنگەنىدى، يەنە ئۇلار رېھىمشاھنىڭ ئاجايىپ كۈچتۇڭگۇرلىكىگە قايىل بولۇپ، ئىختىيارسىز چاۋاك چالدى. رېھىمشاھ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، تاماشىبىنلارنى جىم تۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. ئۇ يوغان بوم ئاۋازدا:

— بۈگۈنكى چېلىشىشنىڭ بۆككىسى ئاتاقلىق بۆككىمىز ھەمرا ئاكا بولۇر. ئۇ ئىلياس ھېكىمنىڭ ئىنئامى بولغان بۇ ئاتنى مىنىشكە ھەقلىقتۇر، مەن پەقەت ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، كۆتۈرۈپ ئېتىغا مىندۈرۈپ قويدۇم، — دېدى.

مەيدان ئەمدى ئالقىش — ماختاش، ھاياجانلىنىش كەيپىياتىغا تولدى، ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھەمرا پالۋان ئات ئۈستىدە تۇرۇپ جاكارلىدى:

— شۇ دەقىقىدىن ئېتىبارەن رېھىمشاھ ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچتۇڭگۇر بۆككىسىدۇر.

مەيدان قايناپ كەتتى. شادلىق كۈلكىلەر، خوشال تەنتەنە سادالىرى ئەۋجىگە چىقتى. بۇ شاد — خۇراملىق مىلادىيىنىڭ 1871 — يىلدىن بېرىقى تۇنجى شاد — خۇراملىق ئىدى. ياش پالۋاندىن ئون نەچچىسى رېھىمشاھ پالۋان بىلەن ھەمرا پالۋاننى كۆتۈرۈپ تەنتەنە قىلىشتى...

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

* * *

— مانا بۇ مېنىڭ كۆلبەم، — دەپ ھەمرا پالۋان رېھمەشاھ پالۋاننى ئۆيگە باشلىدى، باغۋارانلىق، ئەمما تاملىرى ئۆرۈلەي دەپ قالغان بۇ ئۆيگە رېھمەشاھ بېشىنى ئېگىپ كىردى. تاماقتىن كېيىن ھەمرا پالۋان:

— ئۇكا، سېنىڭدە خوربىماس كۈچ — قۇدرەت بار ئىكەن، بىراق چېلىشىش ئۇسۇلىدا خام ئىكەنسەن، چېلىشىشتا كۈچكىلا تايانغان بىلەن بولمايدۇ، ئەگەر خالىساڭ بىلگىنىمنى ئۆگىتىپ قوياي، — دېدى.

— خوش بولۇرمەنكى، بويۇنتاۋلىق قىلماسمەن. سىزنىڭ چېلىشىش ماھارىتىڭىزنى كۆرۈپ، ئۆگىنىۋېلىشقا تەشنا بولدۇم، — دېدى رېھمەشاھ خۇشاللىق بىلەن.

— تولا ئوبدان، كۆلبەمدە تۇرغىن، بەدەن چېنىقتۇرىدىغان ھەممە ئەسۋاپلىرىم بار، ساڭا بىر ئۆگىتىپ قوياي.

— كەمىنە ئىنىڭىز بۈگۈن ئۆيگە چىقىپ كەلگەي.

رېھمەشاھ شۇنداق دەپ خوشلىشىپ، ئۆيىگە چىقىپ كەتتى. ئۆي ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدى، ئاندىن بىر توپىقىنى ئالدىغا سېلىپ، ھەمرا پالۋاننىڭ ئۆيىگە كەلدى.

ھەمرا پالۋان ئەتىسىدىن باشلاپ كۈندە سۈبھى كۆتۈرۈلگەندىلا رېھمەشاھنى ئويغىتىپ يۈگۈرەتتى، كېيىن ئارغامچىدا سەكرەتتى، ئېغىر تاشلار، چۆيۈنلەرنى كۆتۈرگۈزدى. رېھمەشاھ قىشنى ھەمرا پالۋاننىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزدى.



رېھمەشاھنىڭ روشەنباغدىكى چوڭ چېلىشىشتا «بۆككىسى»

ئاتالغىنى ئىلى ئالىمىگە پۇر كەتتى. «بۆككى» نامىنـــى ئالغان قانچىلىك پالۋاندۇر، دەپ نە — نەلەردىن رېھىمشاھنى ئىـــزدەپ كېلىدىغان پالۋانلار پەيدا بولۇپ قالدى.

تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. خامان ئەتراپى ياپپېشىللىق بولسىمۇ ئىسسىق تەپتى تونۇردەك ئۇرۇپ تۇراتتى، تىنجىق ئادەمنى قىينايتتى. ئىسسىق هاۋانىخاننى ھىلىدىن ھىلىغا قاپاق بارىڭنى ئاستىغا يۇگۇرتەتتى، ئۇ يەردە سالقىن تۇرسۇن، دەپ ئىرى ئۇزۇپ ئەكىرگەن گۈلاۋا قوغۇندىن بىرنى كۆتۈرۈپ كېلەتتى، قوغۇننـى خاماننىڭ چېتىدىكى كەپىدە تىلىپ ئىرنى چاقىراتتى. رېھىمشاھ بولسا، خوتۇنى كەلگۇچە ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ئۇزۇن قويۇپ بېرىپ تۇلۇق ھەيدەيتتى. ئۇنىڭغا بۇ پېژغىرىم ئىسسىق تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئىدى، رېھىمشاھنىـــڭ كـالپۇكلىــــرى گــەز بـاغـلاپ كـەتكەن بـولسىمۇ، ئـوي — خىيالى خاماننى تېزرەك تېپىپ تۇگىتىشتە بولغاچقا، ئۇسسۇغىنىنىمۇ ئۇنتىغانىدى. هاۋانىخان چاقىــرغاندىلا ئاتنى توختىتاتتى، بوچىنى يەرگە تاشلاپ، ئىغىر قەدەملەر بىلەن ئۇنچىنى دەسسەپ كەپىگە باراتتى — دە، تىلىنى يارغۇدەك تاتلىق قوغۇننىڭ يېرىمىنى كاسسا قىلىپ يەيتتى، ئۇ پۇررىدىلا تەرلىگەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇراتتى.

ئۇلار بۇگۇنمۇ ناماز دىگەرگىچە، يەنى كۈننىڭ قىزىقى قايتقۇچە خامان تەپتى، هاۋانىخان تولۇقنى خاماننىڭ يول تەرەپ چېتىگە چىقاردى، ئاتنى ئوتقا قويۇۋېتىپ، ئۇ تاماققا تۇتۇش قىلغىلى كەپىگە كىرىپ كەتتى. رېھىمشاھ يەنچىلگەن مەنگەننى خامان چېتىـــگە چىقاردى، ئاندىن ئات تۇرگىسىدە توپاننى تۇرگىلەپ يىـغىـــشقا باشلىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خامان خامان بولغاي، ئاشلىق تاغدەك بولغاي!

رېھىمشاھ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە ئىتتىك قارىدى. بىر ئاتلىق يىگىت تەبەسسۇم بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بەرىكەت بىرگە يولغاي، قەيەردىن چىقىپ، قەيەرگە سەپەر قىلدىڭىزكىن؟ — دەپ سورىدى رېھىمشاھ ئاتلىق يىگىتتىن.

— شۇتىدىن چىقتىم سەھەردە، بىر بۆككى بار ئىكەن، دەپ ئاڭلاپ شارغۇجىدا. رېھىمشاھ بىلەن بىر چېلىشقايمەن، يانپاشقا ئېلىپ يەرگە ئۇرغايمەن، — دېدى ئاتلىق يىگىت.

رېھىمشاھنىڭ خامىنى چوڭ يولنىڭ بويىدا ئىدى. ئۇ ئۇسسىغان يولۇچىلار ئۇسسۇزلىقىنى قاندۇرار، دەپ قوغۇن — تاۋۇزنىمۇ يول بويىغا تېرىغانىدى. يولۇچىلار قوغۇنلۇقنى كۆرۈپ، ئېتىنى دەم ئالدۇرغاچ قوغۇن — تاۋۇز يەپ كېتەتتى. بۇ يولۇچى ئۇلارغا ئوخشىمايتتى، گېپىنىڭ يوغانلىقىغا قارىغاندا، پالۋان ئوخشايدۇ. رېھىمشاھ ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى، ئۇ بەستلىك، پۇت — قولى ئەتلىك، گەۋدىلىك يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ سۆزى رېھىمشاھقا تېك كەلدىمۇ، ياكى ۋاقتىنى ئۆتكۈزگۈسى كەلمىدىمۇ، ئىندىمىدى. چۈنكى، خامانغا زاۋال ۋاقتىدا تاغ شامىلى كېلەتتى، بۇ تاغ شامىلىدا توپاننى سورۇۋالمىسا، «قالغان ئىشقا قار ياغار»غا ئوخشاش ئىش بولۇپ قالاتتى. رېھىمشاھ ۋاقتىنى ئۆتتۈرغىسى كەلمەي، خوتۇنى چىقىرىپ قويغان تولۇقنىڭ قولىقىدىن تۇتۇپ كۆتۈردى، ئۇ تولۇقنى خۇددى قامچا سىپىنى تۇتۇپ كۆرسەتكەندەك، ئۆيى تەرەپنى كۆرسەتتى:

— ئەۋۇ تەرەپكە بېرىڭ، مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارسىڭىز تال بىلەن قاشالانغان قورا بار، ئەشۇ قورا رېھىمشاھنىڭ قوراسىدۇر.

شوتىلىق پالۋان رەھمەت ئېيتىپ ماڭدى. ئۇ بىردىن ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. ئات سۆرەيدىغان تۇرگىننى ئىتتىرىۋاتقان، ئۆزىدەك ئىككى پارچە چىقىدىغان دېھقاننى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى، ئۇ «ۋاھ، رېھىمشاھ بۆككى دېگەن پالۋان مۇشۇ بوپ قالمىسۇن، يەنە، تاش تولۇقنى تاياقتەك كۆتۈرۈپ، ئۆيىنى كۆرسەتكىنىگە قارىغاندا، بەك كۈچتۈڭگۈردەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن چېلىشمەن، دېگۈچە

سىگەن نېنىمنى يەيچۇ» دەپ كەلگەن يولى بىلەن قايتتى، كۆزىنىڭ قىرىدا سەپسېلىپ تۇرغان رېھىمشاھ مېيىقىدا كۇلۇپ قويۇپ تەكلىپ قىلدى:

— شوتىلىق مېھمان، قوغۇنلۇققا چۈشۈپ ئارام ئېلىپ كېتىڭ.

— رەھمەت بۆككى ئاكا! — دەپ مېھمان ئىزابولغان ھالدا كېتىپ قالدى.

8

ئىلىلىقلار چېلىشخۇمار كېلىدۇ، بولۇپمۇ دېھانلار بوش ۋاقتىنى چېلىشىش، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. چوڭراق مەرىكىلەر بولسا، چېلىشىش سورۇنلىرى قۇرۇلىدۇ، بۇنداق سورۇنلاردا ئات، تۆگە ئىنئام قىلىدىغان مەرد بايلارمۇ چىقىپ قالىدۇ. بۇ كىشىلەرنى چېلىشىشقا تېخىمۇ قىزىقتۇرىدۇ. بۇنداق سورۇنلار پالۋانلارنى يېتىشتۈرىدۇ. ئەشۇنداق پالۋانلاردىن بىرى بىر نەچچە ھەمراھى بىلەن بىللە يول بويىدىكى خامانغا كەلدى. خامان ئىگىسى ئالدىراش بۇغداي چەشلەۋاتاتتى. يولۇچىلار كېلىپ خامان ئىگىسىگە سالام بەردى، خامان ئىگىسى جاۋاب سالام قىلدى. خامان ئىگىسى كۆردىكى، ئۇلارنىڭ ئاتلىرى ئويناقلاپ تۇراتتى، كىيىنىشلىرىمۇ پۇزۇر ئىدى. ئۇ كۆڭلىدە «بۇلار شەھەرنىڭ ئۇلۇغلىرى ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇلارنى ھۆرمەت بىلەن:

— ئەزىز مېھمانلارنىڭ غېرىب كەپەمگە كىرىپ، قوغۇن يەپ كېتىشىنى تىلەرمەن، — دەپ تەكلىپ قىلدى.

— ئۆزۈر، چۈشسەككۇ بولار ئىدى، قوغۇنلىرىڭىزمۇ ئوخشىغاندەك قىلىدۇ. شارغوجىنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قاپتۇق، ئىشىكىزغا دەخلى يەتمىگەي، «كۈندىن قالدىڭ، ئايدىڭ قالدىڭ» دېگەن گەپ بار، خاپا بولماي، رېھىمشاھ بۆككىنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويغايسىز، — دېدى ئېسىلراق كىيىنگەن شاپ بۇرۇتلۇق

مېھمان.

— رېھىمشاھنى يېقىندىن بېرى تولا ئادەملەر يوقلايدىغان بولۇپ قالدى، سىلەرنىڭ ئۇنىڭدا نېمە ئىشىڭلار بار؟

— بىز ئاختام يېزىسىدىن كېلىشىمىز، مۇنۇ پالۋان ئىنىم رېھىمشاھ بۆككىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، بىر چېلىشىپ باقسام، دەپ ئارماندا يۈردى. خەيرىيەت، يازلىق يىغىنىنى پۈتتۈرۈپ بوگۇن كېلىشىمىز.

خامانچى مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدى. ئۇ يولۇچىلار ئۇنىمىغاندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:

— رېھىمشاھ ئېتىزدا ياكى خامىنىدا ئىشلەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، سىلەر ئۇنىڭ خوشنىسى مىسىرشاھنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ھاردۇق ئېلىپ تۇرۇڭلار، مىسىرشاھ خامىنىنى يىغىپ بولۇپ، بۇغدىيىنى ھويلىسىغا يېيىپ قۇرۇتىۋاتىدۇ.

— ئۇ كىشىنىڭ ئۆيى قەيەردىكىن؟

— رېھىمشاھنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدا.

— رېھىمشاھ بۆككىنىڭ ئۆيىنى بىلسەك، سىزدىن سوراپ يۈرمەيتتۇق، ئېغىر كۆرمەي كۆرسىتىپ قويغان بولسىڭىز.

خامانچى يېنىدا ياتقان تۇلۇقنى سول قولىدا كۆتۈرۈپ رېھىمشاھنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويىدى، يولۇچىلار ئۇنىڭ تاش تۇلۇقنى تاياقنىڭ ئورنىدا ئىگىز قىلىپ كۆتۈرۈشىدىن تېڭىرقاپ قالدى، چېلىشىش خۇمارى بىلەن كەلگەن ياش پالۋان ئاكىسىغا قايتىش ئىشارىتى قىلدى. شاپ بۇرۇتلۇق دەررۇ ئاتتىن چۈشۈپ، رېھىمشاھ بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى:

— مېنى ھەيرەتتە قالدۇردىڭىز، رېھىمشاھ بۆككى ئىكەنلىكىڭىزنى تۇلۇقنى كۆتۈرۈشىڭىزدىن بىلدىمكى، ئالدىڭىزدا پالۋىنىمىز ئاجىزدۇر. سىزنى كۆرگىنىمگە خۇرسەن مەن. سىزگە بۇ ئىنىم ئەمەس، دۇنيادا تەك كېلەر بۆككى يوقتۇر.

— مەن چېلىشىشنى بۇ قىشتىلا ھەمرا بۆككىدىن ئۆگەندىم،

خوش كەپسلەر، قوغۇن يەپ كەتسۇنلەر، بىز كۆللى قېرىنداشمىز، قېنى مەرھەمەت قىلسۇنلەر.

مېھمانلار ئاتتىن چۈشتى، قوغۇن يەپ ئولتۇرۇپ سىرداشتى. پالۋان يىگىت رېھىمشاھقا ياردەملەشتى، رېھىمشاھ ئۇلارنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى، مېھمانلارنى يېرىم كېچىگىچە ئاغىينىلىرى بىلەن بىللە ئوبدان مېھمان قىلدى. ئۇلار يېتىم، ئارا ئۆستەڭ قاتارلىق خوشنا يېزىلارغا رېھىمشاھنىڭ تولۇقنى بىر قولىدا كۆتۈرۈپ، قامچىنى شىلتىغاندەك شىلتاپ تۇرۇپ يول كۆرسەتكىنى تارقىتىۋەتتى، بۇ خەۋەر قۇلاقتىن — قۇلاققا ئۆتۈپ، ئىلىنىڭ شەھەر — يېزىلىرىغا پۇر كەتتى، پەقەت تاغ ئىچكىرىسىدە ياشايدىغان قازاق، موڭغۇللارلا بۇنىڭدىن بىخەۋەر ئىدى.

9

شارغۇجىدا قەدىمدىن تۇگمەن كۆپ، شارغۇجىلىقلار ئىناق ياشىغاچقا بىر ئېرىق تاغ سۇيىدىن پايدىلىنىپ، بىر نەچچە يەردە تۇگمەن چۆرگەن، بۇ تۇگمەنلەر ئېرىق ياقىلتىپ قاتار سېلىنغانىدى. سۇ ئېگىزدىن چۈشكەچكە كۈچلۈك بولۇپ، ھەممە تۇگمەننى تەڭ ماڭدۇرالايتتى. تۇگمەن كۆپ بولغىنى بىلەن كۇزدە چاپ — چاپ ئىدى، سۇ توڭلىغىچە ئۇن تارتىۋېلىنمىسا دەريانىڭ ئۇ قېتىغا بېرىشقا توغرا كېلەتتى. بۇگۇن تۇگمەنلەرنىڭ راسا چاپ — چاپ ۋاقتى، روزى تۇگمەننىڭ تۇگمىنى ھەممىدىن چاپ — چاپ، دېھقانلار نۆۋەت ساقلاپ تۇنەيتتى. رېھىمشاھ بۆككى ئۇن تاغار بۇغدىيىنى نۆۋەت بويىچە تىزىپ قويغان، ئۇ قېيناكىسى روزى تۇگمەننىڭ ئۆيىدە تاماق يەپ بولۇپ، ئۇنىڭ بالىلىرىغا چۆچەك ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى، روزى تۇگمەننىڭ چوڭ ئوغلى ئۆيگە ئىتتىك كىرىپ ئېيتتى:

— سېنىڭ نۆۋىتىڭنى بىر قازاق تارتىۋالدى!

رېھىمشاھ ئىتتىك تۇگمەنگە كىردى، راست دېگەندەك، سۇكەندە

لىق بۇغداي تۇراتتى، ئۇنىڭ تاغارلىرى ئۆز ئورنىدا ئىدى.

— سۇكەندىكى بۇغداي قايسىڭنىڭ؟ — دەپ سورىدى رېھىمشاھ.

— ئاغاڭنىڭغۇي، نې بوپتۇ؟ — دېدى بىر قازاق كىشى.

— نۆۋەت مېنىڭ تۇرسا، نېمە ئۇچۇن سەن قۇيۇۋالىسەن؟

— ئاراڭداردا جالغىز قازاقمىن، قۇيدۇم، ئېي قايتىپەكىسىن ئۆزى[1]؟

ئۇنىڭ پوپۇزىسىغا تېرىككەن رېھىمشاھ تۆگمەن تېشىنىڭ يېنىغا بېرىپ، غەزەپ بىلەن ئىتتىك پىقىراۋاتقان تاشنى سول ئالقىنى بىلەن باستى. تۇگمەن تېشى چىپلا توختىدى!

پالاقىغا ئۇرۇلغان سۇ ئىزىدىن چىقىپ چاچرىدى، سۇ تۇگمەن ئىچىگە كىردى، تۇگمەن ئىچى چاچرىغان سۇدىن ھۆل بولدى. بۇ تۇگمەن ساپلا تاختايدىن — تۆت تېمى، ئاستى — ئۇستى تاختايدىن ياسالغانىدى، تۇگمەن ئىچى ئۇن تۇزاڭلىرىدىن ئاپئاق قىرو باغلىغان، بۇ تۇزاڭلارنى ئۇزۇق قىلىپ، ئۆمۈچۈكلەر تۇگمەننىڭ بۇلۇڭلىرىغا تور باغلىغانىدى، چاچرىغان سۇ مانا شۇ ئۇن تۇزاڭلىرىدىن بولغان قىرونى خېمىر قىلىپ ئېقىتتى. قورقۇپ كەتكەن روزى تۇگمەن ئارىچىلىدى:

— رېھىمشاھ، ئاچچىقىڭنى باسقىنا، تۇگمىنىم كاردىن چىقسا، نەچچە كۈندىن بىرى نۆۋەت ساقلاپ تۇرغانلار بۇغدىيىنى تارتالماي قالىدۇ، ئۇلارغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، بۇ ئاغىنە بولسا، يىراق تاغ ئىچىدىن كەپتۇ، كەچ قېلىشتىن قورقۇپ، نۆۋىتىڭنى تارتىۋالغان گەپ.

— توغرا دەيدۇ، تۇگمەننى ماڭغۇزۇۋەت، قولۇڭنى تاشتىن ئالغىن.

كۆپچىلىك تەرەپ — تەرەپتىن يېلىندى. رېھىمشاھ:

— مېنىڭدىن سورىسا نۆۋىتىمنى بەرمەيتتىمۇ، يولسىزلىق

---

[1] قازاقچە سۆز، ئاراڭلاردا يالغۇز قازاقمەن، ھە، نېمە قىلالىتتىڭ؟ دېگەن مەنىدە.

قىلغاننى ئاز دەپ بەنە تېخى ھۆكىرەيدا، — دېدى.
— سېنى تونۇماي قالغاندۇ، بۇمۇ قېرىنداشقۇ!
— خەيرىيەت، مېھمان بولۇپ قالدىڭ، مېھمان دېگەن قويدەك يۇۋاش بولۇشى كېرەك، ماڭچۇ، دوق — پوپوزا ئىشلىتىپ قورقاتۇرمەن، دەپ خام خىيال ئەيلىمە!

رېھىمشاھ قولىنى كۆتۈردى، سۇ ئىزىغا چۇشۇپ، تاش يىقىراشقا باشلىدى. ھاڭ — تاڭ قالغان، ھەتتا ئۆزىنىڭ سۇغا چۈشكەن مۇشۇكتەك ھۆل بولۇپ كەتكىنىنى تۇيمىغان مېھماننىڭ قۇلىقىغا بۇ گەپلەر نەدىن كىرسۇن! ئۇ ئېسىنى يىققاندا، تاش يىقىراۋاتاتتى!

— ۋاي باي قۇدايىم، نېمە دېگەن كۈچ، بول قۇدايىڭ كۈشىغۇي، ئېي، ئىنىدىن بىلدىم ئاۋ، رېھىمشاھ دېگىن بۆككى سېنى ئىكەنسىنغۇي، مېنىدە ئاتاقتى قازاق كۈرەشىسى ئېدىماۋ، سېنى مەن ئالسىماقشى بولۇپ جۈرەر ئېدىم، بولدى، ئالىسىپ بولدۇم، سېنى جاڭدىڭ، ئېي قاراغىم، بىز تامىر①بولايىق!

مېھمان شۇنداق دەپ رېھىمشاھنى قۇچاقلىدى.

— ھوي، سېنىڭ ئىسمىڭ نېمە، قايسى ئەلدىن بولىسەن؟
— ئاتىم قۇرجۇنتاي، تېمىر ئۇرۇۋدىن بولامىن.

قۇرجۇنتاي ھەقىقەتەنمۇ «ماڭا تەڭ كېلەر پالۋان يوق» دەپ كۆكرىكىنى كېرىپ يۈرگەن كۈچتۈڭگۈر پالۋان ئىدى. رېھىمشاھ ئاغىنىدارچىلىقنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەن بۇغدىيىنى ئۆزىنىڭ قۇرۇق بۇغدىيىغا ئالماشتۇرۇپ بەردى، قۇرجۇنتاي ئۇنىنى تارتىپ بولۇشىغا رېھىمشاھ بىر تاغار بوغدىيىنى سۈكەنگە قويدى — دە، روزى تۈگمەننىڭ چوڭ ئوغلىغا قارىتىپ قويدى، ئۆزى قۇرجۇنتايىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى.

---

① تامىر — قازاقچە، تومۇرداش، ئاغىنە دېگەن مەنىدە.

ئىتتىك پىقىراۋاتقان تۆگمەن تېشىنى ئالىقىنىدا بېسىپ توختىتىپ قويۇش ۋەقەسى يەنە داستان بولۇپ تارالدى. بۇنى قۇرجۇنتاي بارغانلا يېرىدە ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ، ئېلىنىڭ گۈزەل يايلاقلىرىدا مال بېقىپ يۈرگەن موڭغۇل، قازاقلارنى ھەيرەتتە قالدۇردى. رېھىمشاھ ئانچە — مۇنچە چېلىشىمەن، دەپ كەلگەن ياكى يېزا — قىشلاقلىرىغا تەكلىپ قىلىنغانلار بىلەن چېلىشىپ، ئىش پۇشقىنى چىقىراتتى، مانا ئەمدى ھېچكىم كەلمەي قويدى. ئۇ قىش كىرگەندىن بېرى قىلىدىغان ئىشى يوق، ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان كۈچىنى قويار يەر تاپالماي يۈردى. ئۇ بالىلىق چېغىدىكى قوشقار، موزايلارنى كۆتۈرۈپ ئوينايدىغان قىلىقىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، بۇمۇ ئۇنىڭ كۈچىنى باسالمىدى. ئاخىر ئاتلىرى، كالىلىرىنى كۆتۈرۈدىغان، ھەتتا ئۇلارنى قاشادىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلايدىغان قىلىق چىقاردى. ئەمدى ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى توسايدىغان سالامەتخان بىلەن ھېۋىزىخان يوق ئىدى، دادىسىمۇ ھەرەمباغدىكى ئالتۇنلۇق مازىرىدا ياتاتتى.

مىلادىيە 1887 — يىلى قارا قىش قاتتىق بولدى. جاھان ئاق لىباس كىيگەندى، مۇنداق سوغۇقلاردىلا كىيىدىغان دادىسىنىڭ سەنسەن جۇگىسىنى، ھاۋانىخان تىكىپ بەرگەن تۈلكە قۇلاقچىسىنى كىيگەن رېھىمشاھ تەرىمتە مەھەللىسىدىكى ئاغىنىسىنى يوقلاپ كەلمەكچى بولۇپ ئاتلاندى. ئۇ توقۇمىتى قىشلىقىغا بارغاندا، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. توختىيا باي ناملىق چارۋىچى مال قورۇسىنى چىتلاۋاتاتتى. رېھىمشاھ ئۇنىڭغا سالام بەردى، ھالىنى سورىدى. توختىياباي:

— چىتلاپ، قاشالاپ قويمىسام بولمايدىغاندەك، ئوغرى — يالغان كۆپىيىپ قاپتۇ، دېگەن گەپ بار، — دېدى.

رېھىمشاھ قار ئۈستىگە چېچىپ بەرگەن چۆپلەرنى يەۋاتقان

ئۇششاق، چوڭ مالـلارغا سەپسالدى — دە، كۆڭلىگە بىر شەيتان كىردى.

— شۇنداق قىل توختىياكا، ھە، ئوغرى — يالغان كۆپىيىپ قالدى، دېدىڭما؟ ئوغرىنىڭمۇ يالغىنى بار، دېگىنە، ھەر ھالدا قاشانى ئېگىزرەك ياسا، — دەپ رېھىمشاھ قاقاقلاپ كۈلدى ۋە ئېتىنى دېۋەتتى.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتتى. رېھىمشاھ توختىيابايىنىڭ قاشاسى پۈتكىنىنى بىلدى. ھېلىقى كۈنى كۆڭلىگە كىرگەن شەيتان ئۇنى كۈشكۈرتكىلى تۇردى: «ھە، رېھىمشاھ، توختىيادەك چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان خەسىس باينى بىر كولدۇرلاتمامسەن، قىشچە كاڭدىن چۈشمەي ياتاتتىڭمۇ؟!» شۇ كۈنى كېچىسى پاختەكتەك — پاختەكتەك قار چۈشتى. رېھىمشاھ ھەممە ئۇيقىغا كەتكەندە يوتقاندىن سوغۇر ۋۇلۇپ چىقتى. تېۋىش چىقارماي كىيىندى، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ھاۋانىخانىنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئىشىكنى غىچىلداتماي ئاچتى. ئۇ ئىتتىك قەدەملەر بىلەن توختىيابايىنىڭ قوروقىغا باردى. ئۇ قاشانىڭ بىر يېرىدىن تۆشۈك ئېچىپ قوتانغا كىردى، ئاندىن ئېغىلغا كىرىپ، چۆپ دۆۋىسى ئىچىگە كىرىۋالدى. ئۇ تىڭشاپ ياتتى، ھېچ تېۋىش ياكى ئاۋاز يوق. ئۇ چۆپ دۆۋىسىدىن چىقاي، دەپ تۇرۇشىغا ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلدى، توختىياباي جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ چىقىۋاتاتتى. رېھىمشاھ ئۇنى ماراپ ياتتى، توختىياباي تاھارەت قىلدى، ئاندىن ئېغىلغا كىرىپ كەتتى، بىر كەمدە ئۇ چىقىپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. رېھىمشاھ ئۇنى ئەمدى ئۇخلىدىغۇ، دېگەن پەرەزدە ئات ئېغىلىدىن ئاستا چىقتى. بۇ چاغدا رېھىمشاھ دەسسەپ كەلگەن ئاياغ ئىزىنى قار كۆمۈۋەتكەنىدى، ئۇ قاشانى بىر چەتتىن يۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ بىر تۇۋرۇكنى كۆتۈرسە، يەنە بىر تۇۋرۇك ئارىلىغىچە قومۇرۇلۇپ چىقاتتى، تىرەپ قويغان ياغاچلار يىقىلاتتى. ئۇ توختىياباي بىر ھەپتە ياسىغان قاشانى بىر سائەت ئىچىدە يۇلۇۋەتتى ۋە شاخلارنى بىر يەرگە خامان قىلىپ دۆۋىلەپ قويدى. رېھىمشاھ

يەنە ئات ئېغىلىغا كىردى، ئۇ بىر كۆكبايتالنى تۇتتى، قالغان مالنى ئېغىلدىن ھەيدەپ چىقاردى.

رېھىمشاھ پالۋان كۆك بايتالنى يەلكىسىگە ئېلىپ، تىككىدە كۆتۈرۈپ تۆۋەنلەپ ماڭدى. ئۇ يارقۇدا دېگەن يەرگە كېلىپ بىردەم ئارام ئالدى، ئۇ كۆكبايتالنى كۆتۈرۈپ يەنە ماڭدى ۋە بىراقلا قورۇسىغا كېلىپ، بايتالنى ئېغىلغا سولىدى. ئۇ يەنىلا تىنىۋېلىش چىقارماي ئىشىكنى ئېچىپ، ئۆيىگە كىردى. مورا بېشىدىكى قۇلاقلىقتىن[1] چاي ئېچىپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇردى.

## 11

توختىيابايى سەھەرچى ئىدى. ئۇ چۆگۈننى كۆتۈرۈپ تالاغا چىقتى ۋە قېتىپلا قالدى. قاشا يوق، ئېغىلغا كىردى، بىرمۇ مېلى يوق! ئۇ ئېغىلدىن چىقىپ ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن قارىدى، يىراقتا يېيىلىپ ئوتلاۋاتقان ماللىرىغا كۆزى چۈشتى. ئۇ تاھارەت ئېلىشنى، بامدات نامىزىنى ئوقۇشنى ئۇنتۇدى، ماللارنى يىغىپ ئېغىلغا سولىدى، ماللارنى بىرمۇ — بىر ساناپ كىرگۈزدى، ھەممىسى تەل، لېكىن . . . ئۇ سىنچىلاپ قاراپ چىقتى. بۇ يىل ئورۇقلاندۇرىدىغان نەسىللىك كۆك بايتال! «كۆك بايتال يوق! ئاپلاھۇ ئەكبەر، بۇ يىل ئۇنى ئايغىرغا سالماقچىدىم، كېلەر يىلى ئۇ بىر يوغرۇك قۇلۇن بېرەتتى، ئاپلاھۇ ئەكبەر!» توختىيابايى ئۆچكە ساقىلىنى نەچچە قېتىم ئوچۇملىدى، ئۇ ئايالىنىڭ «چاي ئىچسىلە» دەپ چاقىرغىنىنىمۇ ئاڭلىمىدى. ئېتىنى توقىدى، ئۇ تاغمۇ — تاغ، قىشلاقمۇ — قىشلاق قىدىردى. كۆك بايتال ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق! چۈشلۈكى ئۆيگە كېلىپ تاماق يېدى. ئېتىغا يەم بەردى، ئاندىن قاشا قىلغان ئورۇننى سىنچىلاپ تەكشۈردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چىمىلداپ كەتتى، بۇرۇتى

---

[1] قۇلاقلىق — كوزا.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكترونلۇق تور ئادرېسى

تىك تۇردى. ئۇ قاشا قىلىنغان يەردە ئاياغ ئىزىنى كۆرۈپ قالغانىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنى ياندى. ئۇ ئېتىغا ئالدىراپ مىنىپ، ئادەم ئىزىنى بويلاپ ماڭدى. ئۇ ئىز قوغلاپ ماڭا — ماڭا يارقوراغا بېرىپ قالدى. ئۇ يەردە ئادەم ئايىغىنىڭ ئىزى بىلەن ئات ئىزى تۇراتتى، ئۇ يەنە سىنچىلاپ قاراپ ئات قۇيرۇقىنىڭ ئىزىنى كۆرۈپ قالدى، ئەمما ئىزلار كەتكەن ئىز بولۇپ، توختىيابايىنىڭ قوتىنىغا كەلگەن ئىز يوق ئىدى. ئۇ ئەجەبلەندى، ئۆزى ھەيران، ئىچى ئېچىشىپ ۋەيران بولدى. كېتىش بار، كېلىش يوق دېگەن قانداق ئىش، جىن — ئالۋاستىلار بايتالنى ئەپقاچتىمۇ يا؟ بۇ سوئاللارغا جاۋاپ تاپالماي، ئادەم ئىزىنى قوغلا — قوغلا شارغۇجا مەھەللىسىگە بېرىپ قالدى. مەھەللە كوچىسىغا كىرىپلا ئىزنى يۈتتۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭ رېھىمشاھتىن سوراپ باققۇسى كەلدى.

— ھاي رېھىمشاھ بۆككى! — دەپ توۋلىدى ئۇ رېھىمشاھنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ، رېھىمشاھ توختىيابايىنىڭ ئاۋازىنى تونىدى، چىقىپ سالام بەردى. توختىيابايىنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ، ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى:

— قېنى ئاتتىن چۈش، ئۆيگە كىر، سېنىڭدەك بايىنىڭ كەمبەغەلنىڭ ئۆيىگە كەلگىنىدىن خۇشتۇرمەن.

— ئۆزۈر، ئالدىرايمەن.

— نېمىگە شۇنچە ئالدىراش بولۇپ كەتتىڭ؟ قاشالىرىڭنى ئېگىز ۋە پۇختا قىلىپ ياسىۋالدىڭ، ئوغرى تۇرماق جىنمۇ كىرەلمەس قىلىۋەتتىڭ.

— ھەي، قويساڭچۇ، بۇ ئوغرى دېگەنچۇ، بالا ئىكەن، جىندىنمۇ يامان ئىكەن، قارىمامسەن، سەن كۆرگەن قاشالىرىمنى يۇلۇپ تاشلاپ، كۆك بايتالنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ، ئاللا ئىگەم ئوغرىنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەردىمۇ، ھەر ھالدا قالغان مالغا تەگمەپتۇ.

— ئۇنداقتا ئۇ يالغان ئوغرى ئىكەن. سېنىڭ يەر توڭلىغاندا قاشا ياسىغىنىڭنى كۆرۈپ، مازاق قىپتۇ.

توختىياباي بىر نىمە دىيىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللىۋىدى، ئېغىلدىن ئوپۇر — توپۇر قىلغان ئاۋاز، ئايغىرنىڭ خىرىلىش قىلىشى، بايتالنىڭ بوش كىشنىشى ئاڭلاندى. توختىياباي ئەمدى ئاتتىن چۈشتى، ئۇ:

— ،هوي — هوي، بۇ — بۇ، كۆك بايتالنىڭ ئاۋازىغۇ! — دېگىنىچە ئېغىلغا كىردى. رېھىمشاھنىڭ ئايغىرى كۆك بايتالنىڭ تۆپىسىگە چىقىۋالغانىكەن. خېلىدىن كېيىن ئېسىنىگە يىققان توختىياباي:

— ۋاھ، كۆك بايتال ئىز قالدۇرماي قانداق كېلىپ قالدى؟ — دەپ بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي سورىدى.

— ئايغىرىم بىلەن چىقىشىپ قالغان چېغى. ئاشىق — مەشۇقلار ئۈچۈپ كېلىدۇ، كېتىدۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى رېھىمشاھ مۇغەمبەرلەرچە ھېجىيىپ.

كۆك بايتالنىڭ ئىز قالدۇرماي رېھىمشاھنىڭ ئېغىلىغا كەلگىنىگە تېخىچە ئەقلى يەتمەي تۇرغان توختىياباي سورىدى:

— بۇ چاقچىقىڭنى قوي، بايتالمۇ ئۇچامدۇ؟!

— تۇلپار دېگەن ئۇچىدۇ، مېنىڭ تۇلپىرىم بايتىلىڭغا ئاشىق بولغاچ بايتىلىڭنى ئۇچۇپ بېرىپ ئەكەلگەن گەپ — دە. مانا ئەمدى ئۇلار ئەر — خوتۇن بولۇپ، مۇرادىغا يەتتى. ھا — ھا — ھا!

ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ مىسىرشاھ، ھاجىقۇلى، جاماشاھلار كىرىپ كەلگەنىدى، ھاجىقۇلى لوقما سالدى:

— ھەي توختىياكا، ئات دېگەن تۇلپار بولسىمۇ ئۇچمايدۇ، ئەمما تۇلپارنى ئۇچۇرۇدىغان بۆككى بارلىقىنى بىلمەمسەن؟

— ئاھاي! — توختىياباي ئەمدى ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى، ئۇ يانپىشىغا ئۇرۇپ دېدى، — ۋاي كاساپىتەي، قاشا ياساۋاتقىنىمىدا «ئوغرىنىڭمۇ يالغىنى بار، دېگىنە» دېگىنى بىكار ئەمەسكەن — دە، ماچاقچىقىڭنىڭ قاتتىقلىقىنى قارا! بايتالنى مەشەگىچە كۆتۈرۈپ كەپسەن — دە، بايتالنى چاقچاق قىلىپ كۆتۈرۈپ كەلگىنىڭغۇ بىر



www.uyghurkitap.com

نۆرى، قاشالىرىمنى يۇلۇۋەتكىنىڭ نىمىسى؟

— ھەي توختىياكا، يەر توڭلىغاندىمۇ قاشا ياسامدۇ، ئۇ بىر بوران چىقسا يوقايدۇ، شۇڭا شاخلىرىڭنى بوران ئەكەتمىسۇن، دەپ بىر يەرگە دۆگىلاپ قويدۇم.

— توختىياكا، بۆككى ساڭا ئىككى ئىش قىلىپ بېرىپتۇ، بىرى، قاشا قىلغان ياغاچ — شاخلىرىڭنى بوراندىن ساقلاپ قاپتۇ؛ يەنە بىرى، بايتىلىڭ كۆيلەپتىكەن، ئايغىرىڭغا ساپتۇ، كۈيى ئۆتۈپ كەتسە بايتىلىڭ قىسىر قالاتتى. بۇ ئەجرى ئۈچۈن، جاۋاب قىلمىساڭ نامەردلىك بولار.

توختىياباي بايتىلىنى نوقتىلاۋاتاتتى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بىردە قىزاردى، بىردە ئۆڭدى. ئاخىر:

— بوپتۇ، ئەتە سىلەرگە بىر ئوغلاق تاشلاپ بىرەي، — دېدى.

— بۇ گېپىڭ جايىدا بولدى. ئەمدى بىرمۇ مېلىڭنى ئوغرى ئالمايدۇ.،

توختىياباي بايتىلىنى يېتىلەپ قورودىن چىقىۋاتقاندا:

— توختىياكا، كېلەرگە بايتىلىڭ قۇلۇنلىغاندا، بۆككىنىڭ ئايغىرىنى ئۇنتۇپ قالما جۇمۇ! — دېدى جاماشاھ.

— ھەي باي ئاكا، قۇلۇنىڭنىڭ بۆشۈك تويىغا چاقىرارسەن؟ — دەپ سورىدى ھاجىقۇلى.

ئۆمرىدە تۈنجى قېتىم توختىيابايئ ئوغلاق تاشلاپ بەردى. قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىلىرىدە زېرىكىپ، خوتۇنلىرىغا تېرىكىپ يۈرگەن رېھىمشاھنىڭ ئاغىنىلىرى كەچ كىرگۈچە ئوغلاق تارتىشتى. «چىدىغانغا چىقارغان» دېگەندەك قىلىپ، كەچلىكلى ئوغلاقنى توختىيابايىنىڭ ئۆيىگە تاشلىدى. چارىسىز قالغان باي بىر قوي سويۇپ مەشرەپ بەردى.

بۆككى نامى بىرىلگەندىن كېيىن رېھىمشاھنىڭ نامى چىقىپ قالدى. بۇ نام رېھىمشاھنى نېمە كويلارغا سالار؟ بۇنى كېيىنكى بابتىن بىلەرسىز.

# 5 — باب شىكاردا

1

شارغۇجىلىقلارنىڭ كۆپرەكى چارۋىچىلىق، ئازراقى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئۇلارنىڭ يۇك سۆرەش ئېتى، خامان ئېتى ۋە مىنىش ئاتلىرى بار، شارغۇجىلىقلار بەستلىك، ئۇستىخانلىق، ئېگىز بويلۇق، كۆكسى كەڭ خەلق. ئۇلار ئات مىنىش، ئوۋ ئوۋلاش، بەيگە، ئوغلاق تارتىشقا ئامراق ھەم ماھىر كېلىدۇ، ئۇلار شىكارغا چىقىشنى «باتۇر يېتىشتۇرىدۇ، باتۇرنىڭ داڭقىنى چىقىرىدۇ» دەپ قارايدۇ. شۇڭا يىگىتلىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن قولى بوشىغان ھامان شىكارغا چىقىدۇ. يىگىتلىرىلا ئەمەس، قىزلىرىمۇ ئاتخۇمار، چەۋەنداز كېلىدۇ، ئۇلار بوش ۋاقتىدا ئات چېپىشىدۇ، ئات، قوي، كالا باقىدۇ، ھېيت، توي — تۆكۈنلەردە ئوغلاق تارتىدۇ، بەيگىگە چۈشىدۇ. شارغۇجىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل شارائىتى ئۇلارنى شىكارچى قىلىپ قويغان، شارغۇجىدا ئوۋ ھايۋانلىرى، ئوۋ قۇشلىرى كۆپ، شارغۇجا ئەتراپىدىكى تاغ — ئېدىر، يايلاق، تۇزلەڭلىكلەردە تېكە، بۇغا — مارال، كالتە قۇيرۇق، توشقان، كەكلىك، قىرغاۋۇلغا ئوخشاش ئوۋلار ھەر قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. يەنە بۆرە، ئېيىق، قاۋان، تۈلكىلەرچۇ تېخى، شۇڭا شارغۇجىلىقلار ئوۋ ئوۋلىمىغانلارنى ئادەم ھېسابلىمايدۇ.

رېھىمشاھ سەككىز يېشىدىن تارتىپ ئوۋ خۇمار، ئاتخۇمار، مال خۇمار ئىدى، ئۇ يەر دەسسىگەندىن تارتىپلا قويلار ئىچىگە كىرىۋالاتتى. ئونبەش يېشىدىن تارتىپ شىكارغا چىقمىسا، ئوۋ گۆشى

يىمىسە تۇرالمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. ھاسانشاھ ھەر كەچ كۆزدە ئات سويۇپ سوقۇم قىلاتتى، ئۆيىدىن گۆش ئايرىمايتتى، ئۇنىڭ ئۇن ساندۇقىدىن تومۇز كۈنلىرىمۇ قىزا چىقاتتى، ئۇ قىزنى ئۇن ئارىسىدا ساقلايتتى.

1872 – يىلى كەچ كۈزنىڭ بىر سەھىرى تۆت ئاغىينە شىكارغا چىقتى، رىھىمشاھنىڭ ئاستىدىكى بوز ئات ئويناقلاپ تۇراتتى، بوز ئات كۈمۈش شالدىرمىلىق ئىگەر – جابدۇق، مارجانلىق قۇشقۇن، يۈگەن بىلەن بىزەلگەنىدى.

ئۇلار كۆرە بۇلاققا يېقىنلاپ قالغاندا، بوز ئات خارتىلداپ ماڭغىلى ئۇنىمىدى. رىھىمشاھ ئالغا قارىدى، بىر نەچچە موڭغۇل چارۋىچى ئالدىدا تۇراتتى. ئۇلار ئامانلىق سوراشتى، ئالدىدا تۇرغان موڭغۇل ساپ ئۇيغۇر تىلىدا ئىلتىجا قىلدى:

– ھاي بۆككى، بۇ يول بىلەن ماڭماي، ئەۋۇ يولدا ماڭساڭلار بوپتىكەن، بىر تۆگەم بۇرغىسىغا كىرىپ قاپتۇ، ئالدىڭلاردىكى سايدا ئالەمنى مالەم قىلىپ يۈرۈيدۇ. سىلەرنى مېيىپ قىلىپ قويارمىكىن، دەپ ئالدىڭلارنى توسۇشۇم.

تۆگە بۇرغىسىغا كىرسە كۆزگە ھېچنىمە كۆرۈنمەيدۇ، غالجىرلىشىپ، ئۇچرىغانلىكى جاننى چايناپ پۇركۈيدۇ، دەسسەپ چەيلەيدۇ، بۇنى شىكارچىلار ئوبدان بىلىدۇ.

– ئۇ كۆرسەتكەن يول بىلەن ماڭىلى، – دەپ جاماشاھ ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇرىدى.

– ھەي بۇرادەر، – دېدى رىھىمشاھ بوم ئاۋازدا، – بىزنى ئاياپ ئالدىمىزنى توسۇغىنىڭغا ھەشقاللا، ئەمما لېكىن بىز يولىمىزدىن قايتمايمىز، ھېلىغۇ بۇرغاڭ ئىكەن، يولۋاس بولسىمۇ مېڭىۋېرىمىز، مەگەر خەتەرگە يولۇقساق دەۋايىمىز يوقتۇر، بىراق بۇرغىغا كىرگەن تۆگەڭ ئۆلسە قانداق قىلىسەن؟

موڭغۇل چارۋىچى ھەيرەتتە قالدى ۋە ئاخىرىدا دېدى:

– ھاي رىھىمشاھ، سېنىڭ بۆككىلىكىڭنى، ھەر قانداق

www.uyghurkitap.com

توسالغۇنى بۆسۈپ ئۆتىدىغىنىڭنى بىلىمەن، مۇنۇ ئاغىنىلىرىڭ، بولۇپمۇ ئاۋۇ ئاۋاق ئاغىنەڭ زەخمەت يېتىسچۇ؟

— بىزدىن خاتىرجەم بول، — دېدى مىسىرشاھ.

— ئەمىسە تۆگەمنى ئۆلتۈرسەڭ گۆشى مېنىڭ، تېرىسى سېنىڭ، — دېدى موڭغۇل چارۋىچى.

رېھمشاھ ئېتىنى كەينىگە بۇراپ ماڭغان جاماشاھنى ۋارقىراپ توختاتتى، ئۇنى ئالدىغاسېلىپ ماڭدى. جامانىڭ قورقىنىدىن چىرايىدا قان قالمىغانىدى، غال — غال تىترەپ تۇراتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن ھاجىقۇلى شاققىدە قوشاق توقىدى:

بۇرنىغا كىرگەن تۆگىدىن قورققان جاما،
بىزنىڭ ئارىمىزدىن ئايرىلىپ قالما.

ئاغىنىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى، رېھمشاھنىڭ بىگىسىنى كۆرۈشكە ئەگىشىپ ماڭغان موڭغۇللارمۇ كۈلۈشۈپ كەتتى، ئىزا بولغان جاماشاھ تىزگىنىنى تارتىپ كەينىگە قايرىلدى ۋە:

— سەنلەرگە ئويۇن، ماڭا قىيىن بولدى، — دېدى.

رېھمشاھ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئېتىنى يورغىلاتتى. ئۇلار كۆرە سېپىدىن تۆۋەنلەپ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ئالدىدىن بىر قۇتربغان تۆگە چىقىپ كەلدى. ئۇ ھۆركىرەپ، ئاغزىدىن مازغاپ چىقىراتتى، پۇتى بىلەن يەرنى تىلغاپ ئاسمانغا توپا پۇركۈيتتى، ئۇ شىكارچىلارنى كۆرۈپ ھەيۋە بىلەن ئېتىلدى، جاما ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ بەدەر قاچتى، رېھمشاھ قىلچە ھودۇقمىدى، چۈنكى تەبىئەت ئۇنىڭغا غايەت زور كۈچ، دېۋىدەك چوڭ بەدەن، شىردەك جاسارەت ئاتا قىلغانىدى. ئۇ ئۆزىگە ئېتىلىپ كەلگەن تۆگىنىڭ بېشىغا قولىدىكى ئىرغاي كالتەك بىلەن بىرنى ئۇردى، تۆگە يەرگە پوككىدە چۈشتى. سەل نېرىدىكى دۆڭدە تاماشا كۆرۈپ تۇرغان موڭغۇللارمۇ

ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىشتى، تۆگە ئىگىسى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى:
— ھەقىقى بۆككى — دە، سەن، ئادەم ۋە ماللارنى بۇنىڭ زەخمىتىدىن قۇتۇلدۇردۇڭ، تېرىسىنى سويىۋال.
تېخىچە ئالدى — كەينىگە قارىماي قېچىپ كېتىۋاتقان جاماشاھنى مىسىرشاھ ۋارقىراپ توختىتىۋالدى:
— ھاي ئالاقورقاق، قايتىپ كېلىپ مۇنۇ تۆگىنى سويىۋال!

2

جاماشاھ قورقۇنچاق بولغىنى بىلەن قاسساپلىق، ئاشپەزلىككە ماھىر ئىدى. ئۇ كېلىپ بوغۇرلانغان تۆگىنى كۆرگەندىلا قورقۇشى بېسىلدى. ئاتنى چۈشەپ ئوتقا قويۇۋەتتى. ئۇ تۆگىنى ھەش — پەش دېگۈچە سويۇپ بولدى، ئاڭغىچە مىسىر شاھ، ھاجىقۇللار ئوتۇن تېرىپ كېلىپ، گۇلخان سېلىپ قويغانىدى، ئۇلار ئىككى سان گۆشنى تېۋىلغا ياغاچقا ئۆتكۈزۈپ كاۋاپ قىلدى، قالغىنىنى موخۇللار ئېلىپ كەتتى.
كاۋاپقا تويغان شىكارچىلار ئاتلاندى. ئۇلار سايدىن چىقىپ تاغ باغرىلاپ مېڭىشقا باشلىدى، تاغ ئېگىز ۋە تىك ئىدى، ئۇنىڭ چوققىسى ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. جاماشاھ چوققىغا قارىۋىدى، مالىخىيى يەرگە چۈشۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كەينىدە كېلىۋاتقان مىسىرشاھ ئېڭىشىپ مالخىيىنى ئېلىپ بەردى. شىكارچىلار بىر قاپتالدىن ئېشىپ، ئاقباش چوققىسىغا ئۆرلىشىگە ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلىك جاي كۆرۈندى. تاغنىڭ تەسكەي تەرىپى تىك ۋە ئېگىز ئۆسكەن قارغايلار بىلەن قاپلانغانىدى، ساي — سالادا قېيىن، تاغ تېرىكى، دولانا ۋە تاللار بۆككىدە ئۆسكەنىدى. تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن تاغ گۈللىرى راھەت بەخش ئەتكۈچى خۇش پۇراق تارقىتىپ تۇراتتى. كۆز قۇياشى گۈللەرگە يارقىن نۇرىنى چاچماقتا ئىدى ۋە يايلاق تېخىمۇ رەڭدار

www.uyghurkitap.com

تۇسكە كىرگەنىدى. بۇ يايلاقتا قوي، كالا، ئات، ئۆچكىلەر چۆپنىڭ بېشىنى يەپ، سۇنىڭ سۈزۈكىنى ئىچىپ يۈرەتتى. بۇلاردىن باشقا، بۇ يەردە بۇغا — مارال، تاغ تېكىسى، تۈلكە، بۆرىگە ئوخشاش ياۋايى هايۋانلار كۆپ ئىكەنلىكىنى ئوۋچىلار بىلەتتى. رېھىمشاھ بىردىن ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپلا كېلىۋاتقان هاجىقۇلى سورىماي تۇرالمىدى:

— نېمىگە توختىدىڭ هوي؟

— قارا ئاۋۇ يەرگە، جەننەتنىڭ ئۆزىغۇ!

رېھىمشاھ كۆرسەتكەن قاپتال تۇگەل لەيلىقازاق بىلەن كەشتىلەنگەنىدى، ئۇنىڭ چۆرىسىنى ساپسېرىق سەبدە، ئاق لەيلى، قىزىل لەيلى، چۇغلۇق گۇللىرى چەمبەر شەكلىدە ئوراپ، بىر چوڭ گۇلخان هاسىل قىلغانىدى.

— پاھ — پاھ، ئاللا ئىگەم ئاجايىپ گۈزەل يەرلەرنى ياراتقان — هە!

رېھىمشاھ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى لەيلىقازاقلىق قاپتالغا بىرلەھزە مەھلىيا بولۇپ قارىاپ قالدى. رېھىمشاھ:

— هەي هاجىقۇلى، جاماشاھنى ئۇچۇغدايدىغانلا قوشاق توقۇماي مۇنۇ گۈزەللىك هەققىدە قوشاق توقۇغىنا قېنى! — دېدى.

— هە بەللى، كۆڭلۈمدىكىنى دىدىڭ، — دەپ جاماشاھ جانلاندى، — هەي قۇل، بېزىرىپلا تۇرماي، خوجا ئاكاڭنىڭ ئەمرىنى بىجا كەلتۈرمەمسەن؟

ئۇلار زورلىمىسىمۇ هاجىقۇلىنىڭ كۆڭلىدە ئۇنچە — مەرۋايىتلار تىزىلىۋاتاتتى، ئۇ بۇلبۇلدەك سايرىدى:

تاغدا ئاچىلىپ قاپتۇ،
سېرىق سەبدە بىلەن چۇغلۇق.
جاما چېچىلىپ قاپتۇ،
رېھىمشاھقا ئېيتاي قۇللۇق.

بۇ قوشاق رېھىمشاھنىلا ئەمەس، جاماشاھنىمۇ خوش قىلىۋەتتى. شىكارچىلار مانا شۇنداق خۇشچاقچاق بىلەن تاغقا ئۆرلەشكە باشلىدى، تىك قىيا تاشلار ئارىسىدىكى غىلتاڭ، تار، قىڭراق بىسىدەك ئۇچما تاشلىق يوللار بىلەن ماڭدى، يولدا پات — پات قورام تاشلار ئۇچراپ قالاتتى. شىكارچىلار ئۇنىڭدىن تەستە ئۆتەتتى. ئارىلاپ ساڭگىلاپ تۇرغان قىيا تاشلار كۆرۈنەتتى. جاماشاھ بۇنداق يەرلەردىن كۆزىنى يۇمۇپ ئۆتەتتى. جاماشاھنى قورقىتىدىغان يەنە بىر نەرسە قارغايلىق ۋە چاتقاللار ئىچىدىن ئاڭلىنىدىغان بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرى ئىدى. ئۇ جەرەنلەرنىڭ «باپ — باپ» قىلىپ بۇرغىلىشىنى ئاڭلىغاندىلا كۆزىنى ئاچاتتى. جاماشاھ ئىسقاق دىگەن قۇشنىڭ «ئىساق» «ئىساق» دەپ سەت سايرىشىنى ئاڭلىغاندا دۈم يېتىپ، ئاتنىڭ بوينىنى قۇچاقلىۋالدى.

— ھوي، يەنە نېمىدىن قورقىۋاتىسەن، سېنىڭ قورقمايدىغان نېمەڭ بارمۇ زادى؟ — دەپ سورىدى مىسىرشاھ.

— خوتۇنىدىن قورقىدۇ، دەپ سايرايدىغان پاختەكتىن قورقمايدۇ، — دەپ شاڭخو قىلدى ھاجىقۇلى.

— ۋاھ — ھا — ھا — ھا!

— ئاغىنىلەر، كۈلسەڭلارمۇ مەيلى، ئەمما لېكىنزە «ئىساق — ئىساق» دىگەن سەت ئاۋازنى ئاڭلىسامىلا تېنىم شۈركىنىدۇ. بۇ كاساپەتنىڭ ئاۋازى بىردە يەر تېگىدىن، بىردە ئاسماننىڭ قەھرىدىن ئاڭلانغاندەك بىلىنىدۇ، خۇددى جىن قۇشتەك.

— قورقما، ئۇ سەندەك ئاۋاقنى يىمەيدۇ.

— بولدى قوي ھاجىقۇلى، — دىدى مىسىر شاھ، — ئۇ جىن قۇش ئەمەس، ئىسقاق دىگەن قۇش، ئۇ دەرەخنىڭ پۇتاقلىرىغا چىرمىشىۋېلىپ، بېشىنى تۆۋەنگە قارىتىپ تۇرۇپ سايرايدۇ، ئۇ سايراپ مەست بولغاندا، ئاغزىدىن بىر تامچە قان چۈشىدۇ، قان يەرگە چۈشكۈچە ئۇ ئۇچۇپ بېرىپ يۇتۇۋالىدۇ.

— ھەر ھالدا يامان قۇش جۇمۇ ئۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن مۇدھىشلىك سېزىلىدۇ، — دېدى جاما شاھ شۇركىنىپ.

— توغرا ئېيتىسەن، — دەپ تەستىقلىدى مىسىر شاھ، — ئىسقاق سايرىغان يەر خارابىلىققا ئايلىنىپ كېتىدۇ، دېگەن گەپ بار.

ئۇلار تاغنىڭ چوڭ شامالliq دېگەن يېرىدىن ئۆتكەندە، سوغۇق شامال ئۇرۇلدى، جاماشاھ يوتىلىپ كەتتى، ھاجىقۇلى دەررۇ قوشاق قاتتى:

بىزمۇ كەلدۇق كۆتەلگە.①
جاما قالدى يۆتەلگە.

رېھىمشاھ بىلەن مىسىرشاھلار كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى. ئۇلار تاغ باغرىدىكى چىغىر يول بىلەن ئۆرلەۋەردى. رېھىمشاھ ئىككى تەرىپىدىكى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىپ ماڭدى. بىر — بىرىدىن ئېگىز تاغلار، يىپ تارتىپ تىككەندەك ئۆسكەن قاتار قارىغايلار، ئوت — چۆپلەرنىڭ ساپ ھاۋاسى ئېلىپ كەلگەن خۇشپۇراقلىرى...، ئۇۋچىلار كۆن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە بۇلاق بېشىغا يېتىپ باردى.

شىكارچىلار بۇلاق بېشىدا ئاتتىن چۈشتى، ئۇلار ئۇسسىغانىدى. ئاتلىرىنى چۈشەپ قويۇۋەتتى. مىسىرشاھ خۇرجۇندىن مىس چۆگۈن، ھىجىرلەرنى ئالدى ۋە:

— جاماشاھ ئاليلىرى، ئوتۇن تېرىپ كېلىپ، چاي قاينىتىپ تۇرغايلا، بىز ئوۋ ئوۋلايلى، — دېدى.

جاماشاھ ئوتۇن تېرىپ كەلگەندە ئاغىنىلىرىدىن ھېچكىم قالمىغانىدى. ئۇ بۇلاقتىن چۆگۈندە سۇ ئېلىپ كەلدى. ئۈچ تاشنى ئوچاق قىلدى، چۆگۈننى قويدى...

---

① كۆتەل — پەرنامى.

رېھىمشاھ ئۇۋ ھەيدەيدىغان، ھاجىقۇلى توسايدىغان، مىسىرشاھ ئاتىدىغانغا كېلىشىپ جىرا ئىچىگە كىرىشىپ كەتتى. رېھىمشاھ ئالۋاستى ساينىڭ كۇنگەي، تەسكەيلىرىگە تەكشى كۆز تىكىپ قىر بىلەن ماڭدى. ساي ئىچىدە تاغ سۈيى شاۋقۇن سېلىپ ئاقاتتى. رېھىمشاھ ئوڭ قولىدا ئېرغاي كالتەكنى تۇتۇپ، سول قولىدا ئاللارنى قايرىپ، ئات تۇيىقى ئارانلا سىغىدىغان چىغىر يول بىلەن ماڭدى. بىردىن ئۇنىڭ بىر توپ جەرەنگە كۆزى چۈشتى، بىر توپ جەرەن سۇ ئىچىۋاتاتتى. جەرەنلەر ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ پارتلا قىلىپ قاچتى. رېھىمشاھ:

— ھاجىقۇلى، جەرەنلەر سەن تەرەپكە قاچتى! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇنىڭ ئاۋازى جەرەنلەرنى تېخىمۇ ئۈركۈتتى. ئۇ جەرەنلەرنى قوغلاپ يۈگۈردى. ئۇنىڭ ئالدىدا ساپسېرىق تۈكلىرى پارقىراپ تۇرغان، پۈتى ئىنچىكە، موزاي تۇمشۇق، ئاچا ياغاچتەك مۈڭگۈزلۈك، چىرايلىق جانىۋارلار سەكرەپ — سەكرەپ قاچاتتى. ئۇلارنىڭ قاپقارا كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى. جەرەنلەر تاغ باغرىغا قويۇندەك يۈگۈرۈپ كەتتى. شۇ ئەسنادا ئوڭ تەرەپتىن مىلتىق ئاۋازى ياڭرىدى. «مىسىرشاھ تەككۈزەلىگەندىمۇ؟» دېگەن ئوي رېھىمشاھنىڭ كۆڭلىدىن كەچتى. ئۇ چاتقاللىققا يۈگۈردى. ئۇ چات ئارىلاپ يۈگۈرۈۋاتاتتى، يوغان بىر قورام تاشنى ئەگىپ ئۆتۈشكە بىر قاۋان روبىرو چىقىپ قالدى. ئارىلىق بەك يېقىن، قاۋاننىڭ «خارت — خارت» قىلغىنى ئاڭلاندى. رېھىمشاھ «قانداق قىلسام بولار» دەپ چارە ئىزدىدى، قولىدىكى ئىرغايغا قاراپ قويدى. قاۋاننىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرغان يوغان چىشى شەمشەردەك ئىتتىك، دىققەت قىلمىسا، ئۆزىنىڭ قارنىنى يېرىۋېتىدۇ، رېھىمشاھ شۇ خىيالدا تۇرغاندا، قاۋان ئېتىلدى، ئۇ چەبدەستلىك بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئالدى ۋە كالتەك بىلەن قاۋاننىڭ بېشىغا زەرب بىلەن ئۇردى. كالتەك ئۈزۈلدى، قاۋان يىقىلدى ۋە تىپىرلىغىنىچە دومىلىدى.

ئۈچ تاش ئارىسىغا ئوتۇن تىزىپ، ئوت ياقاي، دەپ تۇرغان جاماشاھ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازدىن چۆچىدى، ئۇ تاغدىن تاش دومىلاپ چۈشۈۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ تاغ بېشىغا قارىدى، تاش ئەمەس يوغان بىر قاۋان دومىلاپ چۈشۈۋاتاتتى. جاماشاھ قورقىنىدىن ئولتۇرۇپلا قالدى. قاۋاننىڭ كەينىدىن چۈشكەن رېھمشاھنى كۆرۈپ، ئاندىن ئۇنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى. رېھمشاھ كېلىپ ئولتۇردى، كەينىدىنلا مىسىرشاھ، ھاجىقۇلىلار كېلىشتى. مىسىرشاھنىڭ ئوقى جەرەنگە تەگمىگەنىدى، جاماشاھنىڭ چېيىمۇ قاينىمىغانىدى. ئۇسساپ كەتكەن ھاجىقۇلى كالپۇكىنى يالىۋېتىپ مۇنداق دېدى:

دەيدۇ كىم بۇ يەرنى بۇلاق بېشى،
پىشمايدۇ مەلىكە ئايىمنىڭ ئېشى.

ھېرىپ — ئاچقان شىكارچىلارنىڭ جاراڭلىق كۈلكىسى بۇلاق بېشىنى كۆتۈرۈۋەتتى، بۇ ئۇلارنىڭ ھاردۇقىنى چىقاردى، چايمۇ قاينىدى.

— ئاغىنىلەر، — دېدى مىسىرشاھ چاي ئىچىلىپ بولۇشىغا، — يېرىم كۈنىمىز بىكار ئۆتۈپ كەتتى، جەرەنلەرئارغىبەتكە ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى تاغقا ئۆرلەشكە توغرا كېلىدۇ. تاغ بېشىدا تېكىلەر ئۈيىر — ئۈيىرى بىلەن يۈرۈيدۇ. ھەرھالدائۆيگە ئوۋسىز بارساق سەت بولار. — بۇنىمە دېگىنىڭ؟ — دېدى ھاجىقۇلى، — رېھمشاھ بۇرغىغا كىرگەن تۆگە بىلەن چوشقىنى ئوۋلىدى، جاماشاھنىڭ قانجۇغىسى تومپايدى. ئەمدى ئۇ چوشقىنى ئەكىتىشنىڭ كويىدا بولۇپ، چايمۇ قاينىتالمىدى. — ھەي، ھارامنى نىمە قىلىمەن؟

— ھالالغا تېگىشىسەن — دە، بەلكىم يەپ قويۇشۇڭمۇ مۇمكىن.

— ئۆغ، كۆڭلۈمنى ئاينىتمىغىنا، — دەپ جاماشاھ سەسكەندى.

— بولدى قويۇڭلار، مىسىرشاھنىڭ دېگىنى بويىچە تاغقا

ئۆرلەيلى، — دېدى رېھىمشاھ ئېتىنى تۇتقىنى مېڭىپ.
ئاغىنىلەر قوشماق ئالۇچىدەك تەڭ ئۆسكەن، ئۇلار بىر ناننى تەڭ تالىشىپ يەپ چوڭ بولغان، شۇڭا ئۇلار بىر — بىرىنىڭ گېپىنى كۆتۈرەتتى، ئاڭلايتتى، بولۇپمۇ سالاپەتلىك، ئەدەپ — قائىدىلىك مىسىرشاھنىڭ گېپىنى ئاڭلايتتى. مىسىرشاھ ماھىر ئوۋچى بولۇپلا قالماي، ئەقىل — پاراسەتلىك، خاتىرە كۈچى ياخشى، ئىشتا قىزغىن، ساداقەتمەن ئىدى. شۇڭا ئوتتۇز ئوغۇل ئۇنى يىگىت بېشى قىلىۋالغانىدى. ئۇلار مىسىرشاھنىڭ ئەقلى بويىچە تاغقا ئۆرلىدى. ئىككى بەلدىن ئاشقاندىن كېيىن چوڭقۇر جىلغىغا چۈشتى. جىلغا سۈيىنى ياقىلاپ يەنە ئۆرلىدى. يۇقىرى ئۆرلىگەنسېرى سۇ ئازلىدى. سۇ بەكمۇ سۈزۈك، تاشتىن — تاشقا ئۇرۇلۇپ ئاقاتتى، ئاپئاق دولقۇنلۇق ناۋا ھاسىل قىلاتتى. ئۇلار بۇ سايدا ئۇزاقراق ماڭدى. جىلغىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا قارىغاي، ئارچا، قىزىل چېتەن، ئىرغايلار بۇككىدە ئۆسۈپ كەتكەنىدى. رېھىمشاھ بىر ئىرغاي دەرىخىدىن كالتەككە لايىق شاخنى يىرىۋالدى ۋە ئات ئۈستىدە پىچىقى بىلەن يونۇپ ماڭدى. ئۇنىڭ بوز ئېتى ئارىلاپ خارتىلداپ، قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ قوياتتى، ئۇنى چۆچۈتكەنلەر سۇغۇر، قاشقا، ئوغلاق، ئاغمىخانلار بولۇپ، جاڭگال ئىچىدە يورغىلىشىپ يۈرەتتى. يۇقىرى تەرەپتە دەرەخلەر شالاڭ ئىدى، بەزى جايلاردا تەنگە ياپراق چۆپلىرى پاكار ئۆسۈپ تۇراتتى، بەزى يەرلەر تاقىرباش ئىدى. ئۇلار يۇقىرى ئۆرلىگەنسېرى تۆتىنىڭ غۇلىچى يەتكۈسىز قارىغايلار كۆرۈندى. ئۇلار ئەشۇ قارىغايلىقتا ئاتتىن چۈشتى، ئاتلىرىنى چۇشەپ قويۇۋەتتى.
ھاجىقۇلى ئېتىنى چۇشىمەيلا قويۇۋەتتى، ئۇ:
— يە جانىۋار، بۇيەرنىڭ چۆپى پاكار بولغىنى بىلەن كۈچلۈك، — دېدى.
مىسىرشاھ دوسان سېيىنىڭ باغرىدا يېقىلىپ ياتقان قارىغايلارنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ھاجىقۇلىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. ھاجىقۇلى قىزىقچىلىق قىلىپ رېھىمشاھقا:

— ھەي، سەن ھەقىقىي بۆككى بولساڭ مۇنۇ قارىغاينى تىكلەپ باقە قېنى، — دېدى.

— بىكاردىن بىكار نېمىشقا يۆلەيدۇ؟ — دېدى جاماشاھ.

— ئەنە قارا، ياش قارىغاي ئىكەن، تېخىچە قۇرۇماپتۇ. يىلتىزىنىڭ يېرىمى تۇپىدا تۇرىدۇ. تۇپىسىنى تاغ سۈيى يالاپ كەتكەن، بوراندا قارىغاي يىقىلغانىكەن. يۆلەپ، چۆرىسىگە تۇپا يۆلىسەك تۇتۇپ كېتىدىغاندەك، — دېدى مىسىرشاھ.

رېھىمشاھ قارىغاينى مۆلچەرلىدى. ئۇنىڭ چامىچە قارىغاينىڭ توۋى تەرىپى ئۈچ غېرىچ، ئۇزۇنلۇقى بەش غۇلاچ كېلەتتى. ئۇ ئۇندىمەي، جاماشاھتەك چوڭلۇقتىكى تاشتىن تۆتنى قارىغاينىڭ يىلتىزى يېنىغا يىغدى.

— تاشنى نېمە قىلىسەن؟ — سورىدى جاماشاھ.

— مەن قارىغاينى تىكلىگەندە، تۆۋىگە بۇ تاشلارنى تىرەيسىلەر، ئاندىن تۇپا تاشلاپ چىڭدايسىلەر.

— بۇ ئاددىي ئىشنى جاماشاھ بىجىرىدۇ.

جاما شاھتىن باشقىسى كۈلۈشتى، رېھىمشاھ خۇددى چېلىشتا مەيداننى ئايلانغاندەك، قارىغاي ئەتراپىنى ئايلاندى، ئاندىن تۈگۈرلىنىپ، كۆچىنى ئىككى قولى ۋە كۆكسىگە يىغدى، ئېڭىشىپ تۇرۇپ، قارىغاينىڭ ئوتتۇرىسىدىن تۇتتى — دە،

— ياپىرىم! — دەپ لىككىدە كۆتۈردى.

شۇ ھامان مىسىرشاھ بىلەن ھاجىقۇلى يۈگۈرۈپ بېرىپ قارىغاينىڭ تەرىپىگە تاش تىرىدى، جاماشاھ ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغاندى، مىسىرشاھ:

— ھوي ئاۋاق، بىزگە قارىشىۋەت، — دەپ چاقىردى.

ئۇلار ئۈچ تاشنى دومىلىتىپ، قارىغاينىڭ ئۈچ تەرىپىگە تىرىدى، ئاندىن قارا چىلان تۇپىنى تاش ئارىلىرىغا تۆكتى. پۇتلىرى بىلەن دەسسەپ چىڭدىدى.

— قارىغاينى قويىۋەتتىم — ھە!

جاماشاھ ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ئەمما قارىغاي ئۇ قورقىنىدەك يىقىلمىدى، بەلكى تىك تۇردى. رىھىمشاھنىڭ ئاغىنىلىرى:

— يارايسەن ئاغىنە، ھەقىقىي كۈچتۈڭگۈر بۆككى ئىكەنسەن! — دېيىشىپ چوقان كۆتۈردى.

شۇھامان بىرتوپ تېكە دوسان سايىدىن تاغ باغرىغا قاراپ قاچتى، مىسىرشاھ ئۇچقاندەك كېلىپ بەردەنكىسىنى ئالدى ۋە نىشانلاپ تۇرۇپ تەپكىنى بېسىۋەتتى:

— بىرسىنىڭ يانپىشىغا تەگدى بولغاي، — دېدى ئۇ ئوق سېلىۋېتىپ.

رىھىمشاھ، ھاجىقۇلى، جاماشاھلار تاغ باغرىغا قاراپ يۈگۈردى. تېكىلەر ھەش — پەش دېگۈچە قارىغايلىق ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. دوسان ساي باغرىدا ئېچىلىپ كەتكەن گۇللەر خوتەن گېلىمىدەك چاقناپ تۇراتتى. رىھىمشاھ ئەشۇ گۇللەرنى دەسسەپ مىجىۋەتكىنىنىمۇ تۇيمىغان ھالدا يۈگۈرۈيتتى. تېكىلەر چىقىپ كەتكەن تاغ بەك ھەيۋەتلىك ۋە ئېگىز ئىدى، چوققىسى بۇلۇتنى تېشىپ كىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. رىھىمشاھنىڭ قۇلىقىغا قاقىلدىغان قوزغۇن، چىكاكلىغان بۇركۇتلەرنىڭ ئاۋازى، تۆمۈر تۇمشۇقلارنىڭ توكۇلداپ قوۋزاق تېشىۋاتقىنى، سوغۇرلارنىڭ چىقىراشلىرىمۇ كىرمىدى، پەقەت يەنە بىر پاي ئوق ئاۋازىلا ئاڭلاندى، كەينىدىنلا ئوك تەرىپىدىن:

— رىھىمشاھ، تېكە يارىلاندى، تېز ئالدىنى توس! — دېگەن مىسىرشاھنىڭ پەرمانى ئاڭلاندى.

رىھىمشاھ بىر مويناقتىن ئېشىپ چۇشۇشىگە يەنە بىر پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ ئاسمانغا قارىۋىدى، بىر قۇماي ئەگىپ ئۇچۇپ پەسلەۋاتقانلىقىنى كۆردى. «ھىم، قۇماي ئەگىپ ئۇچقان يەردە جەزمەن يارىلانغان تېكە بار» دەپ ئويلىدى رىھىمشاھ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ. ئۇنىڭ ئۆيى توغرا، قۇماي ئەگىپ ئۇچقان يەردە بىرەر

ھايۋاننىڭ ئۆلۈكى ياكى يارىلانغان ھايۋان بولىدۇ. رېھىمشاھ بىر جۈپ تالنىڭ يېنىغا بېرىشىغا «شالدۇر — شۇلدۇر» قىلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. رېھىمشاھ بوغۇم — بوغۇم ئىككى مۈڭگۈزى قۇيرۇقى تەرەپكە قايرىلغان، يوغان سەركىنىڭ ئاسقالاپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى. رېھىمشاھنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. سەركە بىر ھۆركىرەپ تاغ چوققىسىغا يول ئالدى. رېھىمشاھ كەينىدىن قوغلىدى، سەركە ئىتتىك يۈگۈرەلمىگەچكە يىراقلاپ كېتەلمىدى. ئۇ بەكمۇ تەستە، قىينىلىپ كېتىپ باراتتى، ئۇنىڭ ئوڭ يانپىشىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى. ماڭغان يولىدا قان تامچىلىرى ئىز قالدۇرۇپ باراتتى. رېھىمشاھ سەركىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ توسۇۋىدى، سەركە بار جەھلى بىلەن ئوڭ تەرەپتىكى ئارچىلىق تەرەپكە قاچتى ۋە ئۆزىنى ئارچىلىققا ئاتتى، ئۇنىڭ مۈڭگۈزى ئارچىغا ئىلىنىپ قالدى. ئۇ جان — جەھلى بىلەن تولغىنىپ بېشىنى بۇراپ، مۈڭگۈزىنى چىقىرىۋېلىشقا ئۇرۇندى. رېھىمشاھقا ياخشى پۇرسەت بولدى. ئۇ ئارچىلىقنىڭ ئۈستى قىرقىپ قويغاندەك تەكشى ئىدى، ئەمما ئاستى تەرىپىدە قارىغاي يىلتىزىدىنمۇ بەتتەر ئىرماش — چىرماش يىلتىزلار چىرمىشىپ كەتكەنىدى، سەركىنىڭ مۈڭگۈزىنى چىقىرالمىغىنىنىڭ سەۋەبىمۇ يىلتىزلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئىدى. رېھىمشاھ سەركىگە قول سالاي دېيىشىگە سەركە كەينىگە بۇرۇلدى، ئۇ مۈڭگۈزىنى ئارچىدىن چىقىرىۋالغانىدى. سەركە «بوۋۋۇ، بوۋۋۇ» دەپ قاتتىق ھۆركىرىدى — دە، رېھىمشاھقا ئېتىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قانغا تولغانلىقىنى رېھىمشاھ كۆرەلمىدى. بۇ كۆزلەر دۈشمەنلىك بىلەن پاقىراپ تۇراتتى. ئۇ رېھىمشاھقا ئېتىلدى. رېھىمشاھ كۈچلۈك قوللىرى بىلەن سەركىنىڭ ئىككى مۈڭگۈزىدىن تۇتۇۋالدى ۋە بۇرىدى، سەركە ئوڭدىسىغا چۈشتى. رېھىمشاھ سەركىنى تىقمىدىۋالدى، ئۇ بىلىدىكى پىچىقىنى غىلاپتىن چىقىرىپلا تېكىنىڭ بوغۇزىغا سۇردى. سەركە تىپىرلاپ — تىپىرلاپ ئاخىر جىم بولۇپ قالدى. رېھىمشاھ تويۇقتەك يوغان سەركىنى دەس كۆتۈرۈپ مۈرىسىگە ئالدى. ئۇ تاغدىن

دوسان سايغا چۈشكەندە ئالدىغا مىسىرشاھ، ھاجىقۇلى چىقىپ كەلدى. جاماشاھ چاي قايىنتىۋاتقان ئوچاق بېشىدا سەركىنىنى سويۇشتى، گۇلخان يېقىلدى. قۇياش نۇرى گۇلخانغا «مەن سەندىنمۇ قىزىل بولالايمەن» دەۋاتقاندەك قىزىرىپ ئۇلتۇرۇۋاتاتتى. ھاجىقۇلى گۆشنى ئۆزى ياسىغان تېۋىلغا زىخلىرىغا ئۆتكۈزدى. مىسىرشاھ تۇز، لازا، سالدى. ئۇ بىرسان گۆشنى پۈتۈن كاۋاپ قىلىپ رىھىمشاھقا سۇندى:

— ئوغۇل بالىچىلىق قىلىپ بەسلىشىپ، قارىغاينى تىكلىدىڭ، ھاجىقۇلى ئۇتتۇردى. شۇڭا ساڭا سەركىنىڭ يېرىمى ئىنئام قىلىندۇ.

— قارىغاينى تىكلەپ قويۇش قىمار ئەمەس، بىر قارىغاينى قۇتقۇزۇشتۇر، — دەپ رىھىمشاھ قارشىلىق بىلدۈردى، — گۆشنى ھەممىمىز تەڭ يەيمىز. تەڭ يېگەن تەنگە سىڭىدۇر.

— يىگىت بېشىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىساڭ پاشىپاپ بېگىمىنىڭ تايىقىنى يەيسەن، — دەپ ھاجىقۇلى جاماشاھقا كۆزىنى قىسىپ قويدى.

جاماشاھ كۆيۈۋاتقان ئوتۇندىن بىرنى ئېلىپ رىھىمشاھقا شىلتىپ قويدى. رىھىمشاھ گۆشنى ئالدى ۋە ئۇنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە كىرىشتى.

شىكارچىلار ئوۋدىن خوشال — خۇرام قايتىشتى، ئۇلار ئەتىسى ئوۋلىۋالغان قىرغاۋۇل، تېكە، كىيىك گۆشلىرى بىلەن تېرىلىرىنى ئېگەرنىڭ كەينىگە غانجۇغىلاۋالغانىدى. ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭغان جاماشاھ توختاپ قالدى:

— نېمىگە توختىدىڭ؟

— مۇنۇ خادا تاش يولنى توسۇپ ياتىدۇ — دە.

رىھىمشاھ ئاتتىن چۈشۈپ ئالدىغا ئۆتتى. ئۇ تۇنۇگۈن تىكلەپ قويغان قارىغاي چوڭلۇقىدا، ئۆز بويى بىلەن تەڭ ئۇزۇنلۇقتا بىر خادا تاش چىغىر يولنى توغرىسىغا توسۇپ ياتاتتى. جاماشاھ:

— كەينىمىزگە قايتىپ، كەلگەن يولىمىز بىلەن ماڭايلى، — دېيۋىدى،

— سەنغۇ كەلگەن يولۇڭ بىلەن قايتارسەن، كورلىغا كۆچۈۋاتقان مال قانداق ئۆتىدۇ؟ — دېدى رېھىمشاھ.

— ئەمىسە قانداق قىلغۇلۇق؟

تاشنىڭ ئېغىرلىق سالمىقىنى مۆلچەرلەۋاتقان رېھىمشاھ ئۇندىمىدى. ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن مىسىرشاھ:

— ئۇنداقتا بۇ تاشنى يۆتكىمەكچىمۇ سەن؟ — دەپ سورىدى.

— يولنى توسقانلىكى نەرسىنى يۆتكىۋېتىش كېرەكتۇر.

مىسىرشاھ دوستىنى ئاگاھلاندۇردى:

— بۇ قارىغاي ئەمەس. تاش جۇمۇ!

— بىلىمەن.

مىسىرشاھنىڭ بۇ تاشنى ئاغىنىسىنىڭ كۆتۈرۈپ ئېلىۋېتىشكە كۆزى يەتمىدى. رېھىمشاھنىڭ «بىلىمەن» دېگەن سۆزىدە غايىب كۈچ بارلىقىنى ئۇ بىلمەيتتى. رېھىمشاھ بىلىمەن دېگىنى بىلەن ئويلىنىپ قالدى. «مىسىرشاھ راست دەيدۇ، قارىغايغا كۈچۈم يەتكىنى بىلەن بۇنىڭغا يېتەمدۇ، يەتمەمدۇ؟ ئەگەر بۇ تاشنى ئېلىۋېتەلمىسەم قوي — كالىلار نەدىن ئۆتىدۇ؟ ئەگەر كۆتۈرەلمىسەمچۇ، دوستلار ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمايمەنمۇ؟ بۆككى دېگەن نامىمغا داغ چۈشۈپ قالامدۇ؟»

— ماڭا قارا ئاغىنە. بىز قارىغايلىقتىن لىم، چەنزە ئەكىلىپ، پىشاڭ قىلايلى، پىشاڭ بىلەن پەسكە دومىلىتىۋېتەيلى، — دېدى ھاجىقۇلى.

— توغرا مەسلىھەت، — دېدى مىسىر شاھ، — شۇنداق قىلىلى.

— ھوي، بىز قارىغايلىققا بارغۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدۇ. قاراڭغۇدا لىم، چەنزىنى قانداق تاپىمىز؟ تاپقان ھالەتتىمۇ ھەرە ياكى

پالتا بولمىسا. . . — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى جاماشاھ.

— بۆككىنىڭ قوللىرى پالتا.

— ياق، جاما شاھ دۈرۈس ئېيتىدۇ، قېنى بىر ئۇرۇنۇپ باقاي. رېھىمشاھ شۇنداق دەپ، ئالىقىنىغا تۈكۈردى، خادا تاشنىڭ بېشىدىن تۇتتى. ئۇ ئاغىينىلىرىگە:

— نېرىراق تۇرۇڭلار، — دەپ بىر سىلكىنىدى، خادا تاشنى لىككىدە كۆتۈرۈپلا پەسكە ئىرغىتىۋەتتى.

رېھىمشاھ تاشنى كۆتۈرگەندىلا سول كۆزىنىڭ تۈۋەنكى چاناق تومۇرى ئېتىلىپ كەتتى، كۆزى يېرىم ئۆرۈلۈپ قالدى. دوستلار بىر لەھزە قېتىپلا قالدى. ھەممىدىن ئاۋۋال ئېسىنى يىققان مىسىرشاھ پوتىسىنى ئىتتىك يەشتى، ئوتتۇرىدىن «جارت» قىلىپ يىرتتى. ئۇ رېھىمشاھنىڭ چاچراپ چىققان سول كۆزىنى پوتىسى بىلەن تاڭدى.

— ۋاي ئىست. شۇنچە كۆڭۈللۈك شىكارنىڭ ئاخىرى كۆڭۈلسىز ئاخىرلاشقىنىنى قارىمامدىغان!

ھاجىقۇلى ئەلەم بىلەن شۇنداق دېدى. مىسىرشاھ رېھىمشاھنى يۆلەپ ئېتىغا مىنگۈزدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ رېھىمشاھقا «قارىغۇ بۆككى» دەپ بىر لەقەم قوشۇلدى.

ئۇ بىر كۆزىدىن ئايرىلدى. ئەمدى چېلىشارمۇ؟

# 6 — باب كۆچ — كۆچ

1

ئىشىك ئۇلۇغ ئېچىلىپ، ھاجىقۇلى بىلەن جاماشاھ كىرىپ كەلدى. ئۇلار بىلەن تەڭ كىرگەن سوغۇق ھاۋانىڭ يۆتىلىنى

قوزغىۋەتتى. ھاۋانىخان يوغان تەشتەكتىكى چايغا جام قايماقنى ئېزىپ سېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۆتىلى پەسەيگەن ھامان چاينىڭ سورۇنىشقا تۇتۇندى. نان ئوشتۇۋاتقان رېھىمشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ، دوستلىرىنى تۆرگە باشلىدى. كىرگەنلەر داستىخان چۆرىسىگە ئولتۇرۇشتى. ھاۋانىخان ئاپقۇر چىنىلەرگە چاي قۇيۇپ، رېھىمشاھقا سۇندى. چاينى ئېلىۋاتقان ھاجىقۇلى:

— ئوھۇي، ھاۋانىخاننىڭ قايماقلىق چېيى ئۇستىگە كىرىپتۇق — دە، — دېدى.

— بۇ چاينى ئىچسەم تىترىگىم بېسىلار، — دېدى جاماشاھ ئالىقانلىرىنى بىر — بىرىگە ئىشقىلاپ تۇرۇپ:

— بۇ يىل قىش توقال كەلدى جۇمۇ، سوغۇقتىن جاماشاھلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئالا ئىتىمۇ كاڭشىپ، جاماشاھقا ئوخشاش قاتراپ يۈرۈيدۇ، — دېدى ھاجىقۇلى چاقچاق قىلىپ.

— سېنىڭ ئىتىڭ بولسا، ئۆزەڭگە ئوخشاش كاتىگىدىن چىقماي ياتىدۇ، — دېدى جاماشاھمۇ بوش كەلمەي.

— قېنى چاي ئىچىڭلار، ئىسسىپ قالارسىلە، بۇ يىل قىش قاتتىق كەلدى، يا ئادەم، يا ئۆي ئىسسىمايدۇ.

رېھىمشاھ شۇنداق دەپ، پىيالىگە نان ئوشتۇپ، ئاغىنىلىرىنىڭ چىنىسىگە سېلىپ قويدى.

— ھەي ئاداش، بۇ توقالغۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. سوغۇق ياندىن، غەم — ئەندىشە جاندىن ئۆتىدۇ، دېگەن دېگىنە، — دېدى ھاجىقۇلى.

— ھە، يەنە نېمە غەم — ئەندىشىدە قالدىڭ؟

— شەھەردە ۋەھىمىلىك خەۋەرلەر ئۇچۇپ يۈرۈپتۇ، ئۇنى شىۋىرغان يېزىمىزغىمۇ ئېلىپ كەلدى.

رېھىمشاھ سورىماي تۇرالمىدى:

— قانداق ۋەھىمىلىك خەۋەر ئىكەن ئۇ؟

ھاجىقۇلى ئاغزىدىكى ناننى چايناپ يۇتۇۋېتىپ دېدى:

قاش كېتىپ، كۆز قالغۇدەك،
ئورۇس كېتىپ، مانجۇ كەلگۇدەك.
تارانچىنىڭ كۈنى تۇغۇلۇپ،
ياقا يۇرتقا كۆچۈپ بارغۇدەك.

ھاجىقۇلىنىڭ بۇ قوشىقىدىن ئوچۇق بىرنېمىنى ئاڭقىرالمىغان رېھىمشاھ:
— سىلەر چاي ئىچكىلى كىرىدىڭلارمۇ، تېپىشماق ئېيتقىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— بۇ يىل ئورۇسلار ئىلىنى بېسىپ ياتقىلى قانچە بولدى؟
— ئون يىل.
— دېمەك، — دەپ گېپىنى جىددىي داۋاملاشتۇردى ھاجىقۇلى، — ئاق پادىشاھ بىلەن مەنچىڭ خانى سۆزلىشىپتۇ، ئورۇسلار ئىلىنى خانغا تاپشۇرۇپ، ئۆز ئېلىگە كەتكۇدەك، ئورۇسلار يۇقىرىلارغا «بىز كەتكەندىن كېيىن مەنچىڭ خان چېرىكلىرى كېلىپ، سىلەردىن ئۆچ ئالىدۇ، ئۆلتۈرۈپ چاپىدۇ. چېرىكلەر ئادەم گۆشى يەيدىغان نېمىلەر، جان ئامان قالسۇن، دېسەڭلار بىز بىلەن كېتىڭلار، بىز ھەر ئائىلىگە 30 سولكىۋاي پۇل بېرىمىز، يەر بېرىمىز» دەپتۇدەك.
رېھىمشاھنىڭ گېلىدىن چاي ئۆتمىدى. ئۆكۈزنىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرسا، تۇيىقى سىقىرايدۇ، ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى ۋە باشقا تۇغقانلىرى قوزغىلاڭغا قاتناشقان — دە! ئۇلار ھازىرمۇ بار، «بۇلارمۇ يەتتە سۇغا كېتەرمۇ، كەتمىسە چېرىكلەر ئۆلتۈرەرمۇ؟» دېگەن ئەندىشە ئەمدى ئاغىنىلىرىدىن رېھىمشاھقا ئۆتتى.
— مەگەرچەندە، بۇ گەپلەر راست بولسا، ئىش چاتاق دېگەن گەپ، بىز خەققە يەنە بىر بالايىئاپەت كېلۇر، — دېدى ئۇ غەمكىن ھالدا.
— شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىڭغا كىردۇق. سېنىڭ تونۇشلىرىڭ

كۆپ، ۋىلىباي، موللا بىلاللاردىن ئىشىنىڭ ئىنىقىنى بىلىپ چىقارمىكىن، دېگەن ئويدا كىردۇق.

— ھاجىقۇلى كىرسە بىرنى ئىككى قىلالمايمىز، — دېدى جاماشاھ.

— ھە، سەن كىرسەڭ يېرىم يولدىلا توڭلاپ قالىسەن.

— قويۇڭلارچۇ مۇشۇ چاقچىقىڭلارنى، بۇ كۆپنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئېغىر كۈنلەرنىڭ شەپىسىكەن. مەن بارسام باراي.

ئۇلار رېھىمشاھنى شۇكۈنىلا شەھەرگە ماڭغۇزدى

2

رېھىمشاھ ئاۋۋال ئويمانبايتوقاي، بايتوقاي، سۇلتانئۇۋۇەيىس مازىرى قاتارلىق ئورۇق — تۇغقانلىرى بار يېزىلارغا باردى. ئۇنىڭ تۇغقانلىرى رېھىمشاھ ئاڭلىغاننى ئاڭلاپتۇ، ئەمما باشقا كەلگەندە كۆرىمىز، دەپ قاپتىلىغۇ ئالماي يۈرۈپتۇ. ئۇ ئاتنىڭ بېشىنى شەھەرگە بۇرىدى. يېرىم كېچىدە سىڭلىسىنىڭ دەرۋازىسىنى قاقتى. دەرۋازىنى شاكىرجان ئاچتى، ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئالدى.

ئەتىسى رېھىمشاھ بازارغا چىقتى. لەپكىلەردە، مەسچىت ئالدىدا، مەيداندا، دۇكانلار ئالدىدا، كوچا دوقمۇشلىرىدا ئادەملەر توپلىشىۋالغانىدى. ئۇلار قوللىرىنى يەڭلىرى ئىچىگە تىقىپ پاراڭلىشاتتى، گەپ ئاڭلايتتى. رېھىمشاھ قەيەردە ئادەم توپلاشقان بولسا، شۇ يەرگە باردى، ئۇمۇ قوللىرىنى يېڭى ئىچىگە تىقىپ گەپ تىڭشىدى. ئۇ ھەرخىل ياش، ھەرخىل كەسىپتىكى كىشىلەرنىڭ پەقەت بىرلا نەرسە — ئورۇسلارنىڭ تەرغىباتى ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتقىنىنى بىلدى. ئۇلار ئۆز — ئارا تالىشاتتى، ئۆز پىكرلىرىنى ئىزھار قىلاتتى. روسلارنىڭ تەرغىباتچىلىرى توپ ئىچىدە يەتتە سۇ، چېلەك، ياركەنت، ئالمۇتا شەھەرلىرىگە كۆچۈش لازىملىقى ھەققىدە ئاغزىدىن كۆۋۈك چىقىرىپ سۆزلەيتتى. ئۇلار «كۆچۈپ چىققان ھەر بىر ئەرگە

بەش دىسانتا يەر، ئوتتۇز سولكىۋاي پۇل بېرىلىدۇ، كۆچمىسەڭلار مەنچىك چېرىكلىرى ئوغۇللىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈپ، خوتۇن — قىزلىرىڭلارنى ئاياغ ئاستى قىلىدۇلەر. مەنچىك چېرىكلىرى ئىلىغا ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن كىلۇر. روسلار بولسا ئادىل، مەدەنىيەتلىك خەلق، سىلەرگە مەدەنىيەت ئۆگىتىدۇ...» دەيتتى. بۇ تەرغىباتنى ئاڭلىغانلارنىڭ كاللىسى چۇشۇپ كەتتى، چىرايى سارغايدى، قوشۇمىسى تۈرۈلدى، كۆزلىرى چەكچەيدى. كىمنىڭمۇ ئۆز ماكان — كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئەزىز تۇپرىقىدىن ئايرىلغۇسى كەلسۇن؟

رېھىمشاھ ناماز شامدىن كېيىنلا سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە قايتتى. شاكىرجانلارغا تاماقتىن كېيىن كوچىدا ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئۆزىگە ئورۇن سېلىپ بەرگەن ئۆيگە كىردى. ئۇيقىسى قاچتى، ئۆي ئىسسىق ئىدى. مەشكە سېلىنغان كۆمۈردىن مەش ئوت بولۇپ قىزارغانىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، سۇمايدا مايلىغان، سامان قەغەز چاپلىغان پەنجىرە ئالدىغا باردى. دەريانىڭ شۇۋۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شاكىرنىڭ ئۆيى دەرياغا يېقىن تۆۋەنكى ناغرىچىدا ئىدى. ئۇ ھېيت — ئايەم، رامزان ئېيىدا ناغرا چالىدىغانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئالتە ئاي يازدا سەۋزە، پىياز، ئاش چامغۇر تېرەتتى، قىشتا جاللاپلىق[1] قىلاتتى، تۇرمۇشى يامان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بەش بالىسى بارئىدى. «بۇ چۆچۈرىدەك بالىلىرى بىلەن سەرسان بولۇپ ياقا يۇرتلاردا يۈرەرمۇ؟» دېسىلا رېھىمشاھنىڭ يۈرىكى ئېچىشاتتى. ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا بار — يوقى بىرلا سىڭلىسى بارئىدى. رېھىمشاھ ئۇلۇغ — كىچىك تىنىپ، پەنجىرىدىن كۆككە قارىدى. گىرىمسەن نۇر تارقىتىپ جىمىرلاۋاتقان يۇلتۇزلارنى كۆردى. «ھەي، بىز خەقنىڭ يۇلتۇزى قاچانمۇ جىمىرلار، ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا سىرىق ياغ بولۇپ قاچانغىچە كۆيەرمىز؟ مەنچىك چېرىكلىرى كەلسە

---

[1] جاللاپ — تېرە — ئۆچەي ئېلىپ ساتقۇچى.

www.uyghurkitap.com

ئەرلەرنى قول، ئايالارنى خوتۇن قىلىدۇ، دېيىشىۋاتىدۇ، روسلارچۇ؟! دادامنى ئۆلتۈردى، مىڭلىغان قىران يىگىتلارنى ئۆلتۈردى، ئۇردى — چاپتى، پالىدى، تۇل قالغان خوتۇن — قىزلارنى ئاياغ ئاستى قىلىشتى. ئەمدى مەنچىلىك چېرىكلىرى كېلىپ، ئورۇسلاردەك ۋەھشىيلىك قىلسا قانداق قىلغۇلۇق؟ ئورۇسلار زېمىنىمىزنى بېسىۋېلىپ، پارلاق تۇرمۇشىمىزنى قاراڭغۇ زۇلمەتكە ئايلاندۇردى. ئىززەت — ھۆرمەت ئورنىغا ھاقارەت قىلدى، ئەركىمىزنى بوغۇپ، كىشەنسىز مەھبۇسقا ئايلاندۇردى. دېمەك، گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن، ئىكەن — دە! سىڭلىم كۆچۈپ چىقسا بۇ زۇلمەتكە قالارمۇ؟ چۆچۈرىدەك بالىلىرى ئازاپ ئىچىدە قالارمۇ، ياق، شاكىرغا دېيىشىم كېرەك.» شۇئان شاكىرنىڭ مۇنۇ گېپى ئېسىگە كەلدى: «كۆچسەك كۆچمەمدۇق ئاكا، بىز بارىدىغان يەرلەرمۇ ئۇيغۇر يېرىكەنغۇ!»، «ئۇغۇ راست، ئۇيەرلەردىمۇ تۇغقانلىرىمىز بار، — دەپ جاۋاپ بەرگەنىدى رېھىمشاھ، — بىراق، ياقا يۇرتقا چىقىپ يەنە ئۆستەڭ چاپىسەن، گەمىدە يېتىپ بوز ئاچىسەن، باغۋارانلىق قورۇقىلىسەن، بۇنىڭغا ئۆمرۈڭ يېتەرمۇ؟ يەتكەن تەقدىردە قان — تەرىڭ كېتىپ ھالسىزلىنىپ قالارسەن!»

3

رېھىمشاھ تۇغقانلىرى، ئەل — ئاغىنىلىرى بىلەن پاراڭلىشار، روسىيە تەرغىباتچىلىرىنىڭ تەرغىباتلىرىنى ئاڭلار ئىكەن، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن كەلگىنىنى تۇيدى، ھېس قىلدى. ئۇرۇق — تۇغقان، ئەل — ئاغىنىلىرىگە يا قېپقال، يا كۆچ دېيىشكە ئاغزى بارمىدى. ئۇنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن ھاجىقۇلى بىلەن جاماشاھقىمۇ بىر نېمە دېيىشكە ئاغزى بارمىدى. پەقەت كۆرگەن،

ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى، خالاس. ھاجىقۇلىنىڭ قېرىنداشلىرى كۆچۈش قارارىغا كەلگەنىدى، ئۇ ئارىسالدا بولۇپ يۈردى. جاماشاھنىڭ كىچىك دادىسى، نەۋرە ئاكىسىمۇ كۆچمەكچى بولۇپ يۈرەتتى، ئۇلار كەتسە جاماشاھ يالغۇز قالاتتى، ئۇمۇ كۆچۈشكە بەل باغلىدى، ئۇ ئاساسلىقى مەنچىك چېرىكلىرىدىن قورقتى.

1881 — يىلى 2 — ئايدا «روسىيە — جۇڭگو ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالانغانلىقى ھەققىدىكى تەشۋىقات يەنە بىر غۇلغۇلا، ئەندىشە قوزغىدى. رېھىمشاھ ھاجىقۇلى بىلەن يەنە شەھەرگە كىردى، ئۇلار ئۇستازى موللا بىلالنىڭ ئۆيىگە چۈشتى، چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ رېھىمشاھ سورىدى:

— بۇ غەۋغالار نىچۈك بولۇر؟

— ئورۇسلارنى ئېيىق دېسە ئانچە ئېرەن قىلمىغانىكەنمەن، ئۇلار ھەقىقى ئاچ ئېيىق ئىكەن، بۇ شەرتنامە ھەققىدە سوراپ قالدىڭلار، — دېدى موللا بىلال خۇددى ساۋاق ئۆتكەندەك ئالدىرىماي، — بۇ شەرتنامە تەڭسىزدۇر، شەرتنامە بويىچە مەنچىڭ ھۆكۈمىتى چارروسىيىگە 5000 سەر كۈمۈش قىممىتىدە توققۇز مىليون روبلى تۆلەم① تۆلەيدىلەر. ئىلىنىڭ غەربى — شىمالىدىكى قورغاس دەريا ۋادىسى، جەنۇبىدىكى كەڭ ئالتۇن زېمىنىمىز روسىيەگە بېرىلىدۇ. مەنچىڭ ھۆكۈمىتى يەتمىش مىڭ كۇۋادىرات مېتىر زېمىنىمىزنى چارروسىيەگە شەرمەندىلەرچە بەردى، بۇ زېمىن ئىچىدە كەتمەن، شۇڭقار، غالجات قاتارلىق قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىلىرى ھەم بار.

— نە ئۈچۈن بۇنچە تۆلەم تۆلەپ، يەنە زېمىنىمىزنى بېرەر ئىكەن؟ — دەپ سورىدى رېھىمشاھ.

— چارپادىشاھنىڭ ئىلى دېھقانلار كۆتۈرۈلۈشىنى باستۇرغانلىقى ئۈچۈندۇر، — دېدى موللا بىلال، ئۇ ھېسسىيات قاينىمىغا چۆمگەن

① روبلى — روسىيە پۇلىنىڭ نامى.

هالدا قايناپ سۆزلىدى، — چارپادىشاھ بۇ كۆتۈرۈلۈشتىن تو غاچ ئوغۇرلىماق بولدى، ئىلىنى ئون يىل بېسىپ ياتتى، رېھىتىمىزنىڭ بايلىقلىرىنى ئوغرىلىدى، ئەندى خەلقىمىزنى ئوغرىلىماقچى.

## 4

رېھىمشاھ سىڭلىسى ئايخاننى كۆچمەسلىككە دەۋەت قىلغىلى، ھاجىقۇلى تىلى تىڭلىغىلى شەھەرگە كەلگەننىدى. رېھىمشاھ شاكىردىن سورىدى:

— ئۇكاموي، ھەركىم تاش چۇشكەن يېرىدە ئەزىز جۇمۇ، سېنى ئەزىز يۇرتۇڭنى تاشلاپ كېتىشكە نېمە مەجبۇرلىدى؟

— ئورۇسلار بىلەن مانجۇلار.

— ئورۇسلار مەجبۇرلىسا، يەنە ئورۇسنىڭ زۇلمىنى تارتىشقا چىقماقمۇسەن؟

— مەگەر چىقمىسام مانجۇلار كېلىپ كاللامنى ئالارمىش.

— سېنى ئۇلار ھېچنىمە قىلماس، سەۋەبى، سەنمۇ ئۇلارغا ھېچنىمە قىلمىغان.

شاكىر يەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋەردى، رېھىمشاھ يەنە نەسىھەت قىلىشقا ئۆتتى:

— كوچىدىكى ئۆسەك سۆزلەرگە ئىنەلمە، توختامدا مەنچىلىك خانى كەڭچىلىك قىلمىز، — دەپتۇغۇ.

— ھەي ئاكا، سانىڭ چۇجىگە ئىچى ئاغرىغىنىنى نەدە كۆردىڭىز؟ مەن كوچىدىكى سۆزلەرگە ئەمەس، ۋېلىبايىنىڭ سۆزىگە ئىنىلىمەن. بىز قىرىق تۆت ئائىلە ئۇنىڭ بىلەن ياركەنتكە كۆچىمىز. ياركەنتتە تۇغقانلارىم بار — دە.

«ھىم، ۋېلىبايمۇ كۆچمەكچى، ئۇنىڭدىن سوراپ كۆرەي، يۇرت چوڭى بولغاندىكىن بىر نېمىنى بىلەر» دىگەن ئوي رېھىمشا ھىنىڭ كاللىسىغا كەلدى، ئۇ ۋېلىبايىنىڭ ئۆيىگە باردى.

— ھە، كەل پالۋان، ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە دەپتىكەن، يۇقىرى ئۆت.

ۋېلىباي ئۇنىڭ سالىمىغا ئەنە شۇنداق جاۋاپ قىلدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ تۆرگە ئۆتكۈزدى. خىزمەتكار كىرىپ، رېھىمشاھنىڭ قولىغا سۇ ئالدى، چاي ئېلىپ كىردى. خىزمەتكار بىر پىيالە چاي ئىچىلىشىغا ئوتتۇرىسى ئويپات، چۆرىسى ھەر خىل رەڭدار گۈل نەقىشلىك چىنە تاۋاقتا پولو ئېلىپ كىردى، ئۇ رېھىمشاھنىڭ ئالدىغا پولونى قويۇپ چىقىپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي يەنە بىر تاۋاق پولونى ئېلىپ كىرىپ، ۋېلىباينىڭ ئالدىغا قويدى. پولونىڭ ئۈستىگە سۈرگۈش، قىزىل بىلەن قاپلانغانىدى. ۋېلىباي:

— قېنى پالۋان، ئاشقا باققىن، — دەپ تەكلىپ قىلدى.

رېھىمشا ھ ئىندىمەي، ئالدىدىكى بىر تاۋاق پولونى بۇدۇختەي سوقۇۋەتتى. ۋېلىباي:

— ساڭا ئاز بولۇپ قالدى، كېلىدىغىنىڭنى بىلسەم مال سويارىدىم، — دەپ ئۆزۈر ئېيتتى ۋە خىزمەتكارغا بۇيرۇدى، — ئەتكەن چاي ئەكىرگىن.

رېھىمشاھ قايماقلىق چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ:

— باي ئاكا، سىزمۇ ئورۇسلار تەرەپكە كۆچەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

ۋېلىباينىڭ تاماققا تويۇنغاندىن كېيىنكى خۇشخۇي كەيپىياتى بۇزۇلدى، ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۇرۇلدى. بوم ساقىلىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ ئويلاندى، ئاندىن سالماقلىق ئاھاڭدا جاۋاپ بەردى:

— ھە، سەنمۇ ئاڭلاپسەن — دە، كۆچۈپ كېتىشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. نېمە ئۈچۈن دېسەڭ، بىر نەچچە سەۋەپ بار، مەن كەتمەن يېزىسىدىن، ئاپام ئەشۇ يېزىدا، دادام كەتمەن يېزىسىنىڭ تۇپرىقىدا ياتىدۇ، باشقا تۇغقانلىرىممۇ كەتمەندە. مانا شۇ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئەزىز تۇپرىقىمنى مەنچىڭ خانى چارپادىشاغا ئىككى قوللاپ بېرىۋەتتى، بۇ بىرىنچى سەۋەپتۇر، — دەپ ۋېلىباي بىر

www.uyghurkitap.com

بارمىقىنى پۇكتى، — يەنە بىرى، مەن ئەلا پالۋاننىڭ دوستى، خىزمەتچىسى، قوزغىلاڭغا باشتىن — ئاخىر قاتناشتىم، كالپاكوۋىسكىغا نۇرغۇن ئاشلىق بىرىپ، ئۇنىڭ جازاسىدىن ئامان قالغاندىم، مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى كەلسە ئاۋلەن مىنى تۇتىدۇ. بۇ ئىككى، — دەپ يەنە بىر بارمىقىنى پۇكتى، — مۇھىمراقى شۇكى ماڭا ئەگىشىپ ياركەنتكە چىقماقچى بولغانلار ئەلا پالۋاننىڭ خاس يىگىتلىرىنىڭ بالا — ۋاقىسى، ئۇلارغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ، ئۆي — ماكان تۇتۇشىغا قاراشمىسام، ئۇلارنىڭ باتۇرلارچە شىھىت بولغان ئاتا، ئاكا، ئەرلىرى، ئەلا پالۋانلارنىڭ روھى مىنى ئازابلىماسمۇ؟

— كۆچمىگەن قوزغىلاڭچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق — تۇغقانلىرىنى مەنچىڭ چىرىكلىرى ئۆلتۈرىدۇ، خوتۇن — قىزلىرىنى ئاياغ — ئاستى قىلىدۇ، دىيىشىۋاتىدۇ، شۇنداق قىلارمۇ؟

— بۇنىڭغا هازىر بىر نىمە دىمەك تەس، «ئات ئىچكۈچكە كۆنمىسەك، قان ئىچكۈچى كىلەر» دىگەن گەپ بار. «جۇڭگو — روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» نىڭ 1 — ماددىسىدىلا مۇنداق دىيىلگەن: «مەنچىڭ هۆكۈمىتى ئىلى پاراكەندىچىلىكىدە ۋە تىنىچلاندۇرۇلغاندىن كىيىن سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن پۇقرالارنىڭ مىللىتى، دىنىغا قارىماستىن بىردەك كەچۈرۈم قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ مال — مۈلكىنى مۇسادىرە قىلماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشى كىرەك.» مەنچىڭ هۆكۈمىتى بۇ ماددىنى ئىجرا قىلسا، هىچكىمگە تەگمەسلىكى مۇمكىن.

— ئۇنداق بولسا كۆچمىسەڭلارمۇ بولىدىكەنغۇ؟

— ئىشىنىش تەس ئۇكام، مەن بولسام ئۇرۇق — تۇغقانلاردىن ئايرىلالمايمەن، ئايرىلىش دىگىنى كۆتۈرەلمەيمەن.

— كىچىكەنلەرنى ئورۇسلار بوزەك قىلماسمۇ، مەسىلەن، 1871 — يىلىدىكى قوزغىلاڭنى باستۇرغاندىكىدەك.

— بوزەك قىلالمايدۇ، چارپادىشاه مەنچىڭ خانىنىڭ تەلىپىگە

بىنائەن قوزغىلاڭنى باستۇرۇپ بەردى. بىزمۇ ئورۇسلارغا ئەجەللىك زەربە بەردۇق. ئۇرۇش دىگەندە ھەر ئىككى تەرەپتىن قان تۆكۈلىدۇ. بۇزەك قىلالمايدىغىننىڭ يەنە بىر سەۋەبى شۇكى، شەرتنامىنىڭ 3 — ماددىسىدا «ئىلى ئاھالىلىرى مەيلى ئەسلى جايىدا قېلىپ، جۇڭگو پۇقراسى بولۇشنى خالىسۇن، ياكى روسىيەگە كۆچۈپ بېرىپ، روسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈشنى خالىسۇن، بۇ پۇتۇنلەي ئۇلارنىڭ ئىختىيارىدا بولۇشى كېرەك» دەپ ئىلى خەلقىنى كۆچۈرۈشكە ئاساس سېلىنۋالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، شەرتنامىنىڭ 7 — ماددىسىدا «روسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ يەر — ماكانىدىن ۋاز كەچكەن ئاھالىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، ئىلىنىڭ غەربىي رايونلىرى روسىيىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇشى كېرەك» دەپ بىزنىڭ نۇرغۇن زېمىنىمىزنى ئىگىلىۋالدى.

رېھىمشاھ ۋېلىبايدىن خېلى بىر نېمىلەرنى بىلىپ قايتتى، ئۇ شاكىرنىڭ كۆچۈشكە ماقۇل بولدى.

## 5

رېھىمشاھ ئايخان ئەتكەن جىلتا مانتىغا تويۇنۇپ ھويلىغا چىقتى. ھاۋا ئوچۇق ئىدى. ئۇ مەدرىسىگە بېرىپ جۇمە نامىزى ئوقۇدى. جۇمە نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، جالالىدىن قازىكالان چارروسىيىنىڭ تۈركىستاندىكى باش ۋالىسى مىلادى 1881 — يىل 6 — ئاينىڭ 20 — كۈنى چىقارغان بۇيرۇقنى ئوقۇدى. بۇيرۇقتا ئىلى ئاھالىلىرىدىن كۆچمەكچى بولغانلارنى كۆچۈرۈش تەدبىرى كۆرسىتىلگەنىدى، رېھىمشاھ بۇيرۇقنى ئاڭلاپ، چارروسىيىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەندەك بولدى. بۇيرۇقتا «مەنچىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىش ئېھتىمالىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىز جۇڭگو چېگرىسىدا مۇكەممەل، ھەر قانداق ۋاقىتتا مەنچىڭ خاندانلىقى بىلەن ئۇرۇش قىلالايدىغان بىر تۈركۈم تايانچ كۈچ ساقلايمىز. بۇ تايانچ كۈچ

ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، خانۇ — ۋەيران بولغانلىقتىن مەنچىك هۆكۈمىتىگە ئۆچمەنلىك قىلىدۇ ۋە يۇرتلىرىغا قايتىشقا تەلپۈنىدۇ. ئىلى مۇسۇلمانلىرى ئۆز يېرىدە تۇرۇۋېرىدىغان بولسا، جۇڭغارلار ئۇيغۇرلارنى يوق قىلغانغا ئوخشاش، تەدرىجى يوق قىلىنىدۇ.»

## 6

1882 — يىل 6 — ئاينىڭ 22 — كۈنى ئىلىدا قىيامەت قايىم بولدى. تومۇز كىرگەن بۇ كۈنى قۇياش نۇرى غۇلجا شەھىرىنىڭ تۈپرىقىنى چوغدەك قىزىتتى، شەھەر خەلقى بۇ چوغدا كۆيدى. ئادەملەر مىغىلدىشاتتى، ئۇلارنىڭ يىغا — زارلىرى، يۈرەك باغرىدىن چىققان پىغانلىرى بۇ گۈزەل شەھەر ئاسمىنىنى قاپلىدى. شەھەر كوچىلىرى ئىرگىلۇ، تارانچى هارۋىسى، خادىك، بىرىچكا، كالاسكىغا ئوخشاش هارۋىلارغا تولدى، بۇ هارۋىلارغا قازان — قومۇچ، ئورۇن — يوتقان، كىگىز — كېچەك، ئۇن — ماي، نان يېسىلغان، بوۋاي — موماي، نارسىدە باللار چىقىۋالغان، هارۋىلارنىڭ ئەتراپىنى هەر خىل كىيىنگەن، هەر خىل ياشتىكى ئەر — خوتۇنلار، قىز — چوكانلار ئورۇۋالغانىدى. هارۋىدا ئولتۇرغانلار بولسا، قېتىپ قالغاندەك تۇرۇشاتتى، هارۋىدىكى قېرىلارنىڭ كۆزلىرى قېتىپ قالغانىدى، قولۇم — قوشنىلارنىڭ تەسەللى سۆزلىرىگە جاۋاپ بەرگىدەك هالى يوق، پەقەت بېشىنى ماقۇل ئىشارىتىگە لىڭشىتىپ قوياتتى. قۇياش نەيزە بويى ئۆرلىگەندە، باش هارۋا قوزغالدى، باش هارۋا، يەنى كالاسكىدا ۋېلىباي بىلەن ئايالى ئولتۇراتتى. ۋېلىباينىڭ ئون نەچچە هارۋىسىدىن كېيىن، ئابدۇلمۇهسىن خەلىپەمنىڭ هارۋىسى قوزغالدى. ئاندىن ناسىر ئەلەمنىڭ ئوغۇللىرى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن سېيىت مەهەممەتلەرنىڭ هارۋىسى قوزغالدى. ئەمدى شەهەر ئىچى گۆرۈستان جىملىقىغا چۆكتى. سېيىت مەهەممەت هارۋىسىدا تىنىك تۇردى. ئۇ نەچچە

مىڭلىغان ئۇزاتقۇچىلارغا قاراپ، جاراڭلىق ئۇرغۇدا بېيىت ئوقۇدى:

ئەلۋىدا، دەپ بىز كېتەرمىز، ئېلى شەھىرى ياخشى قال.
مۇلۇك، ئىمارەت جايى مەنزىل، ئەزىز بەھرى ياخشى قال.
يۇرتتا قالغان مازارلار بىزگە قىلغايسىز مەدەت،
ھەر دۇئادا ياد ئېتەرمىز، ئەۋلىيالار ياخشى قال.
ھەم غېرىب قالدى يەنە قېرىنداش رۇھام،
ئاتا — ئانا تۇپرىقى، قەۋرى گۆرۇستان ياخشى قال.

شائىر سېيىت مەھەممەتنىڭ ئاۋازى تىترىدى، ئۇ ماغدۇرسىزلانغاندەك، ھارۋىغا لاسسىدا ئولتۇرۇپ قالدى، ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى يېپىپ ئۆكسۈشكە باشلىدى، ئۇ ئىلى دەرياسىدەك ئۇزۇلمەي ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى توختىتالمىدى، ئۇزاتقۇچىلار بىلەن كۆچۈۋاتقانلارنىڭ قەلبىنى بۇ بېيىت لەرزىگە سالغانىدى. يىغا ئومۇمىي مەرسىيگە ئايلاندى، «ئاق يول بولسۇن»، «ئامان بول»، «ئامانلا بولساق كۆرۈشىمىز!» دېگەن ئاۋازلار بۇ يىغىنى بېسىپ كەتتى. بۇ ئاۋازلار كۆچۈۋاتقانلار سېپى كۆرە دەرۋازىدىن چىقىپ، كىچىك چىلپەڭزىگە بارغۇچە داۋام قىلدى. ئۇزاتقۇچىلار بىردىن — ئىككىدىن قېپقالدى، ئات — ئۇلاق بىلەن چىگرىغىچە ئۇزىتىشقا چىققان ۋە رىھىمشاھتەك ياركەنتكىچە ئۇزاتماقچى بولغانلارلا يولنى داۋام قىلدى. رىھىمشاھنىڭ تۇرقى چۈشكۈن ئىدى. كەينى قىيپاش قايرىملىق مالخىيى پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ شاپ بۇرۇتى سالپىيىپ قالغانىدى. قىزىل ئاچا ئۆرۈكتەك مەڭزى ئاقارغانىدى، رىھىمشاھ بۇرنىنىڭ ئۈستىدە تەپچىرەپ تۇرغان تەرنى كۆينىكىنىڭ يېڭى بىلەن پات — پات سۈرتۈپ تۇراتتى. بىر بەيگىلىك يەرگىچە كۆك بايتالنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندىمۇ ئۇنىڭدىن مۇنداق تەر چىقمىغانىدى. رىھىمشاھ ئۇ ياققا چېپىپ، بۇ ياققا چېپىپ، ئاخىر تەقدىرگە تەن بەرگەن، بۇ رەھىمسىز تەقدىردىن

نارازى بولۇپ، بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ كەتكەن، نۇرلىنىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنىڭ نۇرى سۇنغانىدى. كۆچ — كۆچ كارۋىنى كېچىلەك چىلپەڭزىدىن چىقىشىغا ئارقا تەرەپتىن غەزەپلىك ناخشا ئاڭلاندى:

ئاق پادىشاھ لەشكەرلىرى،
ئالتۇن كولاپ، تاش كەستى.
دېھقانلارنى كۆچ — كۆچ دەپ،
قىلىچ بىلەن باش كەستى.

ئوقنى ئاتتى يۇرەككە،
يېنىپ تەگدى بىلەككە.
ئاق پادىشاھنىڭ قىلغىنى،
ئورناپ كەتتى يۇرەككە.

ئەل — ئاغىنە خوش ئەمدى،
خۇدايىمغا ئامانەت.
جېنىمىز ئامان بولسا،
كۆرۈشەرمىز سالامەت.

كۆچ — كۆچ كارۋىنىنىڭ ئالدى باياندايغا بېرىشىغا ھاجىقۇلى مۇڭلۇق ئاۋازدا ناخشا باشلىۋەتتى:

كۆچ — كۆچ دەيدۇ، كۆچ دەيدۇ،
كۆچۈپ كۆرمىگەن ئەللەر.
ئۆز يۇرتىغا يېتەمدۇ،
بېرىپ كۆرمىگەن يەرلەر.

كۆچمەيمىز دېگەن بىلەن،

بۇ ئىشقا نېمە چارە؟
غۇلجىنى بېسىپ ئالدى،
دىلىمىز سۇنۇق پارە.

ئۇنىڭ ناخشىسى كۆچ — كۆچچىلەرنى يەنە بىر قېتىم يىغلاتتى. كوچىنىڭ ئىككى يېنىدا تۇرۇپ ئۇلارنى ئۇزىتىۋاتقان باياندايلىقلارمۇ يىغلاشتى. شۇ يېشىغىچە كۆزىدىن ياش چىقمىغان رېھىمشاھنىڭ كۆزىدىمۇ ياش پارلىدى، ھاجىقۇلىنىڭ ناخشىسى تېخىمۇ مۇڭلۇق ئاڭلاندى:

مىڭ جاپا بىلەن سالغان،
قالدى باغۇ — بوستانلار.
يۇرت — ماكاندىن ئايرىلىپ،
دىلدا قالدى ئارمانلار.

ھاجىقۇلىنىڭ ناخشىسى كۆچ — كۆچچىلەرنىڭ يۈرەك — باغرىنى ئەزدى، شۇنداق، كىمنىڭمۇ يۈرەك باغرى ئېزىلمىسۇن؟ كۆچۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئالتۇن رەڭدە تۇرغان بۇغدايلىرى، ئەركىن يايلاپ يۈرگەن يىلقا، كالىلىرى، قويلىرى قېپقىلىۋاتسا! ئۇلار ياپيېشىل چىمەنلىك، خۇش ھاۋالىق يايلاقلىرى، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلىك يۇرتىدىن ئايرىلىۋاتسا! باغۋارانلىرى، بۇلبۇللىرى ناۋا ئەيلەپ، قارلىغاچلىرى شوخ ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئەزىزانە ۋەتىنىدىن ئايرىلىۋاتسا! بۇنىڭغا قانداقمۇ چىدىغۇلۇق؟ ناخشىدىن كېيىنكى سۈكۈت خېلىغىچە داۋام قىلدى. ھارۋا چاقلىرىنىڭ غىچىرلىشى، ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇشىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمىدى.

باياندايدىن ئۆتكەندە كارۋاننىڭ كەينىدىن ئاڭلانغان ئىنچىكە ناخشا ئاۋازى مۇڭغا مۇڭ قوشتى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كۆچكەنلەر سەپەر قىلىپ،
قىبلىگەقاراپ ماڭدى.
كۆچمەي قالغان ئەللەر،
مانجۇغا قاراپ قالدى.

ئالمۇتىغا كۆچ دەيدۇ،
بارار يېرىمىز قۇملۇق.
راست گېپىنى قىلمايدۇ،
كۆزى كۆك، بېشى يۇڭلۇق.

قاراخان بىلەن ئاق خان،
ئىتتىپاق ئىكەن باشتا.
كۆچۇشنى خىيال ئەيلەپ،
كېمە ياسىدۇق قاشتا.

ئىلىدىن چىققان كۈنى،
يان بۇلاقتىن ئايرىلدۇق.
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتلاردىن،
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلدۇق.

رېھىمشاھ ناخشىنى ئاڭلار ئىكەن، ھەسرەت بىلەن پىغان چەكتى: «ئاھ تۇغۇلغان يۇرت، ئاھ ئىلى! سېنىڭ ئاسمىنىڭ كۆز يېشى قىلسا، گۈللىرىڭ ئېچىلىپ كۈلەتتىڭغۇ! بۈگۈن نە ئۈچۈن پۇقرالىرىڭ كۆز يېشى قىلىپ، زېمىنىڭ كۆيىدۇ؟ قارىغىنا گۈللىرىڭنى، خىجىللىقتىن سولاشتى، گۈللىرىڭمۇ بۇ ئايرىلىشقا چىدىمايۋاتىدۇ!»

ھارۋا چاقلىرى ئەزىز زېمىندا ئىز قالدۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. بۇ

ئىزغا كۆچمەنلەرنىڭ ھەسرەت — نادامەت ياشلىرى تۆكۈلمەكتە ئىدى، ئەمما ئۇلار چاندۇرمايتتى. رېھىمشاھنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان بىر ھارۋىدا بىر موماي ئولتۇراتتى، ئۇ ھارۋىنىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان ئوغلىغا كۆز ئۇزمەي قارايتتى، رېھىمشاھ ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ قالدى:

— جېنىم بالام، يالغاندىن كۈلمىسەڭچۇ!

— راست كۈلۈۋاتىمەن ئاپا.

— ئەمىسە كۆزۈڭدە نېمىشقا ياش پاقىرايدۇ؟

— قانداق قىلاي ئاپا، نەچچە ۋاقتتىن سۆزلەپ ئاۋازىم پۈتتى، يىغلاپ يېشىم قۇرىدى. يىغا بىلەن ئىش پۈتمەيدىكەن.

ئانىنىڭ كۆزىدىن ياش ئورنىغا قان — يىرىڭ ئاققاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— جېنىم ئاپا، ئىنىم ئىككىڭلار قايتىپ كېتىڭلار، سېنى ئىسسىق ئۇرمىسۇن يەنە.

— ياق بالام، ھېچ بولمىغاندا، سۆيدۈڭگىچە بولسىمۇ ئۇزۇتۇپ بېرىپ دىدارىڭغا تويۇۋالاي، مېنىڭ بىر پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى، بۇ ئايرىلىشتىن كۆرە ئىسسىق ئۇرۇپ ئۆلگىنىم خوپ، سېنى ئەمدى كۆرۈشۈم نامەھەل.

بۇ گەپلەردىن رېھىمشاھنىڭ يۈرىكى ئېزىلدى. ئۇنىڭ ھەسرەت ئۇچقۇنلىرى سىرتقا تېپىپ، يېشى يېپپى ئۇزۇلگەن مارجاندەك تۆكۈلدى. «بۇنداق ئايرىلىش دېغى بېشىغا كەلگەن بۇ ئانا — بالا ئەمەس، ھەممىمىزنىڭ بېشىغا كەلدى. بىر مەھەللە، بىر يېزىدا تۇغقاندەك ياشىغان بۇ ئادەملەرنىڭ يىلتىزى بىر، ئەلۋەتتە. ھالبۇكى، بۇگۈن زامانىنىڭ جاھىللىقى، تەقدىرنىڭ تەتۈر قىسمىتى بىلەن بۇلار بىر — بىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى. تەقدىر دېگەن شۇنچە رەھىمسىزمۇ؟» ئويلايتتى رېھىمشاھ. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى، دائىم كۆزى كۆلۈپ، ئاغزىدىن دۇردانىلەر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، غەم — قايغۇنى بىلمەيدىغان دوستى ھاجىقۇلى ئۆزىنىڭ

مىجەزىگە يات ھالدا كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزارغان، قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، پېشانىسىدە بىر نەچچە سىزىق كۆپەيگەنىدى، قىزىق لەتىپە، قوشاق دۇردانىلىرى تۆكۈلىدىغان لەۋلىرىنى چىشلىۋالغانىدى. ئۇنى كۆچۈشكە زورلىغان خوتۇنىنىڭ ئاكا — ئىنىلىرى ئىدى، رېھىمشاھ مانا شۇ دوستىنى ئۇزىتىپ قويۇۋاتىدۇ، ئۇ ھاجىقۇلىنىڭ مۇساپىرلەرچە غەمكىن ھالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بەكرى بىلەن سەن — پەن دېيىشىپ قالغىنىنى ئەسلىدى.

بەكرى خوتۇنپەرەس ئادەم ئىدى، خوتۇنى بىر كۈن ئۆيدە بولمىسا، شۇ تاپتىكى ھاجىقۇلىدەك تۇتۇلۇپ كېتەتتى. بىر يىلى قىرىشقاندەك، بەكرىنىڭ خوتۇنى ئاتا — ئانىسىنى يوقلىغىلى يۇرتىغا كەتتى، كۈنلەر، ئايلار ئۆتتى. ئادەتتە كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان بەكرى توي — تۆكۈنلەرگىمۇ بارماي قويدى، ھاجىقۇلى ئۇنى ئاغرىپ قالدىمۇ، نېمە دېگەن ئۆيدا ئوغلىدىن سورىدى:

— ھوي بالىمۇي، داداڭغا نېمە بولدى؟

— بىلمىدىم، ئاپام تۇغۇلغان يۇرتىغا كەتكەندىن بېرى تېرىكىپلا يۈرۈيدۇ، مېنى تىللىغىنى تىللىغان.

شۇ ئارىدا بەكرى ئوغلىنى غەزەپ بىلەن چاقىردى. ھاجىقۇلى شۇنداق قاراپ، بەكرىنىڭ خاپا ھالدا كېلىۋاتقىنىنى كۆردى، ئۇ يېقىن كەلگەندە، ھاجىقۇلى سالام بەردى. بەكرى جاۋابمۇ بەرمىدى، ھاجىقۇلى خۇش چاقچاقلىقىغا ئېلىپ:

— ھوي، ئاغىنەم تاۋۇز، نېمە بولدۇڭ، مىجەزىڭ قوپاللىشىپ قاپتىغۇ؟ — دېدى.

— ھە، نېمە بولاپتىمەن؟

— ھېچكىمگە ئارىلاشماي يۈرىسەن، مەشرەپلەرگىمۇ قاتناشمايۋاتىسەن، دەيمەنا.

— ئۇنداق تېتىقسىز گەپلەرنى قىلىشىدىغان، ئۆچكىدەك مەرىشىدىغان ئەدەپسىزلەر سورۇنىغا بارمايمەن.

— ھەي، ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە جۇمۇ، — دەپ تېرىكتى

ئاسانلىقچە تېرىكمەيدىغان ھاجىقۇلى، — بىلىپ قويغىن، مەشرەپ ئەدەپ — ئەخلاق ئۆگىتىدىغان، بىلىم بېرىدىغان سورۇن. كۇلكە چاقچاق بىزنىڭ ئەڭ ئېسىل ئەنئەنىمىز، بىز كۇلكە چاقچاق بىلەن غېمىمىزدىن خالاس بولىمىز، ئۆز ئارا ئىناق رىشتە باغلايمىز. ساڭا ئوخشاش ئادەم تورۇغلۇق ئادەمگە ئارىلاشمايدىغان، خوتۇنىنىڭ قويىنىدىن چىقمايدىغان خۇمسىلارنى ئادەم قىلىمىز.

— نېمە، نېمە، مېنى تېخى خۇمسى دەپ تىللىغۇدەك بولدۇڭما؟

— ھە، قانداق، سەن قانچىلىك نېمىتىڭ، سەن بىر كەلگىندى، بۇ يەرگە كېلىپ قوسىقىڭ تويۇۋىدى، ساڭا نان — تۇز، يەر بەرگەنلەرنى ئەدەپسىز دەپ ھاقارەتلىسەڭ بولىدىكەنۇ، سېنى خۇمسى دېسەم بولمامدىكەن؟

بەكرى مۇشتىنى تۈگۈپ ھاجىقۇلىنىڭ ئۇرۇشقا دىۋەيلەپ كېلىۋىدى، بىر چەتتە قاراپ تۇرغان رېھىمشاھ كېلىپ ئارىچىلىق قىلدى:

— بولدى، قويۇڭلار، بۇ ياققا ماڭ ھاجىقۇلى.

ئەنە شۇ بەكرىنى «كەلگىندى» دېگەن ھاجىقۇلى مانا ئەمدى مۇساپىر بولۇپ، ياقا يۇرتقا «كەلگىندى» بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

ھاجىقۇلى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك، ئەتراپقا قارىدى — دە، ئۆزىگە سۆزلىگەندەك توۋلىدى:

— ئېھ كەڭگە كەڭ، تارغا تار دۇنيا!

تومۇز ئىسسىقى تونۇرنىڭ تەپتىدەك بىلىنەتتى، ئوتتەك قىزىق يول تاپاننى كۆيدۈرەتتى. ئادەتتە ئىسسىققا چىدىمايدىغان جاماشاھقا ئىسسىق تەسىر قىلمىغاندەك، ھارۋا شوتىسىنى تۇتۇپ كېتىۋاتاتتى. ئاتلار قارا تەرگە چۆمگەنىدى، پات — پات پۇشقۇرۇپ قوياتتى، قۇيرۇقىنى تىنماي شىپاڭشىتىپ، چىۋىنلارنى قوراتتى. ئادەتتە مۇنداق قوزا چۇش مەزگىلىدە، جاماشاھ قوغۇنلىقىدىكى قاپاق بارىڭىغا كىرىپ قوغۇن يەپ، مەنگەننى سېلىنچا قىلىپ، ئىسسىق قايتقۇچە ئۇخلايتتى، ئۆيدە بولۇپ قالسا، سۇ سېپىلگەن ئۈزۈم بارىڭى

ئاستىدىكى ئايۋاندا ئۇخلايتتى. شۇ تاپتا جاماشاھ ئاشۇ راھەت كۈنلىرىنى ئەسلەۋاتقاندۇر... ئۇنىڭ يۈزىدىن تەر قۇيۇلۇۋاتاتتى، تەردىن كۆينىكى ھۆل بولۇپ، ئاق رەڭگىنى ئۆزگەرتكەنىدى. جاماشاھ ھەسرەت بىلەن:

— ئوڭ ئاياغ، سول ئاياغ، بىزنى قىلدىڭ توم ئاياغ، — دەپ لاناخشا باشلىۋەتتى:

كۆچمەنلەر كۆچۈپ ماڭدۇق،
بالا — چاقا پىيادە.
يامان دېمەڭلار بىزنى،
تەقدىر بىلەن ئىرادە...

كارىۋان بېشى توختىدى. رېھىمشاھ كۇرەنىڭ سىرتىغا كەلگىنىنى بىلدى. كىشىلەر ھارۋىدىن چۈشتى، ئاتلارنى ئاق ئۆستەڭنىڭ بويىدىكى دەرەخلەرگە قاڭتۇردى. ئاياللار مىس چۆگۈن، قۇم چۆگۈنلەرنى كۆتۈرۈشۈپ، ئۆستەڭدىن سۇ ئالدى، بالىلار، ياشلار ئۆزلىرىنى ئۆستەڭگە ئاتتى. چوڭلار ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇپ پۇت — قول، يۈزلىرىنى يۇيۇشتى، ئاندىن سايىداشتى. رېھىمشاھ چاي قايناتقۇدەك ئوتۇن يوقلىقىنى ئاڭقىرىپ، ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىدى، بەشيۈز ماڭدام نېرىدىكى بىر قۇرۇپ قالغان قېرى سۆگەتنى كۆردى. سۆگەتنىڭ غولى چوڭ ئىدى، رېھىمشاھ سۆگەتنى ئىككى قوللاپ ئىتتىردى. سۆگەت تۈۋىدىن «غاراس» قىلىپ سۇنۇپ يىقىلدى. رېھىمشاھ شاخلارنى سۇندۇرۇپ تۇرۇپ:

— ھاي بالىلار، بۇ ئوتۇنلارنى ئاپاڭلارغا ئاپىرىپ بېرىڭلار، — دېدى.

بالىلار سۇدىن چىقىپ، يۈگۈرۈپ كېلىشتى، ھەر بىرى بىردىن شاخنى سۆرەپ مېڭىشتى. خوتۇن — قىزلار ئۇچتىن ياۋا تاش ئۇستىگە چۆگۈنلەرنى قويۇپ، ئوت قالاشتى. بۇ يەردە بالىلار، روزا



www.uyghurkitap.com

تۇتمىغانلار تۇنجى مۇساپىر چېيىنى ئىچىشتى، مۇساپىرلار ئاتلىرىنى دەم ئالدۇردى. كۈن قايرىلغۇچە ئارام ئېلىشتى، ئاندىن يەنە يولىنى داۋاملاشتۇردى. كارۋاننىڭ كەينىدىن بىر مۇڭلۇق ناخشا ياڭرىدى:

بىر ئىلىدىن كۆچكەندە،
ئالتىنچى ئاي روزا ئىدى.
مۇنداق ئېغىر كۈنلەردە،
ئاتا — ئانا بولسىدى.

كۆكتىكى تولۇنئاي بۇك — باراقسان مېۋىلىك باغلار، ئالتۇندەك ساپسېرىق بۇغداي ئېتىزلىرىنى كۈمۈش نۇرى بىلەن يورۇتتى. كارۋان بىر بېسىپ — ئىككى بېسىپ سۇيدۇڭ[1] قەلئەسىگە كىرىپ باردى. قەلئەدە ئۇلارنى نەچچە يۈز ئادەم كۈتۈپ تۇرۇپتىكەن، ئۇلار كۆچمەنلەرنى ئۆي — ئۆيلىرىگە ئېلىپ كەلدى. يولدا كېلىۋېتىپ، ئانچە — مۇنچە مىۋە، نان بىلەن ئىپتار قىلغانلار ساھىبخانلار پىشۇرۇپ، تەييار قىلىپ قويغان ئۇگرىنى ئىچىشتى، قانغۇدەك چاي ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇشتى، سۇيدۇڭنىڭ شېرىن — شېكەر ئۈزۈمىنى يېيىشتى. تومۇز كۈنلەردە بىردەمدىلا تاڭ ئاتىدۇ، كۆچمەنلەر كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىپلا تۇرۇپ كېتىشتى، ساھىبخان ئاياللار ئۇخلىماي تەييارلىغان زولۇققا تويۇنۇپ، هارۋىلىرىنى قېتىشتى. سۇيدۇڭلۇقلەر ئۇلارنى ساندىخوزىغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

7

رېھىمشاھ ئۇزىتىپ ماڭغان بۇ كارۋان ۋېلىباي باشلاپ ماڭغان

[1] سۇيى دۆڭدە بولغاچ سۇيدۇڭ دەپ ئاتالغان.

بىرىنچى تۈركۈم كۆچمەنلەر ئىدى. چاپچال مازار، قوغۇنچى، جاغىستاي، خۇنخاي مازاردىكى كۆچمەنلەر خۇنخاي مازار ئارقىلىق كۆچتى، بۇنىڭدىن باشقا يېزىلاردىمۇ ئادەملەر تۈركۈملەپ كۆچكىلى تۇرۇپتىمۇ كۆچ — كۆچتە جەمئىي 10 مىڭ 899 ئائىلە (50 مىڭ 55 جان) كۆچكەنىدى. بۇ كۆچمەنلەر ياركەنت، ئالمۇتا شەھەرلىرى. چېلەك، ئاقسۇ، چارىن، قاراسۇ، قۇرام، مالىباي بولۇسلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

— ئوھۇي، ياركەنت ئىسمى جىسمىغا لايىق يار بويىغا جايلاشقانىكەن، — دېدى رىھىمشاھ ھارۋىدىن يۆكلەرنى چۈشۈرۈۋېتىپ.

— ئىلى دەرياسىغا كەلگۈن كەلگەندە، بۇ يالىقلارنى پەيدا قىلغان، — دېدى ئۆي ئىگىسى بوۋاي.

بوۋاينىڭ ئىسمى توختاخۇن بولۇپ، ئۇ شاكىرنىڭ جەمەتىدىن ئىدى. شاكىرنىڭ بوۋىلىرى ئەسلىدە ياركەنتلىك ئىدى، شاكىرنىڭ كۆچۈپ چىقمەن، دەپ چىڭ تۇرۇشىنىڭ بىر سەۋەبىمۇ شۇ بولسا كېرەك. كۆچمەنلەر 7 — ئاينىڭ ئاخىرىغىچە گەمە كولىدى، ئۆسەك ئورمانلىقىغا بېرىپ ياغاچ كەسلەپ كەلدى، بۇ ياغاچلار بىلەن گەمىلىرىنى يېپىشتى. يەرلىك ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ لايچىلىقى ئۈچۈن بار سامان — مەنگىنىنى بەردى. رىھىمشاھ ئەسلىدە چىلپەڭزىدىن قايتماقچى ئىدى. سىڭلىسى، جاماشاھنىڭ ئىلتىجاسىنى يەردە قويالماي، ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كەتمەكنى ماقۇل تاپتى، شۇڭا ئۇمۇ ياركەنتكە كېلىپ قالغانىدى.

— مەن سىلەرگە بېشىڭلارغا دالدا بولغۇدەك گەمە كولىشىپ بېرەي، — دېدى ئۇ بىر كۈنى ھاجىقۇلىغا.

رىھىمشاھ ھاجىقۇلى بىلەن جاماشاھقا چوڭ قىلىپ گەمە كولاپ بەردى، ئاندىن شاكىرنىڭ ئىشىغا قاراشتى. كۆچمەنلەر گەمە كولار ئىكەن، ھاپىزلار قوشاق توقىدى، ناخشىچىلار ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتتى:

ياركەنتكە بارارمىز دەپ،
ئەسكى تام ئارا ياتتۇق.
ئۆي — جايىمىز پۇتكۇچە،
جاپانى تولا تارتتۇق.

ئۆسەككە بارارمىز دەپ،
ئۆسەكچە خىيال قىلدى.
ياركەنت دېگەن يەرگە،
بارغانلار نېمە بولدى؟ . . .

روس بولۇسلىرى، ناچالنىكلار[1] كۆچمەنلەر ئىچىدىن ئاقسال، ئەللىكبېشى، يۇزبېشىلارنى تەيىنلىدى، ئۇلارغا:

— مەھەللە ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، ئۆيېز، بولۇسلارغا بويسۇنىدۇ، ئۇنىڭ ئەمىر — پەرمانلىرىنى بېجىرىدۇ، — دەپ ئۇقتۇردى.

روس ئەمەلدارلىرى كۆچمەنلەر ئۆي سالغان يەر، تېرىلغۇ يەرلەرنى سېتىپ بەردى. مەھەللە ئاقساللىرى، ئەللىكبېشلىرى بۇ بوز يەرلەرنى ئۆلچەپ كېسىپ بەردى. بۇ ھەقتە كۆچمەنلەر مۇنداق قوشاق توقىدى:

ئورۇس ھارۋىسى دەيدۇ،
ئالدى چاقى پەس ئىكەن.
كىشى يۇرتىغا كېلىپ،
كۆڭ ئالماقمۇ تەس ئىكەن.

---

① ناچالنىك — ھەربى ئەمەلدار.

ئورۇس مايۇر يەر بەرمەس،
كۆرگەن يەرگە تەر دۇرمەس.
باشقا قاتتىق كۈن چۈشتى،
بىر خولۇقمۇ يەر تەگمەس. . .

ۋېلىباي ياركەنت شەھىرىنى قوۇرۇشقا مەسئۇل بولغانىدى، ئورۇس ئىنژىنىرلىرىنىڭ لايىھىسى بويىچە كوچا، قورالارغا قوزۇق قاقتۇردى، كۆچمەنلەرنى بۇ لايىھە بويىچە ئۆي سېلىشقا ئۈيۈشتۇردى. ئۇ رېھىمشاھنىڭ قايتىپ كەتمەكچى بولغىنىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا باردى ۋە:

— ھوي بۆككى، ئەمدى قايتىمەن، دېمەي قېپقال. ئوۋچىلىق قىلساڭ ئۆسەكتە ئوۋ كۆپ، يېنىمدىكى ئەڭ ياخشى يەرنى جايلىق ئۆچۈن ساڭا ئاجرىتىپ قويدۇم، — دېدى.

— باي ئاكا، ئايالىم شارغۇجىدا يالغۇز قالدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇنىڭ ساقلىغى يوق بولۇپ قالدى. ئۇنى تاشلاپ بۇيەردە قالالمايمەن.

— سەندەك كۈچتۈڭگۈر بۆككىگە خوتۇن — قىز كەممۇ، خالىغىنىڭنى ئېپ بىرىمەن.

— خوتۇنۇمغا ئۇنداق خوتۇن — قىزلارنىڭ يۈزىنىمۇ تەڭ قىلمايمەن، دېسىلە.

— ۋاھ، ھا — ھا — ھا! خوتۇنۇڭغا كۆڭلۈڭ بار ئىكەن — دە، يارايسەن، ھېچ بولمىغاندا، ئۆي سېلىشىمغا قارىشىۋېتىپ كەتكىن.

— بوپتۇ، قاراشسام قارىشاي، ئاۋلەن سىڭلىمنىڭ ئۆيىنى سېلىۋېتەي، ھازىر تام سوقۇۋاتىمەن.

رېھىمشاھ سىڭلىسىنىڭ ئۆي تېمىنى سوقۇپ بولدى. شاكىر تامنى قاڭداپ ئۇلگۈرەلمىسە، رېھىمشاھ توپا تاشلاۋاتقان گۈرجىكنى تاشلاپ، ئۆزى سوقاتتى. ئۇ تام قۇرىغۇچە شاكىر بىلەن كېسەك

قۇيدى. شاكىر كەچ كىرگۈچە ئەتكەن لايىنى رېھىمشاھ سەھەر تۇرۇپ، چۈشكىچە تۆكۈپ بولاتتى. شاكىر ئۇ قۇيغان كېسەكنى كۆتۈرەلمىدى. رېھىمشاھ قۇرۇغان كېسەكلەرنى ئۆزى تىزدى. ئۇ كېسەك قۇرىغىچە توختاخۇنىنىڭ قوش ئاتار مىلتىقىنى ئېلىپ، دەريا بويى، ئۆسەككە چۈشەتتى، كەكلىك، قىرغاۋۇل ئوۋلاپ كېلەتتى، ئۆزلىرىنىڭ يېمىكىدىن ئاشقىنىنى جاماشاھ بىلەن ھاجىقۇلغا ئاپىرىپ بېرەتتى، بەزى كۈنلىرى يانپېشىدەك يوغان بېلىقلارنى تۇتۇپ كېلەتتى. ياركەنت ۋادىسى، ئۆسەكتە ئوۋ قۇش، ھايۋانلىرى، دەريادا بېلىق تولا ئىدى. مىلتىق بىلەن ئوقمۇ ئەرزان ئىدى، ئۇ ژاندارمىلارغا① بېلىق بېرىپ مىلتىق ئالدى، رېھىمشاھ شاكىرنىڭ ئىككى ئىغىز ئۆيىنى پۈتتۈردى. شاكىر ئەمدى ئۆزىگە بېرىلگەن بوزنى ئېچىشقا تۇتۇندى. رېھىمشاھ ۋېلىبايغا بەرگەن ۋەدىسى بويىچە ئۇنىڭغا كېسەك قۇيۇپ بەردى، ئاندىن ئۇستازى موللا بىلالنىڭ ئۆي سېلىشىغا قاراشتى. رېھىمشاھ قايتىپ كېتىشكە نەچچە رەت تەررەددۇت قىلدى، بىراق قېرىنداشلىرى، ئاغىنىلىرىنىڭ قىيىن كۈننى كۆرۈپ كېتەلمىدى،

## 8

رېھىمشاھ قىش كىرگەندىن بېرى ئوۋغا ئوتتەك كىرىشىپ كەتتى، ئوۋلىغان ئوۋلىرىنى ئايلاپ گۆش كۆرمىگەن ئۆيلەرگە ئەكىرىپ بېرەتتى. بۈگۈن ئوۋ گۆشىنى ئەكىرىپ بېرىش ئۈچۈن ھاجىقۇلىنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىدى، ئۇ ئىككى قىرغاۋۇلنى پۈتىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ، ئۆزى ياسىشىپ بەرگەن گەمىنىڭ ئىشىكىدىن ئېڭىشىپ كىردى ۋە تۇرۇپلا قالدى. ئىشىكتىن كىرىشىگىلا

① ژاندارما— ساقچى دېگەن سۆز.

كەتمەن ، گۈرجەك، ھەرە، پالتا قاتارلىق سايمانلار چېچىلىپ ياتاتتى، گەمىنىڭ ئۇدۇلىدا مورا ئوچاق، ئۇنىڭغا قوم قازان ئېسىپ قويۇلغانىدى، ئوچاق يېنىدا داتلىشىپ كەتكەن چېلەك، داس، چۆگۈن، چېلەكتىكى يېرىم سۇدا قاپاق چۆمۈچ لەيلەپ تۇراتتى. رېھىمشاھنىڭ نەزىرى ئەمدى گەمىنىڭ يۇقىرىسىغا يۆتكەلدى، گەمىنىڭ بۇ يېرىمىنى يېپىپ تۇرغان بوز كىگىز ئۆز رەڭگىنى يوقاتقان، چەت — چۆرىسى تىتىلىپ كەتكەن، ئوتتۇرىلىرىغا ياماق سېلىنغانىدى، گەمىنىڭ تۆرىدىكى ياغاچ ساندۇق تۆپىسىدە پاختىسى چىقىپ تۇرغان ئورۇن — يوتقان تىزىقلىق تۇراتتى.

— ۋاي ئېچىشىپ كەتتى، — دەپ ۋارقىرىغان بالىنىڭ ئاۋازى رېھىمشاھنىڭ دىققىتىنى بۆلدى.

— چىدا قوزام، يالاڭغىداق يۈرۈپ، تاپىنىڭ يېرىلىپ كېتىپتۇ.

بۇ ھاجىقۇلىنىڭ ئايالى سەلىمىخاننىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ گەمىنىڭ بۇلۇڭىدا چىراق مېيىغا بارمىقىنى چىلاپ، ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭ تاپىنىغا سۈركەۋاتاتتى. يەنە «ۋاي — ۋاي» لىغان نالە ئاڭلاندى. بۇ ۋاي — ۋايغا چىراقتا يېقىن ئولتۇرۇپ، بالىسىنىڭ كەشىنى ياماۋاتقان ھاجىقۇلىنىڭ نالىسى قوشۇلدى:

— ۋاي — ۋاي، ئەجەب تويدۇم بۇ كۈنلەردىن. بۇ ئىتنىڭ كۈچۈكلىرى بىر دەممۇ ئارامىمنى قويمايدا! باينى مال باسىدىكەن، كەمبەغەلنى بالا. بالا بەرگىچە مال بەرسەڭچۇ خۇدا!

— نىمانچە چېچىلغۇلۇق، بالىلىرى ئىت كۈچۈكلىرى بولسا، سىلە ئىت ئىكەنلى — دە، جان ئاغرىغاندىن كېيىن بالا ۋايسايدۇ — دە!

— تويسۇن ئايىغىنى يىرتقاندىكىن.

— بىر نەچچە قۇردىن كېيىم ئالايلى، دېسەم يۈك ئېغىر بولسا، ئات تارتالمايدۇ، دەپ ئۇنىمىلا. ياركەنتكە چىققاندا يېڭىسىنى ئالىمەن، دېمىگەن بولسىلا مۇنچىۋالا غورۇبەتچىلىك تارتمايتتۇق.

سەلىمىخاننىڭ دېگىنى راست ئىدى، ھاجىقۇلىلا ئەمەس، باشقا

كۆچمەنلەرمۇ بىرەر قۇر قىشلىق، بىرەر قۇر يازلىق كىيىملەرنىلا ئېلىپ، قالغىنىنى، تۇغقانلىرىغا تاشلاپ كەلگەندى. رېھىمشاھ دوستىنىڭ غۇربەتچىلىككە قالغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلدى. سەلىمخان مورا ئوچاققا ئوت ياقماقچى بولۇپ شۇنداق تۇرۇشىغا! دېۋىدەك تۇرغان رېھىمشاھنى كۆرۈپ قالدى.

— ۋېيەي، رېھىمشاھ ئاكا، ئۆرە تۇرغانلىرى نېمىسى؟ بۇ ياققا ئۆتۈپ ئولتۇرسىلارا، هوي، رېھىمشاھكام كىرىپتۇ.

ھاجىقۇلى شۇندىلا ياماۋاتقان كەشنى قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. رېھىمشاھ قولىدىكى قىرغاۋۇلنى سەلىمخانغا بېرىپ:

— سىلەرنى يوقلاپ تۇرالمىدىم، بۇنى باللارغا پىشۇرۇپ بېرىڭ، — دەپ، ھاجىقۇلى بىلەن كۆرۈشتى، ئولتۇردى.

پەتە قىلغاندىن كېيىن ھاجىقۇلىغا قاراپ:

— ھە، قانداق، ھالىڭ نېچۇك، خۇشچاقچاق مىجەزىڭ تېرىككەكلىككە ئۆزگەردىمۇ، نېمە؟ — دەپ سورىدى.

ھاجىقۇلى بېشىغا ئۇرۇپ زارلىنىشقا باشلىدى:

— ئاخماق بولۇپ كەپتىمەن، قوزغىلاڭغا ئىنىم قاتناشقان ۋە ئىنىم ئورۇسلارنىڭ ئوقىدا ئۆلگەندىكىن ماڭا ھېچنىمە دېمەس ئىدى. ئۆز يۇرتىمىزدا ئۆلتاڭ بولسامىمۇ باللىرىم ئاچ قالمايتتى، شۇمۇ كۈن بولدىمۇ، بۇ يەرنىڭ يەرلىكلىرى بىزنى كەلگەندى دەپ ئېلىۋەتكەن تىرنىقىغىمۇ ئالمايدۇ. يۇرتىمىزدا مەنمۇ جاھان تۇتۇپ كۆرگەنغۇ، ئۇنىڭ كەينى بولسام ئۇنىڭ ئالدى ئىدىم، ئات — ھارۋام، سېغىن سىيىرىم، بەش — ئون قويۇم بار ئىدى، قايماقتەك يەرلىرىمچۇ تېخى! قار كېتىشىگىلا يەرگە ئۇرۇق سېلىپ قويۇپ، يازغىچە باغمۇ باغ، تاغمۇ تاغ ئوينايتتۇق، ئوۋ ئوۋلايتتۇق، بۇغداي پىشقاندا ئورۇپ، تېپىپ گەممىزگە كۆمەتتۇق. ھازىر بۇگۈنگە بار، ئەتىگە يوق ھالغا چۈشۈپ، ئۆزىمىز گەمىگە كۆمۈلۈپ قالدۇق.

ھاجىقۇلى ھەسرەت بىلەن بىر ئۇھلاپ قويۇپ، بېشىنى ئېگىپ

جىم بولۇپ قالدى.

— كۆچمە، دىسەم «ئەلدىن قالغىچە بەلدىن قال»، دەپتىكەن، كۆپ نېمە بولسا شۇ، باشقا كەلگەننى كۆرەرمىز» دېمەك ئۇنىمىغانىدىڭ، — دېدى رېھىمشا ھ، — ئەمدى چىدا، بۇ تۇرمۇش تەڭسىزلىكىنىڭ نەتىجىسى. ھەر ھالدا ئۆز يۇرت — ماكانىڭنىڭ قەدرىگە يەتكىنىڭ — ئەقىل تاپقىنىڭ، بۇ ساڭا ئوخشاش مۇساپىرلارغا نىسبەتەن بەكمۇ مۇھىم ئەقىل، بۇ بىزگە ئانا يۇرتنىڭ قانچە ئەزىزلىكىنى بىلدۇردۇ. شۇڭا، «تاشمۇ چۈشكەن جايىدا ئەزىز» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

— ھەي، شور پېشانە ئىكەنمەن.

— ئۇنداق دېمە، قۇياش قارا كېپىنىنىمۇ سىلىۋېتەر، بىزگە يورۇق نۇرى بىلەن كۈلۈپ باقار.

ھاجىقۇلى دوستىغا ھەيران بولۇپ قارىدى ۋە سورىدى:

— ئەجەب گەپدان بولۇپ قاپسەنا، بۇ سىنىڭ گېپىڭمۇ، ياكى ئۇستازىڭنىڭمۇ؟

— ئۇستازىمىزنىڭ ساۋىقى — دە.

— ئۇنداقتا ئۇستاز نېمە دەيدىكىن، ئېيتقىنا قېنى، ئىنسانلار مۇشۇنداق ئۆمۈرۋايەت قارشىلىشىش، ئۆلتۈرۈش بىلەن ئۆلتۈرۈلۈش، كۆچمەنچىلىك بىلەن ئۆچمەنچىلىك، سەرسانلىق — سەرگەردانلىق ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىۋېرەرمۇ؟

رېھىمشاھ ئويلاندى، جاۋاپ ئىزدىدى، ئەقلى يەتمىدى.

— بىز ئاجىز ئىكەنمىز، ھەر ھالدا كۆڭلۈڭنى بۇزما، ئۈمىدىڭنى ئۈزمە. ئۆيگىلا بېكىنىۋالماي، مېنىڭ بىلەن ئوۋغا چىق. ئۆزەڭمىغۇ ھورۇنلىشىپ كېتىپسەن. نېمە تولا، جاڭگالدا ئوتۇن تولا، ئوۋ ئوۋلا، ئەكىلىپ دۇگىلاۋەتمەمسەن؟

— ھەي، بۇ يەردە يەتتە جاننى باقالمايدىغاندەك تۇرىمەن، باللار ئاچ — توق قىلىپ، بەك قىينىلىپ كەتتى. قىش چىققۇچە قاراقولغا كېتەي، دەيمەن. قاراقولدىكى سەلىمخاننىڭ نەۋرە ئاكىسى تەييار

ئۆي بار، ئەكىتەي دەپ نەچچە كەلدى، جاماشاھمۇ كەتمەكچى.

— ئۇنىڭ تۇرمۇشى قانداقراق ئىكەن، سىلەرگە قارىغۇچىلىكى بارمۇ؟

— بار، — دېدى سەلىمىخان يۇڭدالغان قىرغاۋۇلنى پارچىلاۋېتىپ، — ئىككى ئېغىز ئۆيى بوش ئىكەن، يېرىمۇ كۆپ ئىكەن، يالغۇز يېتىشەلمەيۋېتىپتۇ. كەتمىسەك بولمايدۇ، كىشىلەر ئىشىكىدە ئىشلەپ، ئىلىكىم قۇرىدى.

ئۇ شۇنداق دەپ قىرغاۋۇل گۆشىنى قازانغا، ئوچاققا ئوتۇن سالدى. ئوتۇن نەم بولغاچ قىزىشىپ تۇتاشقۇچە گەمىنىڭ ئىچى ئىسقا تولدى، ئىس تام — تورۇسلارنى ئەگىپ قارا رەڭگە بويىدى. ئىستىن رېھىمشاھنىڭ كۆزى ياشاڭغىرىدى. ھاجىقۇلىنىڭ بەش بالىسى بولسا، بىر — بىرىگە يېپىشىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇرىشاتتى، ئۇلار شۇنچە يۇگاشلىشىپ كېتىپتىكىن، رېھىمشاھنىڭ بېغىغا كىرگەن چاغلاردىكى قۇشقاچتەك ۋىچىرلاشلىرى يوق، قورسىقى ئاچ، ھاجىقۇلى باشقىلارغا ئوخشاشلا گەمىگە سولىنىپ قالغاچقا باللار مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالغانىدى. ھاجىقۇلى ئىشچان ئادەم ئىدى، ئۇ يازىچە باشقىلارغا قاراشتى، ئۇلار بەرگەن ھەق بىلەن بالىلىرىنى باقتى. ئەمدىزە ئىش يوق! ئۇ باھارنىڭ كېلىشىنى باشقىلاردەك كۈتۈپ ئولتۇرالمايدۇ. ئۇ بالىلىرىنىڭ قورسىقى ئۈچۈن يالغۇز ئېتىنى سېتىۋەتتى، ھەتتا ئۇرۇقلۇق بۇغدىيىنىمۇ يەپ بولدى. بالىلىرىنى تويغۇزۇشقا پەقەت سەلىمىخان ئامال قىلمىۋاتىدۇ، ئۇ كۆپرەك ۋېلىباي ئائىلىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى، نېنىنى ياقاتتى، كىرىنى يۇياتتى. ۋېلىباينىڭ ئۆيىگە پېتىربورگ، ئالمۇتا، تاشكەنت قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردىن دائىم مېھمان كېلىپ تۇراتتى، كۆپىنچىسى سودىگەرلەر ئىدى، ۋېلىباي ئۇلار بىلەن سودىلىشىپ، يەرلىك مال بېرىپ، سانائەت ماللىرى ئالاتتى. مېھمانلارغا زىياپەت بېرەتتى، مۇنداق مېھمان كەلگەن كۈنلىرى سەلىمىخان مېھمانلاردىن ئاشقان تاماق، گۆشلەرنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ بالىلىرىغا بېرەتتى.

سەلىمىخان ئازراق تاماق ئەكەلگەن كۈنلىرى بولسا، باللار بىر — بىردىن قىزغىنىپ، تاماقنى تالىشىپ يەپ، چاينىماي يۇتاتتى، ھېچبىردا ھېچنىمە قالمىغاندا، بارماقلىرىنى شۈمەپ، ئانىسىغا «يەنە بارمۇ» دېگەندەك تەلمۈرۈشەتتى. شۇ تاپتا بولسا، ئۇلارنىڭ كۆزى قايناۋاتقان قازاندا ئىدى. سەلىمىخان رېھىمشاھنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى. پۇچىلىپ كەتكەن تۆمۈر تاۋاقتا قىرغاۋۇل قوردىقى، ئىككى ھېچبىردا شورپىسىنى ئەكەلدى، ئاندىن تەكلىپ قىلدى:

— باقسىلارا رېھىمشا ھ ئاكا، ئوخشىتالىدىمىكىنتاڭ.

— باللىرىم، داستىخانغا يېقىن ئولتۇرۇڭلار، — دېدى رېھىمشاھ.

— سىلى يەۋەرسىلەر، باللارغا مانا سېلىۋاتىمەن.

سەلىمىخان شۇنداق دەپ، يەنە بىر تاۋاققا قورداق ئۇسۇپ باللارنىڭ ئالدىغا قويدى. باللار تاۋاققا قوچقاچتەك يېپىشتى. ھەش — پەش دېگۈچە تاۋاق قۇرۇقدالدى. باللارنىڭ قوللىرىنى شۈمەپ بولۇپ، شورپىسىنى ئىچىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرگەن رېھىمشاھنىڭ ئىچى سىرىلىپ كەتتى، قولىدىكى قىرغاۋۇلنىڭ سانىنى ئىختىيارسىز باللارنىڭ تاۋىقىغا سالدى، ئالدىكى تاۋاقتىن بەش پارچە گۆشنى ئېلىپ يەنە سېلىپ بەردى. ئۇنىڭ قورسىقى توق بولمىسىمۇ، باللارنىڭ ھالىنى كۆرۈپ گېلىدىن ھېچنەرسە ئۆتمىدى. ھاجىقۇلى قىرغاۋۇلنىڭ يانپېشىنى مەززە قىلىپ غاجاپ ئولتۇراتتى، سەلىمىخان قازان بېشىدا ئولتۇرۇپ شورپا ئىچىۋاتاتتى، رېھىمشاھ ئۇنىڭ بىر پارچىمۇ گۆش يېمىگىنىنى كۆرۈپ، ئالدىدىكى تاۋاقنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويدى.

— باللارنى ئوبدان بېقىش ئۈچۈن. ئانا بولغۇچى تويۇنۇشى كېرەك، — دېدى ئۇ.

— ۋاي، نېمە قىلغانلىرى بۇ، سىلى يېمىدىلىغۇ، ئوخشىماپتۇمۇيە؟ — دەپ سەلىمىخان تاۋاقنى رېھىمشا ھنىڭ ئالدىغا قويدى.

— سەلىمىخان، مەن ئوۋ قۇشلىرىنى كۈندە يەپ يۈرۈۋاتىمەن، ئۆسەكتە بىر قىرغاۋۇلنى كاۋاپ قىلىپ يەپ كەلگەنىدىم، يەڭ، سىز يېمىسىڭىز بولمايدۇ. ئاغرىپ يېتىپ قالسىڭىز بالىلىرىڭىزغا كىم قارايدۇ؟

سەلىمىخاننىڭ كۆزىدە ياش پارلىدى، ئۇ بىر پارچە گۆشنى ئېلىپ يېگەن بولدى. ھاجىقۇلىمۇ تاۋاقتىن قولىنى تارتتى. ئۇنىڭ يۈرەك تارى چېكىلدى بولغاي، ئاغزىدىن دۇردانىلار تۆكۈلدى:

دۇردۇن يوتقان قاتلاغلىق،
توگا يوتقان قاتلاغلىق.
ئالدىرىماڭلار داجا[1]لىق،
تاپقان بالاڭ پاشالىق.

ئوتتۇز تەڭگە پۇلنى كۆرۈپ،
دۇنيا چېغى دەپتىمەن.
ئۇزۇن كەتكەن تام كۆرۈپ،
چېلەك چېغى دەپتىمەن.

ياركەنتكە كېلىپ دوستلار،
يار بويىدا كۆپ ياتتۇق.
ئەسلى تارتمىغان دەردنى،
ياركەنتكە كېلىپ تارتتۇق.

غۇلجا دېگەن شەھىرىمىز،
ئېسىمىزدىن كەتمەيدۇ.
غۇلجىدىكى دوستلاردىن،

---

[1] داجا — كۆپچىلىك دېگەن مەنىدە.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## نېمىشقا خەت كەلمەيدۇ؟

ئۇنىڭ بۇ قوشىقى ئەتىسىلا كۆچمەنلەرنىڭ ئاغزىغا چىقتى. كىشىلەر ئۇنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىشىپ يۈردى. رىھىمشاھ جاماشاھنىڭ ئۆيىدىمۇ ھاجىقۇلىنىڭكىگە ئوخشاش ئاچ — توق قېلىش بارلىقىنى، ئېغىر كۈن كەچۈرۈۋاتقىنىنى بىلدى. ئۇ يۇرتىغا ۋاقتىنچە قايتماي، بۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئىزىغا سېلىشقا قاراشماق بولدى. ئۇ يەنە بىر مىلتىق سېتىۋېلىپ ھاجىقۇلىغا بەردى، جاماشاھ، شاكىر تۆتى بىر بولۇپ، قىشچە ئوۋ ئوۋلاپ، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى توق تۇرمۇشقا ئىگە قىلدى.

ئۇ توقسەن تولىدىغانغا ئون كۈن قالغاندا، شارغۇجىغا قاراپ ئات سالدى. ئۇ ئۆزىنى ئۆزىتىپ چىققان موللا بىلال، سېيىت مەھەممەت، ھاجىقۇلىلارنىڭ يۇرتىغا يوللىغان مۇنۇ سالىمىنى تەكرارلاپ ماڭدى:

ئالمۇتىغا بارمايمەن،
پۇتۇم تولا ئاغرىيدۇ.
ئىلىدىكى يارىمغا،
ھەجەپ ئىچىم ئاغرىيدۇ.

ئاقتامغا ساراي سالدىم،
تاختاي بىلەن ياپتۇردۇم.
كۆچمەي قالغان دوستلارنى،
خۇدايىمغا تاپشۇردۇم.

يۇقىرى تەرەپ بىرىۋېدىم،
ئۇسساپتۇ باينىڭ باغلىرى.
ئولتۇرۇپ يىغلىۋىدىم،

سېرىلدى كۆچمەن داغلىرى.

يار دەردى يامانىكەن،
مەن ئۆرە ماڭالمايمەن،
ئىلىدىكى يارىمنى،
ۋاقتىدا كۆرەلمەيمەن.

يار ئارقىسىدىن باردىم،
قورغاسىنىڭ بازارىغا،
يارنى ئەگىشىپ يۈرۈپ،
مەن قالدىم سازايىغا.

قارىياغاچ دېگەن يەردە،
قارىياغاچ تولا ئىكەن.
غېرىبلىق ئەسەر قىلسا،
تۈگىمەس بالا ئىكەن.

9

شارغۇجىدا نورۇز بايرىمىدىن كېيىنلا هايات قايناپ كېتىدۇ. نورۇز كۈنى شارغۇجىلىقلارنىڭ يېڭى بىر يىلنى كۈتۈۋالىدىغان هېيتى، قۇتلۇق كۈنى. ئۇلار بۇ يېڭى يىلدا يېڭــــى مەهسۇلات ئالغۇسى، يېڭى ئىشلارنى قىلغۇسى كېلىدۇ. نورۇز كېلىشى بىلەن شارغۇجا يېشىللىققا يۈزلىنىدۇ، تۇپرىقى كۆپىدۇ، ماڭا ئوزۇق بەر، مېنى تاتىلاپ قوي، دەيدۇ. شارغۇجىلىقلار تۇپراقنىڭ تەلىپىنــى هەرگىز يەردە قويغان ئەمەس، ئۇلار «تەۋەككۇل خۇدا» دەپ ساپان سالىدۇ.

رېھىمشاھ ياركەنتتىن دەل مۇشۇ نورۇز كۈنى شارغۇجىغا قايتىپ

كەلدى، ئۇ شارغۇجىنىڭ تەۋەسىگە كىرگەندە ئىشىكىدىن ئىچكىدە سەكرەپ چۈشۈپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم تەكتى ماكانىم، ئەسسالامۇئەلەيكۇم گۈزەل تاغلىرىم، ئەسسالامۇئەلەيكۇم يۇرتۇمنىڭ سەلكىن شامىلى، ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇرغان زۇمرەت سۈيۈم، ئەسسالامۇئەلەيكۇم مېنى بەخت بۆشۈكىگە بۆلىگەن قوغۇنلۇقۇم، ئەسسالامۇئەلەيكۇم مۇنبەت تۇپرىقىم، ئەي ياۋا تاشلىرىم!

ئۇ دۇم يېتىپ ئېتىزنىڭ كۆچكەن توپىسىنى سۆيدى، ئەمدىلەتىن مايسا بولغان ئېرىق قىرىدىكى يالپۇزنى شۇمىدى.

رېھىمشاھ ئېتىزىدىن ئۆيىگىچە ئېتىنى يېتىلەپ باردى، مەھەللىگە كىرىشى بىلەن باللار چۇرۇلدىشىپ ئالدىغا چىقتى، ھەممىنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان رۇسۇلشاھ:

— دادي! — دەپ ئۇنىڭغا ئېسىلدى.

رېھىمشاھ ئوغلىنى باغرىغا باستى، پۇرىدى، پېشانىسىگە سۆيدى، ئاندىن بويىنىغا، مىسىرشاھنىڭ ئوغلى بىلەن يەنە ئىككى بالىنى ئېتىغا مىنگۈزدى. ئىككى بالىنى ئىككى قولتۇقىغا ئالدى، قوراسىغا ئون ماڭدام قالغاندا، رېھىمشاھنىڭ ئېتى «مەن كەلدىم» دەپ كىشنىۋەتتى، رېھىمشاھنىڭ سىرىق ماشكىسى شۇ ھامان يۈگۈرۈپ چىقىپ، رېھىمشاھقا ئېسىلدى، قوللىرىنى يالىدى. رېھىمشاھ قوراسىنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم باسقاندىلا، باللارنى ئاستا يەرگە چۈشۈردى. رۇسۇلشاھ پىڭىلداپ يۈگۈرۈپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. رېھىمشاھ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئۆيۈم، رەھمەتى دادام ئۆستۈرگەن بېغىم، رەھمەتى ئاپام ئۆستۈرگەن گۈللەر، — دەپ ئېگىلدى.

ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرى رۇسۇلشاھنى يېتىلەپ چىقىۋاتقان خوتۇنىغا چۈشتى. ئۇ قورۇدىن كىردى، ھويلىنىڭ تېنىچ، ئارامبەخش مۇھىتى ئۇنى مەھلىيا قىلدىمۇ ياكى ھاۋانىخانىنىڭ قىز

چېغىدىكىدەك چىرايلىق كۆلۈمسىرىشى مەھلىيا قىلدىمۇ، ئەيتاۋۇر، ئېتىمنى قاڭتۇرۇشىمۇ ئۇنتۇپ، ئايالىغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى.

ئېھ تەقدىر، سەن يەنە رېھىمشاھىنى نە كويلارغا سالارسەن؟ بۇ تەقدىرنىڭ ئىشىنى كېيىنكى بابتىن كۆرەرسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# 2 — قىسىم

## 1 — باب پالۋانلارنىڭ ئېلىشىشى

1

رېھىمشاھ بۇغدىيىنى تېرىپ بولدى. ئەمدى ئۇنىڭغا قىلغۇدەك باشقا ئىش قالمىغانىدى. ئۇ بىكارچىلىقتىن ئىچى پۇشۇپ بىئارام بولۇپ يۈرەتتى، زېرىكەتتى. ئۇنى ئۆزىنىڭ لەتىپىلىرى، كۇلدۇرگە — چاقچاقلىرى بىلەن زېرىكتۈرمەيدىغان ھاجىقۇلى، ئۆزىنىڭ قورقۇنچاقلىقى، ساددىلىقى بىلەن كۆڭلىنى ئۇۋلايدىغان جاماشاھ دوستىلىرى قاراقولدا ئىدى. مىسىر — شاھ بولسا، كۈن ئۆتكۈزۈشىنىڭ، بەش بالىسىنى بېقىشنىڭ كويىدا يۈرەتتى، رېھىمشاھ بىلەن بىللە بولالمايتتى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى يالغۇز ھېس قىلاتتى، كۆڭلى مىسكىن بولۇپ يۈرەتتى. ئۇ بوۋايلار قاتارىغا كىرىپ، ئەسكى تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرسۇنمۇ، ئۆتكەن — كەچكەن ئىشلار ھەققىدە قۇرۇق گەپ ساتسۇنمۇ؟ ياق! ئۇ تېخى مۇكچەيمىدى، ئۇنىڭ ھېلىدىن ھېلىغا تېشىغا تېپىپ تۇرغان غايەت زور كۈچ — قۇدرىتى ئۇنداق قىلىشقا يول قويمايتتى. ئۇ زېرىككىنىدىن ئۆيگە كىرەتتى، تالاغا چىقاتتى.

ئۇ بىر كۈنى شۇنداق تالاغا چىقىشىغا كوچىدا ئات دۈپۈرى

ئاڭلاندى. ئۇ ئەجەپسىنىپ غورۇ ئالدىغا چىقىپلا تۆت ئاتلىقنى باشلاپ كېلىۋاتقان ھەمراھ پالۋانغا كۆزى چۈشتى. ئۇ خوشال بولۇپ كەتتى. «ھەمراھ بۆككى ئاكا مېھمان بوپ كەپتۇ» دەپ غورۇنىڭ چەڭزىسىنى كۆتۈردى. شۇنداق، شارغوجىلىقلار مېھمان كەلسە تاغدەك خوش بولىدۇ، «تاپقىنى گۈل كەلتۈرۈر، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز» دېگەندەك، تاپقىنىنى داستىخانغا تۆكۈپ قىزغىن مېھمان قىلىدۇ، ھەتتا كەچ قالغان، تېنەپ قالغان يولۇچىلار، مۇساپىرلارنى ئۆيدە مېھمان قىلىپ قوندۇرۇپ، يولغا سالىدۇ. رېھىمشاھ بۇنداق مېھماندوستلۇققا ئامراق، قولى ئوچۇق، قورسىقى كەڭ. ئۇ ئۆيى تەرەپكە قاراپ خوشال ۋارقىرىدى:

— ھاي ھاۋانىخان، مېھمان كەلدى.

ھاۋانىخان ئۇچۇن مېھمان كەلدى. دېگەن بىر ئېغىز سۆزلا كۇپايە. شۇ ھامان قولى — قولىغا تەگمەي، ساراي ئۆيگە يېڭى كۆرپىلەرنى سالىدۇ، ئوچاققا ئوت ياقىدۇ، ئۆيدىكى بار يەل — يېمىش، ئاپئاق، كۆپكەن توقاچلار، سۈت قۇيۇپ ياققان يوغان، نېپىز ئاق نانلارنى دەستىلەپ قويىدۇ. ئېرىنىڭ «مېھمان كەلدى» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھاۋانىخان بۇگۈنمۇ مانا شۇنداق تەييارلىق قىلدى.

رېھىمشاھ خوتۇنىغا ۋارقىراپ قويۇپلا كوچىغا چىقتى. ئاڭغىچە ھەمراھ پالۋان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يېتىپ كەلدى. رېھىمشاھ ئاۋلەن ھەمراھ پالۋاننىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى ئالدى، ھەمراھ پالۋاننى قولتۇقىدىن تۇتۇپ ئاتتىن چۈشۈرەي دەپ، ئوڭ قولىنى سوزغىچە چاققان ھەمراھ پالۋان ئاتتىن لىككىدە چۈشتى. ھەمراھ پالۋان ئاق مالخاي، قارىم ياقىلىق ئاق يەكتەك كىيىۋالغانىدى. رېھىمشاھ:

— ئەسسالامۇئەلايكۇم ئۇستاز، ئاسماندىن چۈشتىڭىزمۇ، يەردىن ئۈنۈپ چىقتىڭىزمۇ؟ — دەپ ئامانلاشتى.

— ئاسماندىن چۈشكۇدەك قۇش بولمىسام، يەردىن ئۈنۈپ چىققۇدەك گۈل بولمىسام، تۇلپاردا كەلدىم، ھېكىمنىڭ بوراندەك

ئەمرى شامالدەك ئۇچۇرۇپ كەلدى، — دېدى ھەمراھ پالۋان كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— سىز قۇشلارنىڭ سەركىسى، — دېدى رېھىمشاھ سۆيۈنگەن ھالدا! يەرگىچە ئېگىلىپ سالام بېرىپ ۋە ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، — باتۇر بۇركۈتسىز ئاغا.

ئاندىن ئۇ قالغان مېھمانلارنىڭ ئاتلىرىنى باغلىدى — دە:

— ئەزىز مېھمانلارنى مېنىڭ بۇ غېرىب كۈلبەمگە ئۇچۇرۇپ كەلگەن باھار شامىلىغا بارىكاللا. قېنــى ئۆيگە قەدەم تەشرىپ قىلغايسىلەر، — دەپ تەكلىپ قىلدى.

ئالدى بىلەن ھەمراھ پالۋان، ئاندىن قالغانلار كەينى — كەينىدىن ھويلىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلۇق ئوچۇق تۇرغان ئۆي ئىشىكىدىن كىرىشتى. رېھىمشاھ ئۇلارنى تۆرگە ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلدى. دۇئا، تىنچلىق — ئامانلىق سوراشلاردىن كېيىن ھەمراھ پالۋان باشلاپ كەلگەن مېھمانلارنى «ئىلياس ھېكىمنىڭ مۇلازىمەتچىلىرى» دەپ ئىسمى — شەرىپىنى ئاتاپ تونۇشتۇردى. رېھىمشاھ تونۇشتۇرغانلارغا بىر قاراپلا ئۇلارنىڭ تولغان، نەۋقىران پالۋانلار ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ كۆڭلىدە «ھەمرا ئاكا بۇ پالۋانلارنى مېنىڭ بىلەن چېلىشــــشقا باشلاپ كەپتۇ — دە، زېرىككەن شارغۇجىلىقلار بىرتاماشا كۆرىدىكەن — دە» دەپ ئويلىدى.

ھەمراھ پالۋان يۇمشاق كۆرپىدە ئولتۇرۇپ ئۆي ئىچىگە سەپسالدى. ئۇنى تۆر تامنىڭ ئوتتۇرىسىغا قايچا شەكلىدە ئېسىپ قويۇلغان بىرجۈپ بەردەنكە مىلتىق جەلىپ قىلدى. بەردەنكىلەرنىڭ چاترىقىغا بۇغا مۈڭگۈزى ئېسىپ قويۇلغانىدى. مېھمان كەلگىنىدىن خەۋەر تاپقان مىسىرشاھ كىرىپ ھەمراھ پالۋاننىڭ دىققىتىنى بۆلدى. مىسىرشاھ مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، ھويلىغا چىقىپ كەتتى. بىركەمدە ئۇ مىس چۆگۈن، چىلاپچا كۆتۈرۈپ كىرىپ مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ ئالدى، ئاندىن چىقىپ كىرىپ، چۇچىلىق سۆسۇنە داستىخاننى سالدى، رېھىمشاھ سۇنۇپ بەرگەن بىردەستە نان

ۋە قۇرۇق مېۋە — چېۋىلەرنى داستىخانغا تىزدى. ھەمراھ پالۋان نان ئوشتۇۋېتىپ:

— سەھرانىڭ يۇقا — بۇقا[1] ناتلىرى ئالامەت تەملىك — دە، يېسە يىگۇسى كېلىۋېرىدىكەنغۇ، — دېدى ھەۋەس بىلەن.

مىسىرشاھ يوغان تەشتەكتە يۇزى كۆرۈنگۇسىز قايماق قاپلاپ تۇرغان ئەتكەن چاي كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇ ئاپقۇر چىنىلەرگە توشقۇزۇپ ئەتكەن چاي قۇيۇپ، مېھمانلارغا سۇندى. رېھىمشاھ بىرسىركايغا ناننى ئۇششاق ئوشتۇپ، مېھمانلارنىڭ چىنىلىرىگە سېلىپ قويدى.

مېھمانلار ئۆرۈك، ئالما، قوغۇن قاقلىرى، قاراقات مۇراببىاسى ۋە مەشكە ماي، پىششىق قايماقلار بىلەن ھوزۇرلىنىپ چاي ئىچىشكە باشلىدى. ئادەت بويىچە چاي ئىچىلىپ بولغۇچە، ئوشۇقچە پاراڭ بولمىدى. چاي ئىچىلىپ بولۇشىغا رېھىمشاھ مېھمان كېپىقالسا، دەپ خاس بورداۋاتقان قويلىرىدىن بىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۆيىنىڭ بوسۇغۇسىدا تۇرغۇزدى:

— قېنى ھەمراھ ئاغا، پاتىھە بېرىڭ!

ھەمراھ پالۋان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويدى:

— رەھمەت ئىنىم، كۆزدە ئۇۋلىغان جەرەننى يېيىشكە ئاللا نېسىپ قىلغاي، بۇگۇن ئىلياس ھېكىمنىڭ قويىغا پاتىھە بېرىلى.

— تۇزۇت قىلماڭ، سىلەرنىڭ كەلمىكىڭلار ئاسان ئەمەس، دەريا كېچىپ كەلدىڭلار، بۇ سىلەرنىڭ لايىقىڭلار بولمىسىمۇ، خېمىردىن پېتىر بولسۇن، قېنى پاتىھە بەرسىڭىز.

— بۇ مېھماندوستلۇقىڭغا مىڭ مەرتىۋە ھەشقاللا. بىز ئالدىرايمىز، ھېكىم ساڭا مۇشۇنداق قوي...

— ھە، نېمە دېدىڭىز، ھېكىمنىڭ سېمىز، مېنىڭ

---

① يۇقا — بۇقا — XIX — ئەسىردىكى يەرلىك ئۇيغۇرلار نېپىز ئاق ناننى يۇقا، توقاچنى بۇقا نان دەيتتى، ئاپتور.

ئورۇقمىكەن؟

— ئۇنداق ئەمەس، گېپىمنى ئاخىرىغىچە ئاڭلا، بىر سىنى ھېكىم ئوردىسىغا چىللاپ كەلدۇق.

— خىزمەت؟

— خىزمەت شۇكى، نىلقىلىق پالۋانغا تەڭ كېلەر پالۋان چىقمىدى، ئىلياس ھېكىمنىڭ مۇنۇ پالۋانلىرىمۇ تەڭ كېلەلمىدى. ئىلياس ھېكىم ئىنزا بولغىنىدىن كۈندۈزى ئارامى، كېچىسى ئۇيقۇسى قاچتى. ئۇ پۇتكۈل يۇزلۇكلەر ۋە قەدىمىي يۇرتلاردىن ئاقتۆپە، توققۇز تارا، تاشتۆپە، قاش، چۇلۇڭقاي، بۆلۈكەي، قاينۇق، جاغىستاي، خۇنخايلارغا چاپارمەن ئەۋەتىپ، ئون نەچچە پالۋاننى تاللىدى، ئۇلارمۇ تەڭ كېلەلمىدى. ئاقىۋەت مېنى چاقىرتتىلەر، مەن «خوپ بېگىم، ئۇنى يەرگە ئۇرغۇدەك، سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىنى كۆككە كۆتۈرگۈدەك پالۋان تېپىپ كېلەي» دەپ ئاتلىنىپ كېلىشىم، ھېكىم سىنى ھازىر تاقەتسىزلەرچە كۈتىۋاتىدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان رېھىمشاھنىڭ تاپىنى قىزىدى، ئۇ نىلقىلىق پالۋاننى كۆتۈرۈپ تاشلىماقچى بولغاندەك، قوينى قولتۇقىغا قىسىپ كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ قوتانغا سولىدى. مىسىرشاھ بىلەن بىللە مېھمانلارنىڭ ئاتلىرىغا يەم بەردى. ئاندىن تاڭ سەھەردە قوغۇنلۇقىدىن ئۈزۈپ كەلگەن چىلگىنى ئەكىردى. ئۇ چىلگىنى تىلۋىتىپ:

— بۇ چىلگە باش بۇرنى، ئېغىز تېگىپ باققايسىلەر، — دېدى. بىرەر تىلىمدىن چىلگە يەپ ئاغزىدا قالغان ھەمراھ پالۋان:

— شېرىن ناۋات، ماغزىل ھايات، تەرگەنگە بەرىكەت، بەرگىنىڭگە رەھمەت! — دەپ ساقال سىپىدى.

رېھىمشاھ بۇ قېتىمقى چېلىشىشقا چۈشۈپ، بىر ئىچ پۇشقىنى چىقارماق بولدى، شۇندىمۇ ئېھتىيات يۈزىسىدىن سورىدى:

— چېلىشىشتا ئەركىمگە قويارمۇ؟

— ئەركىڭگىمۇ قويىدۇ ھەم تىزگىنلىنىسەن.

— بۇ قانداق گەپ؟

— سەن ھېكىمنىڭ پالۋىنى سۇپىتىدە مەيدانغا چۈشىسەن. چېلىشقاندا، مەن ئۆگەتكەن پەنتلەرنى ئىشلىتىسەن، چېلىشىش باشلانغىچە ھېكىم ئوردىسىدىن چىقماي مەشىق قىلىسەن.

— ئەگەر يېڭىلىپ قالسامچۇ؟

— ئىلىدا ھەريىلى ئىككى — ئۈچ قېتىم سورۇن تۈزۈلۈپ چېلىشىش بولىدىغىنىنى بىلىسەن، بۇ چېلىشىشلاردا ئەمەلدار، يۇرت چوڭلىرى خاس تۇتقان پالۋانلار چېلىشىدۇ، يەنە ئەپكار ئامما ئىچىدىكى پالۋانلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن چېلىشىدۇ. بۇ چېلىشىشلاردا سەن يېڭىپ، بۆككى ئاتالدىڭ، بۇلتۇرقى چېلىشىشتا سېنى تاپالمىدۇق. بۇ يەرگە ئىزدەپ كەلسەك، كەتمەن يېزىغا كېتىپتىكەنسەن، بۇلتۇر ئىككى قېتىملىق چېلىشىشتا ئىلقىنىڭ پالۋىنى ھەممىنى يىقىتىپ داڭ چىقاردى. ئۇنىڭ بېگى دۇنياغا پاتماي كېرىلىپ يۈرىدۇ، ئىلياس ھېكىمنىڭ مۇنۇ جەسۇر پالۋانلىرىمۇ، — دەپ بىللە كەلگەن تۆتەيلەننى كۆرسەتتى ھەمراھ پالۋان، — يېڭىلىپ قالدى. موڭغۇل بېگى ئىلياس ھېكىمنى «سەن بوۋاق ھېكىم بولغاندىكىن پالۋان تۇتماي، بۆشۈكنىڭدە يات» دەپ مەسخىرە قىپتۇ.

رېھىمشاھ پاراققىدە كۈلۈپ كەتتى. ھەمراھ پالۋان:

— نېمىگە كۈلىسەن؟ — دېدى ئاچچىقلىنىپ.

— بوۋاق بولغاندىكىن بۆشۈكتە ياتىدۇ — دە، تېخى مېنى ئوردىسىدىن ئىبارەت بۆشۈكىگە بۆلىمەكچى بوپتۇ، دەيمىنا!

ھەممە رېھىمشاھنىڭ سۆزىگە ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

2

بۇرۇتى ئەمدىلەتتىن خەت تارتقان، ئوتتۇرا بويلۇق، قاراقاش، قارا كۆز، ئات يۈزلۈك يىگىت دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، كوچىغا ئۆزاققىچە تەلمۈرۈپ قارىدى. كوچىدا ھېچكىم كۆرۈنمىدى،

قۇلىقىنى دىلىڭ تۇتۇپ تىڭشىدى، كېلىۋاتقان ئاتنىڭ تۇۋىقىشى بۇياقتا تۇرسۇن، چۇرۇق قىلغان ئاۋازمۇ ئاڭلانمىدى. ئۇ ئېڭىكىنى سىقىمداپ قويۇپ، دېرىزە تۈۋىدىن نېرى كەتتى، تىت — تىت بولغىنىدىن قىلىن كۆرپىلەر ئۈستىدە ئولتۇرغۇسى كەلمىدى. ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ، ئۆينىڭ ئۇ تېمىدىن بۇ تېمىغا، ئۇ ئىشىكىدىن بۇ ئىشىكىگە ماڭدى. ناماز دىگەر ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى، كۆز باغلانغۇچە بۇ يىگىت ئۆي ئىچىنى نەچچە ئون ئايلىنىۋەتتى.

بۇ يىگىت رېھىمشاھنىڭ ئۆيىدە گېپى بولۇنغان ئىلياس ھېكىم ئىدى. مەنچىڭ خاندانلىقى تەيىنلىگەن بۇ ھېكىمنى نېمە ئۈچۈن موڭغۇل بېگى «بوۋاق ھېكىم بولغاندىكىن. . . بۆشۈكتە يات» دەپ مەسخىرە قىلالايدۇ؟ ياكى ئىلياس بۆشۈكتە ياتقاندا ھېكىم بولغانمۇ؟

مەزەمزات ھېكىم[1] ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ماخمۇت پو تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندە، مەزەمزاتنىڭ خان ئاغچىسىنىڭ قورسىقىدا تۆت ئايلىق بالا بار ئىدى. خان ئاغچا ۋاقتى — سائىتى توشۇپ يەڭگىدى. ئۇنىڭ چۈلۈڭقايدىكى تۇغقانلىرى ئانا — بالىنى مەخپىي ھالدا چۈلۈڭقايغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بوۋاققا «ئىلياس» دەپ ئىسىم قويدى. چارروسىيە ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇپ، ئىلىنى 10 يىل بېسىۋالدى. 1882 — يىلى چارروسىيە ئىلىنى قايتۇرۇپ بەرگەندە، مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ ۋاڭ — گۇڭلۇق تۈزۈمى بويىچە ئىمىن ۋاڭنىڭ پۇشتى بولغان ئىلياس ھاكىمبەگلىككە قويۇلۇشى لازىم ئىدى. مىلادى 1883 — يىل 5 — ئاينىڭ 15 — كۈنىدىكى مەنچىڭ خان ئوردىسىنىڭ «. . . كېيىنكى بارلىق ئىشلارنى ئەستايىدىل بېجىرىش بىلەن ھاكىمبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلارنى تاللاپ، تەسىس قىلىش لازىم» دىگەن يارلىقى بويىچە ئىلياسنى «تەيجى» ئۇنۋانى بىلەن ھېكىم قىلدى. ياش بالىنى ھېكىم قىلغىنى ئۈچۈن كىشىلەر ئىلياسنى «بوۋاق ھېكىم» دەپ ئاتاشتى، كېيىنرەك ئۇنىڭ

---

[1] ھېكىم — ئەسلى ھاكىم دىگەن سۆز.

ئىسمىنى قىسقارتىپ «باۋخان» دەپمۇ ئاتىدى، ئىلياسقا «تەيجى» ئۇنۋانى بىلەن ھېكىم مەنسىپى بېرىلگەندىن كېيىن، بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىلدى. چەنلۇڭ خان ئىلياس ھېكىمگە ئوردا تامغىسى بىلەن غوغىغات[1]بەردى.

ئۆيگە كىرگەن ئوردا بېگى سالام بەردى، ئىلياس ھېكىم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۈمىدلىك كۆزلىرى بىلەن تىكىلدى:

— خوش، خەۋەر بارمۇ؟

— بار تەقسىر، ھەمراھ بۆككى شارغۇجىلىق رېھىمشاھ بۆككىنى ئېلىپ كېلىۋېتىپتۇ.

— رېھىمشاھ بۆككى! ھە، ھە ئېسىمگە كەلدى، ھېلىقى ھەمراھ بۆككىنى كۆتۈرۈپ، سوۋغا ئاتقا مىندۈرۈپ قويغان يىگىتقۇ دەيمەن.

— شۇنداق جاناپلىرى.

— ئەمىسە بەك ئوبدان بوپتۇ.

ئىلياس ھېكىم شۇنداق دەپ دېرىزە تۈۋىگە ئىتتىك باردى، تالاغا خېلىغىچە قاردى ۋە:

— كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— چاپارمەن شۇنداق خەۋەر ئەكەلدى.

— تېز كەلسە بولمامدۇ؟ ھەيىي...

ھېكىمنى مۇنچە تەقەززا قىلغان ئىش يۇرتىنىڭ ئىشىمۇ ئەمەس، پەقەت ئاتا — بوۋىسىنىڭ، ئۆزىنىڭ ئابروينى ساقلاپ قېلىش، موڭغۇل بېگىنىڭ مەسخىرە قىلغىنىدىن ئۆچ ئېلىش ئۇچۇنلا بولسا كېرەك، بەلكىم چىلشخۇمارى بولۇپ، ياشلىقتىكى تاقەتسىزلىكى بولۇشى مۇمكىن. نېمە بولسا بولسۇن، بۇلتۇرقى چېلىشىشتا ئۇنىڭ خاس پالۋانلىرى نىلقىلىق موڭغۇل بېگىنىڭ پالۋانلىرى بىلەن چېلىشىپ يېڭىلگەندىن كېيىن ھېكىم قاتتىق ئىزا تارتتى. ئۇ

---

[1] غوغىغات — تاج.

www.uyghurkitap.com

تەرەپ — تەرەپكە چاپارمەن ئەۋەتىپ، كۆچتۆڭگۆر پالۋان ئۆلتۈردى. لېكىن كۆڭلىدىكىدەك پالۋان تاپالمىدى. بۇ يىلقى چېلىشىش باشلىنىدىغانغا بەش كۈنلا قالغانىدى، شۇڭا جىددىيلىشىپ يۈرەتتى. نىلقىلىق پالۋاننى يېڭەلەيدىغان پالۋان تېپىشقا تەقەززا ئىدى. شۇڭا ئوردا بېگىنىڭ خوش خەۋىرىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى ئەمىن تاپتى ۋە ئوردا بېگىگە مال سوۋغۇش، داستىخاننى مول تەييارلاشقا پەرمان بەردى.

3

ئىلياس ھېكىم كۆچتۆڭگۆر پالۋاننىڭ ئالدىغا چىقىشقا، ئۇنى كۆرۈشكە ئالدىرىدى. قوڭۇر رەڭ دۇردۇندىن تىكىلگەن ئىزما ياقىلىق پېرىجىسىنى كىيدى، يېپەك رەختكە كەشتە باسقان چاسا بەلبىغىنى باغلىدى. ئۇ كىيىنىپ بولۇشىغا ئاتلارنىڭ دۈپۈرى ھويلا تەرەپتىن ئاڭلاندى. ئىلياس ھېكىم بالىلاردەك خوشال بولۇپ، ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆزى ئاتلىقلار ئىچىدىكى زەپەردەست ئادەمگە چۈشتى. ئۇ ئادەم بۇغداي ئۆڭ، يوغان باش، بۇقا بويۇن، كەڭ يەلكىلىك، كۆكرىكى شىرنىڭكىدەك ئالدىغا چىقىپ تۇرغان، بېشىغا مانچىستىر بۆك، ئۇچىسىغا ئۆرە ياقىلىق، كەشتىلىك ئاق كۆينەك، كەڭ پۇشقاقلىق ئۇزۇن ئىشتان كىيگەن، بېلىگە تۆت گەز ئۇزۇنلۇقتىكى كەشتىلىك پوتا باغلىغان، پوتىسىغا چەندازا، مىسقۇاك، غىلاپلىق بەكە ئېسىۋالغان، ئايىغىغا مەسكاپتىن پوپۇش كىيگەنىدى.

«ھەمراھ ئاكا باشلاپ كەلگەن بۆككى مۇشۇ ئىكەن — دە، ھوي، بىرىيەردە كۆرگەندەكلا قىلغانغۇ، بايىقى پەرىزىم، توغرا ئىكەن، ھەمراھ ئاكىنى كۆتۈرگەن، ‹بۆككى نامى› بېرىلگەن رېھىمشاھ شۇ» دېگەن ئويدا ھېكىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكە ئالدىرىدى. بوۋاق ھېكىمنىڭ قولى رېھىمشاھنىڭ ئالقىنىدا بوۋاقنىڭ قولىدەك كىچىكلەپ كەتتى. بۇ تاشتەك قاتتىق، كەڭ پەنجىلىك قول

ئىچىدە يۇمران قولىنىڭ مىجىلىپ كېتىشىدىن قورققان ھېكىم قولىنى دەرھال تارتىۋالدى. ھېكىم ئالدىدا، ھەمرا پالۋان كەينىدە مېڭىپ ئۆيگە كىرىشتى. رېھىمشاھ مەرۋزەركەپ پاياندازنى دەسسەپ بىر چوڭ ئۆيگە قەدەم قويدى. ئۆي ساپلا رەڭدار گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن، تاملىرىغىمۇ گىلەم ئېسىلغانىدى. رېھىمشاھ چاچما گۈللۈك گىلەم، كەلكۈن نۇسخىلىق گىلەم، چىن ئايگۈل نۇسخىلىق گىلەملەرنى دەسسەشكە جۈرئىتى يەتمەي بوسۇغىدا تۇرۇپ قالدى. ھېكىم ئۆينىڭ تۆرىدىكى ئېيىق تېرىسى ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇردى. ھەمراھ پالۋان پوپۇشىنى سېلىپ كىرگەنىدى، ئۇ تام ياقىلىتىپ سېلىنغان مەخمەل، ئەتلەس كۆرپىلەرنىڭ بىرىگە چۆكتى. ئىلياس ھېكىم بوسۇغىدا تۇرۇپ قالغان رېھىمشاھنى تەكلىپ قىلدى:

— پالۋان ئاغا، قېنى مەرھەمەت قىلىپ، تۆرگە ئۆتۈڭ.

رېھىمشاھ شۇنىڭدىن كېيىنلا پوپۇشنى يېشىپ، ھەمرا پالۋاننىڭ يېنىغا ئۆتۈپ تىزلىنىپ ئولتۇردى. قالغان پالۋانلارمۇ ئورۇن ئېلىشتى. ھەمراھ پالۋان دۇئا قىلىشقا قول كۆتۈردى.

— ساخاۋەتلىك ھاكىمبەگنىڭ دۆلىتى زىيادە، ئۆزى ئامان بولغاي، ئامىن!

ھەمراھ پالۋان ساقال سىيپىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى، ھېكىمدىن ھال سورىدى. باشقىلارمۇ شۇنداق قىلىشتى. ئىلياس ھېكىم ئورنىدىن قىمىرلاپ قويۇپ:

— ئولتۇرۇشسىلا، ئولتۇرۇشسىلا، خوش كېلىشىپتىلا، مەن تولىمۇ خۇرسەنت بولدۇم، — دېدى.

رېھىمشاھ شۇ كەمگىچە بۇنداق ھەشەمەتلىك ئۆينى كۆرۈپ باقمىغانىدى، ئۇ ئۆينى تاماشا قىلىپ ئولتۇردى. ئۆينىڭ ئۈچ تېمى گىلەملەر بىلەن بېزەلگەندىن تاشقىرى تورۇسقىمۇ گۈل نەقىشلەنگەنىدى. لىملىرى تۆت چاسا ياغاچ بولۇپ، گۈل نەقىشلىرى ئۆز گۈزەللىكىنى نامايەن قىلىپ تۇراتتى. بىر تامنىڭ ئويۇقىغا ئالتۇن تەخسە، گۈل ئويۇلغان ئالتۇن ناس قۇتا، چەن قوشۇق، ھاڭگا

تېرەك ۋە ئالتۇن — كۈمۈشتىن ياسالغان جامالار تىزىلغانىدى. تامىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ساداق، بەردەنكە مىلتىق، كۈمۈش ساپلىق شەمشەر ئاچا شەكلىدە ئېسىقلىق تۇراتتى، رېھىمشاھ ئۆيىنىڭ تام بۇ تورۇسلىرىدىن كۆزىنى ئالدى، داستىخان سېلىنىدى. توقاچ، تاتلىق — تۇرۇم مېۋىلەر كۈمۈش پەتنۇسلاردا ئېلىپ كىرىلدى، كۈمۈش پەتنۇسقا سېلىنغان جانان چىنىلەردىكى قىزىرىپ پىشقان توقاچلار ئوشتۇلدى، چىنىلەرگە قەن — ناۋات سېلىنىدى، ھەممەيلەن ئوندىمەي داستىخانغا قول سالدى. رېھىمشاھ كۆپرەك توقاچنى ھەسەل، مۇرابباالارغا پاتۇرۇپ ئېلىپ يېدى، يېگەنسېرى يېگۈسى كەلدى. داستىخان ئۈستىدە ھەمراھ پالۋان رېھىمشاھنىڭ كۈچتۈڭگۈر پالۋانلىقىنى، ئۇنىڭغا تەڭ كېلەر پالۋان چىقمىغىنىنى سۆزلەپ بەردى. ئىلياس ھېكىم زەن قويۇپ ئاڭلىدى.

— تولا ئوبدان، — دېدى ھېكىم، — چېلىشىش باشلىنىدىغانغا بەش كۈنلا قالدى. سىز بۇ بەش كۈندە مېنىڭ ھوزۇرۇمدا ئارام ئالغايسىز.

4

بۇ ئارام ئېلىشنىڭ رېھىمشاھنى مەشىققە سېلىش ئىكەنلىكىنى كىم بىلسۇن، ھەمراھ پالۋان ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ چېلىشىش ماھارىتىنى ئۆگىتىش بىلەن بىللە، ئۇنى ھېكىمنىڭ پالۋانلىرى بىلەن چېلىشىشقا سالدى. رېھىمشاھ تاڭ ئەلچىسى قىچقارغاندىن يېرىم كېچىگىچە يۈگۈرۈش، سەكرەش، ئېغىر تاشلارنى كۆتۈرۈش بىلەن ھېرىپ قالاتتى. ئىلياس ھېكىم رېھىمشاھنىڭ كۈنگە بىر قوي گۆشىنى پۈدىنەي سوقۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ، «ھە، بۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇ چوقۇم يېڭىدۇ» دېگەن ئىشەنچكە كەلدى. ئەمما، ئۇ رېھىمشاھنىڭ سەھەر قوپۇپ، ناشتا ۋاقتىغىچە يۈگۈرگىنىنى، ئارغامچىدا سەكرىگىنىنى، دۆڭلەرگە يۈگۈرۈپ چىققىنىنى، مايمۇندەك دەرەخلەرگە چىقىپ —

چۈشكىنىنى بىلمەيتتى. بۇ ھەرىكەتلەر ئۇنى كۈنگە بىر قويىنىڭ گۆشىنى يېيىشكە مەجبۇر قىلاتتى. كۈندە چۈشتە، كەچتە توي — تۆكۈن، زىياپەت، سەيلى — ساياھەتتە يۈرۈپ، پەيزە قىلىۋاتقان ھېكىم بۇنداق جاپالىق مەشىقتىن خەۋەرسىز ئىدى. بۇگۈن ئۇنى ھېچكىم چاقىرمىدىمۇ ياكى چاقىرغان يەرگە بارغۇسى كەلمىدىمۇ، چۈشلۈك تاماقتا رېھىمشاھلار بىلەن ھەمداستىــــخان بولدى. ئۇ تاماقتىن كېيىن جىددى ھالدا جېكىدى:

— ئەتە ئىلى ئالىمى بويىچە قاش دەرياسى بويىدا چېلىشىش بولىدۇ. چېلىشىشنى ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى كېلىپ كۆرىدۇ. شۇڭا يۈز كېتىدىغان ئىش بولمىغاي، ئاتا — بوۋامدىن تارتىپ مۇنداق چېلىشىشلاردا ئۇردا پالۋانلىرى يېڭىپ، كەلگەندۇر. بۇلتۇر موڭغۇل پالۋان يېڭىۋالدى. بۇ مېنى بەكمۇ بىئارام قىلدىلەر، ئاتا — بوۋامنىڭ يۈزى تۆكۈلدىلەر. ئەگەر سىز مۇشۇ موڭغۇل پالۋاننى يەرگە ئۇرىسىڭىز جاھان ئىش بولار ئىدى.

— ھېكىمبېگىم خاتىرجەم بولسۇنكى، رېھىمشاھ ئۇردىلىرىغا شانۇ — شاۋكەت كەلتۈرۈر، — دېدى ھەمراھ پالۋان ئىشەنچ بىلەن.

— ئىنشائاللا، دېگەنلىرىدەك بولغاي، — دەپ ھېكىم رېھىمشاھقا قارىدى.

رېھىمشاھ ھېكىمنىڭ بۇ قارىشى ۋە سۆزىدىن ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئۇقتى — دە، ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھېكىم جانابلىرى خاتىرجەم بولسۇنكى، پېقىر قۇلىڭىز بار، پەم — پاراستى ۋە كۈچى بىلەن ئۈمىدىڭىزنى يەردە قويمايدۇ! — دېدى.



تۈن قاراڭغۇسىدا بىر توپ ئاتلىق جىدەللەپ كېتىۋاتاتتــى. ئاتلىقلار كونا تامغا بارغاندا، بىر ئات يىقىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى

دىۋىدەك يوغان ئادەم ئۇزۇن پۇتلىرىنى يەرگە تىرىۋالدى، ئۇ ئىگەردىن تۇرۇپ ئاتنىڭ بېشىغا باردى.

— رېھىمشاھ، بىرەر يېرىڭ زەخمەت يىمگەندۇ؟

— مەن ھېچنىمە بولمىدىم، — دېدى رېھىمشاھ ئاتنىڭ ئىككى ئالدى پۇتىدىن كۆتۈرۈپ، — مۇنۇ جانىۋار بولدۇرۇپ قالدى بولغاي.

ئادەتتە رېھىمشاھ يىراق سەپەرگە چىققىسا بىر ئاتنى يېتىلىۋالاتتى. بولدۇرۇپ قالغان ئات ئىلياس ھېكىمنىڭ نەسىللىك ئېتى ئىدى. رېھىمشاھنىڭ ئوردا ئاتخانىسىدا بۇ نەسىللىك ئاتنى كۆرگەندە ئۇنىڭ قوۋۇرغىسىغا، غاز بويىنىغا قاراپ ھەۋەسى كەلگەن، ئۇنىڭ ئۇزۇن پۇتلىرىغا قاراپ، ئۆزىنى مەنزىلگە يەتكۈزەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى، شۇڭا رېھىمشاھ ئۇ ئاتقا مىنىپ ئوردا مەھەللىسىدىن چىققان، ئىشەنگىنىگە يارىشا ئات ھەممىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، تىزگىن سىرىپ ئويناقلاپ ماڭغان، رېھىمشاھ ئاستىدىكى ئاتنىڭ ئايىغى ئىتتىكلىكىگە قاراپ، «ھە، يەل تاپان ئىكەنسەن، چۇ جانىۋار» دەپ تىزگىنىنى قويۇۋەتكەنىدى. بۇ جانىۋار ئاخىر يەل تاپانلىقىنى ئىشقا سېلىپ زورىقىپ قالدى. ئىلياس ھېكىمنىڭ ئالدىغا چازاڭ تارتىپ چىققان كونا تامنىڭ شاگىيۇسى رېھىمشاھقا سۆڭەكلىك، پۇتلىرى دىقماق، سەككىز ياشلىق ئاتنى ئىگەرلىتىپ بەردى. ئۇلار يەنە يولىغا راۋان بولدى. ئۇلار قاش دەرياسىنىڭ ئىلى دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان جايىدىكى ئوتلاققا يېتىپ بېرىپ ئوردا چېدىرلىرىغا چۈشتى. تاھىريۇزى بىلەن بايتوقاي يېزىسى ئارىلىقىدىكى بۇ يېشىل ۋادىغا نۇرغۇن چېدىرلار تىكىلگەن، سانسىز گۈلخانلار يېقىلغانىدى. كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ ئۇ يەر — بۇ يەردە مۇڭلۇق ۋە شوخ ناخشىلار، دۇتتار، تەمبۇر ئاۋازلىرى، قىققىرىق — كۈلكىلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھەمراھ پالۋان بۇ ھالغا قاراپ ئېيتتى:

— ئوھوي، نەچچە مىڭ ئادەم كەلگەن ئوخشىمامدۇ!؟

— ئەتە چوڭ ھېيت مەرىكىسى بولىدىكەن جومۇ!

ئەتىسى ئىلياس ھېكىم ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئوبدان تويۇنۇۋالدى. ئۇلار ئاتلىنىپ، چېلىشىشقا ھازىرلانغان سەيناغا باردى. سەينادا ئادەم مىغىلدايتتى، ئاشپەزلەر، كاۋاپچىلار، تىجارەتچىلەرنىڭ خېرىدار چاقىرىپ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى ياڭرايتتى. ئىلياس ھېكىمنىڭ ئادەملىرى سەينانى ئايلىنىپ، بەزى پالۋانلار بىلەن تونۇشتى، كونا تونۇشلار بىلەن مۇڭداشتى، پالۋانلار ئىچىدە قازاق پالۋىنى قۇرجۇنتايمۇ بار ئىدى. ھەممە پالۋانلار رېھىمشاھقا ئەيمىنىپ قاراشتى، ھۆرمەت قىلدى. ئۇلار سەينانىڭ ياغاچتىن ياسالغان سەھنىسى ئاستىدىن ئورۇن ئېلىشتى، ئىلياس ھېكىم سەھنىگە چىقىپ كەتتى. ئۇلار ئۇزاق ئولتۇرۇشتى. چېلىشىش باشلىنىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. شوڭا زېرىكىشتى:

— نە ئۇچۇن باشلاشمايدۇي؟

— جياڭجۇن مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى ساقلاۋاتىدۇ.

— ئۇلار چۇشتىن كېيىن كېلىشىدۇ.

— نە ئۇچۇن؟

— كېچىچە ئەپيۇن چېكىپ، چۇشكىچە ئۇخلىشىدۇ — دە.

ئۇلار يەنە كۇتۇشتى. رېھىمشاھ چېدىرغا قايتماقچى بولدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشىغا شەھەر يولىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغان ئوردا پالۋىنى ئۇنى توختاتتى؛

— ئەنە، ئەنە كېلىشىۋاتىدۇ، ئاۋۇ توپا — چاڭنى كۆرگەنسىز؟ رېھىمشاھ، پالۋان ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى، دېگەندەك بىر توپ ئاتلىقلار، ئالدىدا قازان شەكىلدىكى قالپاق كىيگەن، مەيدىلىرىدە چەنى بار ئۇزۇن جۇيازا كىيگەن ئەمەلدارلار ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدە توپا — چاڭغا كۆمۇلۇپ، چېرىكلەر كېلىۋاتاتتى، ئەمەلدارلارنى ئىلياس ھېكىم باشلىق ئوردا ئەمەلدارلىرى، بەگ — بايلار، شاڭيۇلار سەھنىدىن چۇشۇپ، ئىززەت — ئىكرام بىلەن كۇتۇۋالدى. مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى غادايغىنچە سەھنىگە چىقىپ ئولتۇرۇشتى. سەھنىنىڭ

ئوڭ چېتىدىن ئىلياس ھېكىم، سول يېقىدىن موڭغۇل بېگى ئورۇن ئالدى. ئىلياس ھېكىم پەستە ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ھەمراھ پالۋانغا بېشىنى ئېغىتىپ قويدى. ھەمراھ پالۋان:

— ئۈچ كۈن داۋاملىشىدىغان چېلىشىش ھازىر باشلىنىدۇ. ئاۋلەن ساھىبخان سۈپىتىدە بايتۇقاي بىلەن تاھىريۈزى پالۋانلىرى مەيدانغا چۈشىدۇ، — دەپ جاكارلىدى.

سەيناغا ئاق كىيىم كىيگەن، بېلىنى قارا پوتا بىلەن باغلىغان ئىككى بەرنا يىگىت چۈشتى. ھەمراھ پالۋان ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى تەكشۈردى، پوتىسىغا چېتىۋالغان چەندازلىرىنى ئېلىۋەتتى، ئاندىن:

— باشلاڭلار، — دېدى.

پالۋانلار ئالدىرىماي بەل ئېلىشىشتى، ئېغاڭلاشتى، بىر — بىرىنى يىقىتىشقا ئۇرۇندى. ئاخىرىدا بايتوقايلىق پالۋان رەقىبىنى يانپاشقا ئېلىپ يەرگە ئۇردى، سەينا ئەتراپى گۈرۈلدىدى.

— بايتوقايلىق پالۋان غالىپ بولدى! ئەمدى يېڭىتاملىق پالۋان بىلەن چۈلۈڭقايلىق پالۋان چېلىشىدۇ!

مۇشۇ تەرىقىدە ھەرقايسى يېزا پالۋانلىرى ئىككى كۈن چېلىشتى، رېھىمشاھمۇ، موڭغۇل پالۋىنىمۇ، قۇرجۇنتايمۇ باشقا پالۋانلار بىلەن چېلىشتى، بۇ ئۈچى يېنىنى يەرگە تەككۈزمەي غالىپ كەلدى.

6

چېلىشىشنىڭ ئۈچىنچى كۈنى غالىپلار بەللىشىدىغان ھەل قىلغۇچ كۈن ئىدى. بولۇپمۇ رېھىمشاھ بىلەن نىلقىلىق پالۋاننىڭ ھەل قىلغۇچ چېلىشىشى بولاتتى. نۇرغۇن كىشىلەر رېھىمشاھنىڭ يېڭىشىنى تىلەيتتى، قىماۋازلار، بەگلەر، بايلارنىڭ كۆپىنچىسى رېھىمشاھ ئۇچۇن دو تىكىپ قويۇشقانىدى. ئاخىرقى كۈنى يەنە تاللىنىپ چىققان توققۇز پالۋان چېلىشىشى كېرەك ئىدى. رېھىمشاھ

www.uyghurkitap.com

بىرىنچى بولۇپ مەيدانغا چۈشتى، ئۇ ئالدى بىلەن بىرچاغلاردا ئۆزى بىلەن چېلىشمەن، دەپ خامىنىغا ئېزدەپ كەلگەندە، تولۇقنى تاياق ئورنىدا كۆتۈرۈپ ئۆينى كۆرسەتكىنىدە ھېيىقىپ قايتىپ كەتكەن پالۋان بىلەن ئېلىشتى، رېھىمشاھ ئۇنى بىرلا كۆتۈرۈپ، ئاستا يەرگە باستى. ئىككىنچى قەدەمدە سەھنىگە ئىلقىلىق موڭغۇل پالۋىنى بىلەن قۇرجۇنتاي چۈشتى، ئۇلار خېلى ئۇزاق ۋە كەسكىن ئېلىشتى، ئاخىر ئىلقىلىق پالۋان قۇرجۇنتاينى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى. شۇنداق چېلىشىپ يۈرۈپ توققۇز پالۋاندىن يەتتىسى سەپتىن چىقتى، ئەمدى رېھىمشاھ بىلەن ئىلقىلىق پالۋانلا قالدى. ئىلقىلىق پالۋاننىڭ قۇرجۇنتاينى يىقىتقىنىنى كۆرگەن بىر مۇنچە دوچىلار رېھىمشاھنى يېڭىلىدۇ، دەپ قاراپ يېنىشىلىشتى.

— ھازىر ئىلقىلىق موڭغۇل پالۋىنى بىلەن ھېكىم ئوردىسىنىڭ پالۋىنى رېھىمشاھ چېلىشىدۇ، پالۋانلار سەيناغا كىرسۇن! — دەپ جاكارلىدى ھەمراھ پالۋان ئاخىر.

سەينا گۇرۇلدىدى، ئادەملەر بىر — بىرىنى قىستاشتى، ئوپۇر — توپۇرچىلىك بولۇپ كەتتى. داقا — دۇمباق، ناغرا — سۇنايلار ياڭرىدى. دېۋىدەك يوغان موڭغۇل پالۋان ھەيۋە بىلەن سەيناغا كىردى. بۇ قېتىم ئۇ ئالاھىدە ھەيۋە كۆرسەتتى، ئۇنىڭ ئاغزىغا يۇگەن سېلىنغانىدى. ئىككى ئادەم يۇگەننىڭ زەنجىر چۇلۇۋۇرىنى تۇتۇپ، كەينىگە تارتىپ تۇراتتى. بۇ ئىككى ئادەم چۇلۇۋۇرنى تارتسا، پالۋان ئېغىزدۇرۇقىنى چايناپ، خۇددى باققان ئېيىقتەك، تۆت پۇتلاپ ئالدىغا سۆرەيتتى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاق كۆپۈك ئۇزۇلۇپ — ئۇزۇلۇپ چۈشەتتى. مەيداندا تۇتۇق ۋاراڭ — چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى:

— يا ئاللا، ئۇ ئادەممىدۇ، ئېيىقمىدۇ؟

— ھەي، بۇنىڭغا تەڭ كېلىۇر پالۋان چىقمايدۇ جۇمۇ!

— قېنى كۆرەرمىز، قارا بۇنىڭ، سەينادا ئۆزىگە پاتماي، خەقنى ياراتماي ھۆركىرىگىنىنى، كۆرۈنۈشى ئېيىقتەك، ئەلپازى سۈرلۈك

بولغىنى بىلەن «موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە»، — دېدى بىر مويسىپىت.

ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالغان رېھىمشاھقا ئىلياس ھېكىمنىڭ قورجۇنتايدىن يېڭىلىپ قالغان پالۋىنى مۇنداق چۈشەندۈردى:

— سەيناغا مۇنداق سۈرلۈك قىياپەتتە كىرىش موڭغۇل پالۋانلىرىنىڭ ئادىتى. ئۇلار بۇنداق ھەيۋە بىلەن رەقىبىنى قورقۇتماقچى بولۇشىدۇ. ئەۋۇ ئىككىسى زەنجىرنى ھەرگىز قاتتىق تارتمايدۇ، قاتتىق تارتقاندەك قىلىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەلپازى سىزگە ھەيۋە قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، بولتۇرمۇ ئەڭ ئاخىرقى رەقىبى بىلەن چېلىشىشقا چۈشكەندە مۇشۇنداق ھەيۋە قىلغان.

رېھىمشاھ موڭغۇل پالۋاننىڭ ئەۋرىتىدىن باشقا يېرى يالىڭاچلىقىنى كۆرسىتىپ سورىدى:

— ئۇنىڭ بەللەشكىدەك پۇتىسىمۇ يوقكەنغۇ؟

— ئالدىنقى چېلىشىشلاردا پۇتا باغلاتقان، بۇدامۇ چېلىشىشقا چۈشۈش ئالدىدا باغلىتىدۇ.

رېھىمشاھنىڭ دىققىتىنى رەقىبىنىڭ يېڭى قىلىقى جەلىپ قىلدى. ئۇ بۇرغىغا چۈشكەن تۆگىدەك پۇت — قوللىرى بىلەن يەرنى تىلغىدى، ئۈچۈملاپ توپا ئېلىپ ئاسمانغا ئاتتى. ئۇنىڭ بۇ ھايۋانلارچە قىلىقى رېھىمشاھنىڭ قېنىنى قىزىتتى. شۇ ھامان ھەمراھ پالۋاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھازىر جەسۇر پالۋان رېھىمشاھ بۆككى مەيدانغا چۈشسۇن!

رېھىمشاھ ئاق سۈپىتىن كۆينەك — تامبال كىيگەن، بېشىغا قارا ئاچا مالخىيىنى قىرلاپ كىيگەن پېتى مەيدانغا چۈشتى، سەينا يەنە گۈرۈلدىدى:

— ئوھوي، مانا پالۋان دېگەن، شىرنىڭ ئۆزىغۇ!

— شىر ھەرقاچان ئېيىقنى يېڭىپ كەلگەن!

— چېلىشىش باشلانغاندىن بېرى يېڭىپ كېلىۋاتقان پالۋان بۇ!

سول تەرەپتىن مىسىرشاھنىڭ تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى:
— رىھىمشاھ، بۇگۈن بۆككىلىگىڭنى بىر كۆرسىتىپ قوي!
رىھىمشاھ كۆزى بىلەن دوستىنى ئىزدىدى. مىسىرشاھ چېلىشىش ۋاقتىنى كېچىكىپ ئاڭلاپ، ئەمدى كېلىشى ئىدى. شۇ چاغدا نىلقىلىق پالۋاننىڭ يۇگىنى ئېلىپ تاشلاندى. ئۇ ئاغزىغا يىغىلىپ قالغان تۇكۇرۇكلىرىنى رىھىمشاھ تەرەپكە پۈركىدى. گەرچە ئارىلىق يىراق بولۇپ، تۇكۇرۇكى رىھىمشاھقا تەگمىگەن بولسىمۇ، رىھىمشاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى. شۇڭا رىھىمشاھ چوڭ — چوڭ قەدەم بىلەن رەقىبىنى بېرىپلا كۆتۈرۈپ تاشلايدىغان ئەلپازدا ماڭدى. ئەمما، نىلقىلىق پالۋان ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىغاندەك مەيداننى ئايلىنىپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ سىلكىپ يۈردى. رىھىمشاھمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئايلاندى. نىلقىلىق پالۋان ئېيىقتەك ئېغاڭلاپ ماڭسا، رىھىمشاھقەددىنى شىردەك تىك تۇتۇپ ماڭدى. ئۇلار مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا توختىدى. داپ — دۇمباق، ناغرا — سۇنايلارمۇ توختىدى، مەيداننى سىرلىق سۈكۈت قاپلىدى، ھەمراھ پالۋان بىر پوتىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، نىلقىلىق پالۋاننىڭ بېلىگە بوش باغلىدى، ئاندىن:
— چېلىشىش قائىدىسى بويىچە ئۇرۇش، چاپۇتلاشقا بولمايدۇ! — دەپ جاكارلىدى.
نىلقىلىق پالۋان رىھىمشاھقا يىلپىزدەك ئېتىلدى. تاماشىچىلار ئۇ رىھىمشاھنى ھە دېگەندىلا يىقىتىپ تاشلايدىغان بولدى، دەپ ئويلاپ ھاياجانلاندى. ئەمما، رىھىمشاھ ئۆزىنى سەل يانغا ئېلىۋىدى، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئېتىلىپ كەلگەن موغۇل پالۋان بەش قەدەم نېرىغا سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ ئۆزىنى ئاران توختىتىۋالدى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ يەنە ئېتىلدى. بۇ قېتىم ئۇ مەقسىتىگە يەتتى. ئۇ ئېتىلغان پېتى رىھىمشاھقا ئۆزىنى ئۇردى. رىھىمشاھ بۇ زەربىگە مىدىرلاپمۇ قويمىدى. ئۇ ھەمراھ پالۋاننىڭ پەمىنى قوللىنىپ، بۇ غالجىرلاشقان رەقىبىنىڭ كۈچىنى خوراتماقچى ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاۋۋال ھۇجۇم

قىلمىدى، ھەمراھ پالۋاننىڭ بايا مەيدانغا چۈشۈش ئالدىدا «رەقىبىڭ ساڭا ئوخشاش كۈچتۈڭگۈر، ئۇ ھۇجۇم قىلىۋېرىپ ھالسىزلانغاندا يانپاشقا ئېلىپ يانچە ئۇر» دېگىنى بويىنچە قىلماقتا ئىدى. ئۇ قىلىچە ھودۇقمىدى، ئەكسى ھالدا تەمكىن، سالماق بولۇپ، مۇداپىئەدە تۇرۇۋەردى. ئۇ كۈچىنى ئىشقا سېلىش پەيتىنى كۈتۈپ، رەقىبى ئۈسسىسىمۇ، چاپۇتلايمەن، دەپ پۇتلىرىغا قاتتىق تەپسىمۇ چىدىدى. ھەمراھ پالۋان نىلقىلىق پالۋان ھەرقېتىم چېلىشىش قائىدىسىنى بۇزغاندا، ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇردى، لېكىن ئۇ پەسەنت قىلمىدى، ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بىرىنچىلىكنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇناتتى، چاپۇتلايتتى، تېپەتتى...

تاماشىبىنلار تولىمۇ جىددىيلەشمەكتە ئىدى. ئېلى تارىخىدىكى تالاي چېلىشىشلار مۇنداق قىزىمىغان دېيىشىمۇ بولاتتى، تاماشىبىنلار ئىچىدىكى قىمار خۇمارى كۈچلۈكلەر يەنە دو تىكىشكە، رېھىمشاھ تەرەپ بولغانلار يېڭىۋېلىشقا باشلىدى...

نىلقىلىق پالۋان دوڭغىيىۋېلىپ، رېھىمشاھقا پۇتىسىنى تۇتقۇزمىدى ھەمدە رېھىمشاھقا بەشىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلدى، رېھىمشاھ رەقىبىنىڭ نەرىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلمىدى، ئۇ ئەپسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ ھۇجۇم قىلىش ئەمەس، مۇداپىئەلىنىش ھالىتىدە ئىدى. ئۇ ئاخىر بولماي، رەقىبىنىڭ بوقا بويىنىدىن تۇتتى. نىلقىلىق پالۋان ئۇنىڭ بۇ ئەپسىز تۇتۇشىدىن پايدىلاندى، ئۇ كۈچ بىلەن رېھىمشاھنى چاپۇتلىدى. رېھىمشاھ تىزلىنىپ قالدى، ئەمما ناھايىتى تېز تىكلىنىۋالدى. سەھنىدە ئولتۇرغانلار چاۋاك چالدى، ئېلىياس ھېكىم بولسا، ئۆڭۈپ تاتاردى، قاپقارا قاشلىرى تۈرۈلدى، ئۈمىدسىزلەندى. رېھىمشاھ تەرەپ بولۇپ بەسلەشكەنلەر يېڭىۋېلىشقا، نىلقىلىق پالۋان تەرەپ بولغانلار كۆپىيىشكە باشلىدى. ئىككى جەسۇر پالۋان يەنە خېلىغىچە ئېلىشتى، ئەمما بىر — بىرىنىڭ يېنىنى يەرگە تەككۈزەلمىدى. ھەمراھ پالۋان ئىشنىڭ ئەپلەشمەيۋاتقىنىنى، رېھىمشاھ ئۈچۈن پايدىسىزلىقىنى ئاللىقاچان سەزگەنىدى. ئۇ

ھېكىمگە قارىدى، ئىلياس ھېكىم توختىتىش ئىشارىسى قىلدى. ھەمراھ پالۋان ئېلان قىلدى:
— ھازىر چېلىشىش ۋاقتى توشتى. كاتتىلار تاماق يەيدۇ. چېلىشىش چۈشتىن كېيىن داۋاملىشىدۇ:

7

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئىلياس ھېكىم ھەمراھ پالۋان بىلەن رېھىمشاھ پالۋاننى چىدىرىغا چاقىرتتى. ئۇ بالىلارچە ئاچچىقى بىلەن بۇ ئىككى پالۋاننى سۆكۈشكە باشلىدى:
— سەنلەرگە تاغدەك ئىشەنگەنىدىم، ھەركۈنى قوي سويۇپ باقتىم. ھالا بۈگۈن بەرگەن تۇزۇمنى ئاقلىيالمىدىڭ، نەرىڭ بۆككى سەنلەرنىڭ؟ بۆككى ئەمەس، لاتا سەنلەر! سەن. .
بۇ سۆكۈش رېھىمشاھقا ھار كەلدى. ئۇ بوۋاق ھېكىمنىڭ يەنە سۆكۈۋېرىشكە چىدىيالماي، ئۇنىڭغا بىر ئالايدى — دە، چىدىرىدىن پېشىنى قېقىپ چىقىپ كەتتى. بۇ غەزەپ ئۇنىڭ يايلىسىغا ئۆتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدى قىزىدى. ھەرقاچان شۇنداق، رېھىمشاھ بىرەر پېشكەللىككە يولۇقسا يايلى قىمىرلاپ كېتەتتى، ئاۋۋال قىچىشاتتى، ئاندىن يايلى ئاستى لۆمۈلدەيتتى، تۈكى تىك تۇراتتى — دە، پۈتۈن بەدىنى قىزىغاندەك بولۇپ كۈچكە تولاتتى. رېھىمشاھ ھېچكىمگە قارىماي توپتوغرا سەيناغا كىرىپ باردى. نىلقىلىق پالۋان بىر قوي گۆشنى يەپ كەلسە كېرەك، قورساقلىرى ناغرىدەك كېرىلىپ، گەدەنلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى، ئۇ پۇشۇلدايتتى. ئۇ بۇ قېتىم مەيدانغا ھەيۋە بىلەن ئەمەس، ئالچاڭلاپ كىرىپ كەلدى، رېھىمشاھ ھەمراھ پالۋاننىڭ «باشلاڭلار» دېگەن ئاۋازى چىققان ھامان رەقىبىگە شىردەك ئېتىلدى، ئۇ رەقىبىنىڭ پوتىسىغا ئىككى قولىنى كىرگۈزدى. مىسىرشاھ ۋارقىرىدى:
— يانپاشقا ئال!

ئوردا پالۋانلىرىمۇ ۋارقىرىشىپ كەتتى.
— بار كۆچۈڭنى ئىشقا سال!
بۇ مەدەتكار سۆزلەر رېھىمشاھنىڭ قۇلىقىغا كىرمىگەن بولسا كېرەك، ئۇ نىلقىلىق پالۋاننى يانپاشقىمۇ ئالمىدى، يانچىمۇ ئۇرمىدى، بەلكى قارىغاينى تىك كۆتۈرۈۋالغاندەك، دەس كۆتۈردى، كۆتۈردى — دە، يەرگە ئاتتى. نىلقىلىق پالۋان يەرگە كۆتەكتەك چۈشتى، بىر هازاغىچە ئېسىگە كېلەلمىدى. تاماشىچىلارمۇ ئېسىنى يوقاتسا كېرەك، مەيداننى دەقىقە گۆرۈستان جىمجىتلىقى باستى، كېيىن، بىردىن مەيدان قازان قايىنىغاندەك قاينىدى:
— ئوھوي، مانا بۆككى دېگەن!
— ياشاپ كەت ئەزىمەت!
— بارىكاللا دوستۇم!
بۇ ۋارقىراش — تەنتەنە سادالىرى ئىچىدە ئىلياس ھېكىمنىڭ «ئۇمىدىمنى ئاقلىدىڭ، ساڭا تون كىيگۈزىمەن!» دېگەن زىل ئاۋازىمۇ بارئىدى. ئىلياس ھېكىم سەھنىدە بۇتتەك قېتىپ قالغان مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىغا قارىدى، لېۋىنى چىشلەپ ئولتۇرغان موڭغۇل بېگىگە:
— ھەي بەگ، ئەمدى بۆشۈكتە يېتىش نۆۋىتى ساڭا كەلدى! — دەپ قويۇپ، پەسكە يۈگۈردى.
ھېكىمبەگ ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ ئۇنتۇدى. ئۇ باللارچە خوشال بولۇپ سەكرەيتتى، ۋارقىرايتتى، قولىدىكى بەقەسەم تۇننى كۆتۈرۈپ، رېھىمشاھقا كىيگۈزمەكچى بولاتتى. ئەمما، تاماشىبىنلار قىستىشىپ، ئۇنى يېقىن يولاتمىدى، ئۇلار رېھىمشاھنى ئورىۋالغانىدى. ئۇنى ئاغزى — ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى. ئۇلار رېھىمشاھنى كۆتۈرۈشۈۋالدى.
موڭغۇل بېگى ئىلياس ھېكىمنىڭ ئەكسىچە ھەم ھەيران، ھەم يىغلامسىرىغان ھالدا بۇ تەنتەنىگە قاراپ قالغانىدى. دو تىككەنلەرنىڭ جېدىلىمۇ خېلى شاۋ — شۇۋ قوزغىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى

ھەسرەت بىلەن پۇشايمان قىلىشماقتا ئىدى:
— ھەتتىگىنەي، ئالدىنقى چېلىشىشقا قاراپلا نىلقىلىقى دو تىككىنىمنى قارىمامدىغان!
— ھەي مېنى قارا بېسىپتۇ جۇمۇ، قارا باسمىسا رېھىمشاھقا تىككىنىمدىن يېنىۋالاتتىمۇ!
مىسىرشاھ دو تىكىشتە ئۇتتۇۋالغان ئاتنى ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئاغىنىسىنىڭ يېنىغا يۇگۇردى. دو تىكىشمىگەن ئاما مەيدانغا يوپۇرۇلۇپ كىرىشتى. رېھىمشاھنى كۆتۈرگەنلەر مەيداننى بىر ئايلاندۇرۇپ، سەھنە ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. رېھىمشاھنىڭ كەينىدىن قول كۆتۈرۈپ خوشاللىق ھاياجىنىنى باسالماي يۇگۇرۇپ يۈرگەن ئىلىياس ھېكىم شۇ چاغدىلا تونىنى ئۇنىڭغا كىيگۈزدى — دە، تەنتەنە بىلەن:
— غالىپ بۆككى، يەنە بۇ ئىككى ئارغىماقمۇ سىزگە قىلغان سوۋغام! — دېدى.
ناغرا — سۇناي، داپ — دۇمباق شادىيانىغا چېلىندى.
ئىلىياس ھېكىم بىر نەچچە كالا، تۆگە، قوي سويۇپ، بۇگۇنكى تەنتەنىگە تەنتەنە قوشتى.
رېھىمشاھ پالۋاننىڭ بۇ غەلىبىسى ئوتتۇرا ئاسىياغىمۇ يېتىپ باردى. بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللارنى كېيىنكى بابتىن ئوقۇپ بىلەرسىز.

# 2 — باب گۇندىخانىدا

1

ئاردىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. رېھىمشاھ پالۋان چېگرىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى سىڭلىسى، دوست — بۇرادەرلىرىنى

سېغىندى، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغۇسى، دىدارلىشىپ مۇڭداشقۇسى كەلدى. قېرىنداشنىڭ ئوتى يامانغۇ، رېھىمشاھ بولۇپمۇ بىرتال پەرزەنتى روسۇلشاھ، كەينىدىنلا ھاۋانىخاندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇلار كىرىپ — چىققان ئۆيلەر، ماڭغان ھويلىنى كۆرسىلا چىدىغۇسىز ئازابلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ تۇرقى، گەپ — سۆزلىرى كۆز ئالدىغا كېلەتتى — دە، يۈرىكى كۆيەتتى، زەرداپ ئىچىدە قان يىغلايتتى. رېھىمشاھ ھاۋانىخان ۋاپات بولۇپ، ئىككى يىلدىن كېيىن ئۆيلەنگەن گۈلەۋەر بىلەن كۆڭۈللىشەلمىدى. ئۇ بۇ قايغۇ — ھەسرەتلەرنى ئۇنتارمەن، دەپ بىر مۇساپىرنىڭ مال، ئۆيلىرىگە قارىتىپ قويۇپ، ياركەنتكە قاراپ ئاتلاندى. ئۇ يول ئۈستىدە غالجات، كەتمەندىكى تۇغقانلىرىنى يوقلاپ ئۆتۈش نىيىتىدە كۈنگەي تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئىلى دەرياسىدا كېمىگە چۈشۈپ، بىر يولۇچى بىلەن تونۇشۇپ قالدى. بۇ يولۇچى ئۆزىنى خونخايلىق، ئىسمىنى ناسۇھا، دەپ تونۇشتۇردى. ئۇلار كېمىدە ئۇقاتقا ئۆتۈپ ئاتلاندى. سەپەردىكى يولداش پاراڭچى ياكى ناخشىچى بولسا، يول ئاۋىيىدىغۇ، ناسۇھا پاراڭچىلاردىن چىقىپ قالدى.

— مەن نام شەرىپىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغانمەن، مانا كۆرۈشۈپ سەپەرداش بولۇپمۇ قالدۇق، — دېدى ناسۇھا، — بايىقى گېپىڭىزگە قارىغاندا، غالجاتقا بارىدىكەنسىز — دە، ھە، ھە، يولىمىز بىر ئىكەن، بىز غولجا يولىنىڭ بىرىنچى خىلىدا ماڭىمىز.

— ئىككىنچى خىلىمۇ بارمۇ؟

ناسۇھا ئاتنى مەيلىگە قويۇۋېتىپ، ئىگەرگە قىڭغىر ئولتۇردى. ئۇ ئەركىن، ئاۋازدا پاراڭغا چۈشتى.

— غولجا يوللىرىنى كۆپ كىشىلەر بىلمەيدۇ، ئۆزلىرى بۇ يوللاردا ماڭىدۇيۇ، قانداق يوللىقىنى ئۇقمايدۇ. غولجا شەھىرى قەدىمدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەشھۇر سودا، قول سانائەت مەركىزى

بولۇپ كەلگەن. غولجا يولى دەپ ئاتالغان كارۋان يولى شاش[1]، ئەۋلىيا ئاتا، مەركە، پىشپەك، توقماق، ئۆزۈنياغاچ، ئالمۇتا، ياركەنت ئارقىلىق غولجىغا كېلىدىغان يولغا قارىتىلغان. بۇ يول ئوتتۇرا ئەسىردە توختاپقا كەلگەندە ئىككىگە ئايرىلاتتى. بىرى، توقماق، سوياپ، بالاساغۇن، بارىشىن، قاراقول شەھەرلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئىسسىق كۆلنىڭ مەشرىق — جەنۇب تەرىپى ئارقىلىق تېكەس، سۈمبەدىن ئۆتۈپ، غولجا شەھىرىگە كېلەتتى؛ يەنە بىرى، توقماق، پىشپەك، قارغالى، تالغار، ياركەنت، ئالمىلىق شەھرى ۋە سۈيدۈڭ قەلئەسى ئارقىلىق غولجىغا كېلەتتى.

— نە ئۈچۈردىن غولجا يولى دەپ ئاتىلغانىكەن؟ — دەپ سورىدى قىزىقىپ كەتكەن رەھىمشاھ پالۋان.

— بۇنى بىلمەك ئۈچۈن، غۇلجىنىڭ تارىخىنى ھەم بىلمەك لازىمدۇر. غولجا كۆپ بۇرۇنلا چىن، بەدەخشان، روسىيە ئارىسىدىكى تىجارەت مەركەزى ئىدى. 1762 — يىلى شىنجاڭ مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى چېگرا دىيارى بولۇپ قالغاندا، غولجا شەھىرى ئىلى ۋادىسىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغان. 1765 — يىلى بۇ شەھەردە 12 مىڭ 500 يەرلىك ئۇيغۇرلار بار ئىدىلەر. شەھەرگە ھەرتەرەپتىن كېلىپ — كېتىدىغانلار، سودىگەرلەر كۆپلەپ كېلىپ — كەتكەچكە غولجا يولى پەيدا بولغانىكەن...

رەھىمشاھ پالۋان ياركەنتكە بارغاندىن كېيىن كىشىلەردىن سوراپ بىلدىكى، ناسۇھا ئەسلىدە غولجا شەھىرىدىن ئىكەن، ئۇ مەشھۇر ناتىق ۋە ھاپىز، مەرىپەتپەرۋەر ئۇستاز ئىكەن، ئۇنى كىشىلەر «چوڭ موللام» دەيدىكەن. بۇزات مىسىردا ئوقۇپ، 1910 — يىلى غولجا شەھىرىگە قايتىپ كەلگەن، سۇ دەرۋازا مەسچىتى يېنىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە يەنى مەكتەپ ئېچىپ، ئۆزى ئوغۇللارنى، خوتۇنى قىزلارنى يىغىپ پەننى دەرس بەرگەن، ھاجىقۇلىمۇ ناسۇھا

---

① شاش — بۇرۇن تاشكەنتنى شاش دەيتتى.

دامولىلامنى ئوبدان بىلىدىكەن، ئۇ ھەتتاكى شېئىرلىرىنىمۇ يادقا بىلىدىكەن، ئۇ رېھىمشاھقا ناسۇھا دامولىلامنىڭ ئىلى ھەققىدىكى شېئىرىنى يادلاپ بەردى:

بىزنىڭ ئىلىدا شۇنچە دالايى كۆپ،
زاكات بەرمەيدىغان بىمەنا بايى كۆپ.
توراپ سەيسىگە خەقنى دائىم،
رەستە — بازار، كوچىدا يايى كۆپ.
پىقىر — مىسكىن، غەرىبلەر شەنىگە،
ئالدامچى، قاشتاق لولى، گادايى كۆپ.

— مانا ئاڭلىدىڭمۇ، — دېدى ھاجىقۇلى، — ناسۇھا دامولىلام مانا شۇنداق بىز گادايلارنىڭ مۇڭىنى دەيدىغان ھاپىزدۇر. ھە، ھە، توختا، يەنە بىر نەزمىسى ئېسىگە كەلدى:

شاراپەتلىك ئەزىزلەر قالمىدى، قالدى كاساپەتلەر،
پاراسەتلىك ئەدىبلەر يوق، رەئىس بولدى ھاماقەتلەر.
رەئىس بولماق ئۇچۇن سەرپ ئېتۇر بارى — يوقىنى بىل،
سەنلەرگە نە كۆرۈندى سەبىلەر، ئېيى ھاماقەتلەر
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
ناسۇھا، ئاخىر زاماندا ئىلتىجا قىل خۇدايىڭغا،
سالامەت بولسا ئىمانىڭ، ئەجەب كۆرگىل كارامەتلەر.

2

رېھىمشاھ پالۋان مانا شۇ ناسۇھانىڭ شائىرلىقىنى بىلمىگەن ھالدا ئۆيىدە قوندى، ئەتىسى چېگرىدىن ئۆتتى. ئۇ كەتمەن، غالجات، شۇڭقار يېزىلىرىدىكى تۇغقانلىرىنى يوقلىدى. ئەمدى ئۇنىڭ

سەپىرى قاراقول شەھىرى ئىدى.

ئۇ سەپەرگە چىققان كۈنى ئاسمان مىسلى كۆرۈلمىگە كۆپكۆك يورۇقلۇق بىلەن پاقىرايتتى. تاغ تىزمىلىرى قول يەتكۈدەك يېقىن كۆرۈنەتتى، ئەمما ماڭا — ماڭا يېتەلمەيتتى. ئۇ بىر يېزىدا قونۇپ، ئەتىسى يەنە سەپىرىنى داۋام قىلدى. رېھىمشاھ ئۈچىنچى كۈنى كۆز باغلانغاندا، قاراقۇل كۆرۈنگەن بىر جايغا بېرىپ قالدى. سۈرۈشتۈرۈپ، بۇنىڭ قاراقول ئىكەنلىكىنى بىلدى. رېھىمشاھ بۇ قەدىمىي شەھەرگە يېقىنلاشقانسېرى ياپپېشىل باغلار چىراي ئاچتى. ئۇ قاراقولنىڭ كوچىسىغا كىردى. ئۇنىڭ كۆزى تۇرخۇنىدىن ئىس چىقىۋاتقان ئۆيلەردە ئىدى، بىرەر ئادەم ئىشىك ئالدىدا بولسا، دوستىنىڭ ئۆيىنى سورىماقچى ئىدى. ئۇ قەلئەنىڭ تۆت كوچىسىغا بارغاندىلا ئادەملەرنى ئۇچراتتى. بىر خوشخۇي يىگىت ھاجىقۇلىنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويۇش بىلەنلا بولدى قىلمىدى، بالىسىنى رېھىمشاھقا قوشۇپ قويدى. ھاجىقۇلىنىڭ ئۆيى قەلئەنىڭ چېتىدىكى بىر كوچىدا ئىكەن، رېھىمشاھ ئاتتىن چۈشكۈچە بالا ئۆيگە كىرىپ ھاجىقۇلىنى باشلاپ چىقتى. دوستلارنىڭ كۆرۈشۈشى ئاجايىپ بولدى، ھە دېگەندە ھاجىقۇلى تىكىلىپ تۇرۇپلا قالدى، كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى. رېھىمشاھ:

— ھەي، رېھىمشاھ قارغۇنى تونىمىدىڭمۇ؟ — دېدى.

— ئاھ خۇدا، سىنى كۆرۈپ چۈشۈممۇ، ئوڭۇممۇ، دەپ قىلىشىم، ھېچ ئۆزگەرمەپسەن دوستۇم، — دەپ رېھىمشاھنى قۇچاقلىدى ھاجىقۇلى. ئاندىن رېھىمشاھتىن بىرقەدەم چېكىنىپ، رېھىمشاھقا تويماي قارىدى — دە، كۆكرىكىگە بىر مۇشت ئۇردى، يەنە قۇچاقلىدى، يەنە ئاجراشتى.

— ئۇھ، سىنىمۇ كۆرە كۈن بولىدىكەن، تەن — جېنىڭ ئامانمۇ، بالا — ۋاقاڭ تىنچمۇ؟

— ئامان بولغاچ ئالدىڭدا تۇرۇپتىمەن.

— ھاۋانىخان، رۇسۇلشاھلار ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟

رىھىمشاھ ئېغىر تىندى، يۈرىكى خوشاللىق تورنىنى قايغۇ قاپلىدى. ئۇ بوش ئاۋازدا ئارانلا:

— ئۇ جان — جىگەرلىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم، — دېيەلىدى.

— ئەلھەكمۇلىللا، بېشىڭغا ئېغىر مۇسىبەت چۈشۈپتۇ، — دېدى ھاجىقۇلى قايغۇرغان ئاۋازدا، — يۇر دوستۇم، ئاۋۋلەن ئۆيگە كىرەيلى، چۇلۇۋۇرۇنى ماڭا بەر.

ئۆيگە كىرىشتى. ھاجىقۇلىنىڭ بۇ يەرگە يېڭى كۆچۈپ چىققان چاغدىكى چۆچۈرىدەك بالىلىرى چوڭ بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار رىھىمشاھقا سالام بەردى. رىھىمشاھ ئۆي ئىچى بىلەن ئامانلىشىپ بولۇپ، كۆرپىگە چىقتى. ھاجىقۇلى چوڭ ئوغلىنى جاماشاھنى چاقىرىپ كېلىشىگە ئەۋەتتى. ئۈچ دوست ئۈچ كۈنگىچە قانغۇچە مۇڭداشتى. تۆتىنچى كۈنى ھاجىقۇلى مەھەللىدىكى ئوتتۇز ئوغۇلنى چاقىرىپ، رىھىمشاھ ئۈچۈن مەشرەپ بەردى.

ھاجىقۇلى مەشرەپ ئەھلىگە رىھىمشاھنى تونۇشتۇردى. جاماشاھ رىھىمشاھنىڭ ئاجايىپ خىسلەتلىك ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. مەشرەپ ئەھلى رىھىمشاھقا قىزىقىپ قالدى. ئۇنىڭ ئات، كالىلار، لىملارنى كۆتۈرگىنىنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشتى. توختىيابايىنىڭ كۆك بايتىلىنى كۆتۈرۈپ ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ بارغىنىغا ئىشىنىشمىدى. يىگىت بېشى ئىشەنمىگەن ھالدا:

— ئىلىلىقلار پوچى بوپ كەتتىمۇ، نېمە، ساپلا لاپ گەپلەرغۇ بۇ؟ — دېدى.

— توغرا دەيسەن، چوپلىدا توختىمايدىغان گەپلەر.

ھاجىقۇلى مەھەللىلىكلىرىنىڭ دوستىغا ئىشەنمىگەنلىكىنى، بولۇپمۇ ئىلىلىقلارنى «پوچى» دېگىنىنى كۆتۈرەلمىدى، ئۇ ئاچچىق بىلەن دېدى:

— ئىشەنمىسەڭ ئىشەنمە، ئەمما ئىلىلىقلارغا تىل تەككۈزمە!

— ئىشەنمىسەڭ بىرەر ئات ياكى ئۆكۈزۈڭنى ئەكەل،



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

كۆتۈرەلىسە سەن مەشرەپ بېرىسەن، كۆتۈرەلمىسە مەن بېرىمەن، قانداق؟ — دېدى جاماشاھ ئىنچىكە بويىنىنى غازدەك سوزۇپ.

— بولىدۇ، — دېدى يىگىت بېشى، — ئەگەر نىكۇلاينىڭ كالىسىنى كۆتۈرۈپ كېلەلىسە جەزمەن مەشرەپ بېرىمەن ۋە يەنە بىر ئۆكۈزدىن تىكىشىمىز.

— ئەمىسە كېلىشتۇق، قازىبېگىم باشلىق ئوتتۇز ئوغۇل گۇۋاھ — شاھىت بولغاي!

— جاماشاھ، بولدى قىل — دېدى رېھىمشاھ خىجىل بولغان ھالدا، — ئاغىنىلەر بىلەن ئەمدى تونۇشۇۋاتىمەن.

— ھەي ئاداش، بۇمۇ بىر مەشرەپنىڭ ئوغۇلۋالىچىلىق ئويۇنى، نوچىلىقىڭنى بىر كۆرسىتىپ قويغىنا، — دېدى ھاجىقۇلى.

— تارتىنماڭ ئاغىنە، بايىقى لاپ — پاپ دېگەنلەر چاقچاق، ئەمما بىز سىزنىڭ كۈچتۈڭگۈرلىكىڭىزنى ئاڭلىغان، ئەمەلدە كۆرمىگەن، بىر كۆرۈپ باقىلى دەيمىزا، — دېدى قازىبېگىم.

— شۇنداق، بىز ئۈچۈن كۈچىڭىزنى ئايىمىسىڭىز.

3

بۇ خىل قىزىقىش ۋە يالۋۇرۇش رېھىمشاھنى غىدىقلىدى، ئۇ باشمالتىقىنى چىشلىدى. بىرەر ئېغىز نەرسىنى كۆتۈرۈش كېسىلى قوزغالغاندا، ئۇ مۇشۇنداق بارمىقىنى چىشلەيتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇزاق ۋاقىت كۆرۈشمىگەن، سېغىنىپ يوقلاپ كەلگەن دوستلىرىنىڭ يۈزىنى قىلمىسا، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ يۈزى چۈشۈپ كېتىدىغىنىنى ئويلىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى. ئوتتۇز ئوغۇل رېھىمشاھنى قاراقول شەھەرچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نىكۇلاينىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى. رېھىمشاھ بويىنىنى سوزۇپ تامدىن قورا ئىچىگە قارىدى، تامدىن ئارتىلىپ ھويلىغا چۈشتى. ئۆكۈز بوش قويۇۋېتىلگەنىكەن، رېھىمشاھ پۈتۈن كۈچىنى ئىككى بىلىكىگە يىغدى، ئاندىن ئۆكۈزنىڭ بېقىنىغا

يانداپ كىردىدى — دە، ئۆكۈزنى لىككىدە كۆتۈردى. ئۇ «بايرىم» دەپلا ئۆكۈزنى تامدىن ئارتىلدۇرۇپ چۆرىدى، ئۆكۈز تۈز بولۇپ تىكلا چۈشتى. رېھىمشاھ تامدىن ئارتىلىپ كوچىغا چىققاندا، مەشرەپ ئەھلى ياقىسىنى تۇتقان يېتى قېتىپ قالغانىدى. كالىنى تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈرگەندىكى ئاۋازىنى ئاڭلىدى بولغاي، نىكولاينىڭ دېرىزىسى يورۇدى. رېھىمشاھ ئۆكۈزنى مۆرىسىگە ئېلىپ، خۇددى ئەپكەش كۆتۈرگەندەك، بۇدۇڭتەي يۈرۈپ كەتتى. ھەممىدىن ئاۋۋال ئېسىنى يىققان يىگىت بېشى رېھىمشاھنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردى ۋە ھاياجان بىلەن:

— تەن بەردىم ھوي بۆككى، ھەقىقىي باتۇر بۆككى ئىكەنسىز، سىزگە تەڭ كېلەر پالۋان چىقمايدۇ! — دېدى.

— تامامەن توغرا، — دەپ قۇۋۋەتلىدى قازىبېگىم، — بىز خەق ئىچىدىمۇ يەتتە ئىقلىمدا تەڭ كېلەرى يوق تەڭداشسىز پالۋان چىقتى، دېگەن مۇشۇ!

جاماشاھ بولسا، كېرىلىپ، ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۈدەك ھېجىيىپ، كوچىغا پاتماي ماڭماقتا ئىدى. ھاجىقۇلى ئىچ — ئىچىدىن خۇش بولغاچقىمۇ كۆزىدىن ياش پارلىدى. ئەممازە. . .

ئۇلارنىڭ شادلىقى ئاغىنىسىگە خاپىلىق ئېلىپ كەلدى. ئوتتۇز ئوغۇل ھاجىقۇلىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ تۇرۇشىغا مالايلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ نىكولاي كىرىپ كەلدى:

— نو سارت ئوگرى، كالانى نېگە ئوگۇرلاردىڭ؟

— ھەي باي، بىز بۆيەردە مەشرەپ ئويناۋاتىمىز. نېمە دەپ بىزنى ئوغرى دەپ تىللايسەن؟ — دېدى قازىبەگ ۋە نىكولايغا رۇس تىلىدابەسلىشىش ئەھۋالىنى چۈشەندۇرۇپ ئەپۇ سورىدى.

— بىكار سۆز، بەرىڭ ئوگرى، بەرىڭ بىراك باندىت!

— ئۆزەڭ بىراك، ئۆزەڭ ئوغرى، — دېدى يىگىت بېشى قايناپ، — كىم سېنى يۇرتىمىزغا چىللاپ كەلدى، بىر مىلتىق بىلەن كەلگەن سەن باندىت بىزنى بۇلاپ — تالاپ باي بولۇۋېلىپ، ئەمدى

بىز باندىت بولدۇقمۇ؟ ئېشىكنى يەپ، تاۋۇقىڭدا ئولتۇراي، دېگەن شۇ ئىكەن — دە.

ھاجىقۇلى ئېشىنىڭ يوغىناپ، دوستىغا پېشكەللىك كېلىشىدىن ئەنسىرەپ، سىپايىلىق بىلەن دېدى:

— ھەي باي، مانا كالاڭ، بىز ئۇنى ئوغرىلىمىدۇق، سويمىدۇق، ساتمىدۇق. مە، كالاڭنى ئېلىپ كەت، خالىساڭ بىز ئاپىرىپ بېرەيلى.

— نېت، ئالمايمەن، مېن ساغان كۆرسەتەمەن.

— قولۇڭدىن كەلسە، تاشنى ماش قىلىۋەت، — دېدى يىگىت بېشى.

— كۆرسەتەمەن

نىكولاي شۇنداق دوق قىلىپ كېتىپ قالدى. مەشرەپ ئەھلىنىڭ كۆڭلى غەش بولدى.

4

نىكولاي شۇ كەتكىنىچە گوبېرناتورنىڭ[①] ئۆيىگە باردى. ئۇيغۇر باندىتىنىڭ ئۆكۈزىنى ئوغۇرلىغىنىنى دادلىدى. ئوبلاست باشلىقى مىلىتسىيە ناچالنىكىنى[②] چاقىرتىپ، باندىتنى تۇتۇشقا بۇيرۇدى. ناچالنىك ساقچىلىرىنى باشلاپ، ھاجىقۇلىنىڭ ئۆيىگە باردى. رېھىمشاھنى تۇتقۇن قىلىپ ھايداپ ئاپىرىپ گۇندىخانىغا تاشلىدى. رېھىمشاھنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى: «ھەي پەلەك، نەگىلا بارماي، ماڭا بالايىئاپەت ئەگىشىپلا يۈرىدۇ، مەن بىر شورپېشانىكەنمەن» دەپ خۇرسىندى، ئۇ بىلىدىكى، بۇيەرنىڭ بايلىرى توختىسىيابايغا ئوخشىمايدىكەن.

گۇندىخانا باشلىقى ئۆكۈزدەك يوغان روس پالۋىنى ئىدى، ئۇ

---

① گوبېرناتور — ئوبلاست باشلىقى.
② مىلىتسىيە ناچالنىكى — ساقچى باشلىقى.

www.uyghurkitap.com

رېھىمشاھنى سوراق قىلدى. رېھىمشاھ پالۋان «باخشى كېپ تاشنى ئېرىتىدۇ» دېگەن ئۇيدا ئۆزى بىلىدىغان بارلىق ياخشى كۆڭنى قىلدى. گۇندىخانا باشلىقى تەلەتى سۆرۈن، قوللىرىنى كالىنىڭكىدەك سېرىق تۈك قاپلىغان قوپال ئادەم ئىدى. بەلكىم ئۇنىڭ باغرى تاشتىنمۇ قاتتىق بولسا كېرەك، ئۇ تولىمۇ قوپاللىق بىلەن ۋارقىرىدى. تىلماچ ئۇنىڭ قوپال سوراقلىرىنى ئۆرۈپ ئاران ئۇلگۇردى. رېھىمشاھ ھەقىقىي ئەھۋالنىلا دەپ تۇرۇۋالدى. ئۆزىگە ئۆزى تۆھمەت چاپلىسۇنمۇ، «. . . بولغان ئەھۋال شۇ، پەقەت بەسلىشىش» دېدى. گۇندىخانا باشلىقى غەزەپلەندى، رېھىمشاھنىڭ گەجگىسىگە بىر مۇشت سالدى، بۇ مۇشت رېھىمشاھقا پاشا چاققاندەك بىلىندى، ئۇنىڭ مىت قىلماي تۇرغىنىنى كۆرگەن گۇندىخانا باشلىق يەنە بىر مۇشت ئۇردى. بۇ مۇشت قاتتىقراق تەگدى بولغاي، شۇ كەمگىچە ھېچكىمگە بوزەك بولمىغان رېھىمشاھقا ئىزا بولدى. ئۇ شىردەك ھۆركىرىدى:

— ھەي باندىت، قولۇڭنى تارت!

گۇندىخانا باشلىقى ئۆزىنى باسالماي قالدى، ئۇ يەنە بىر مۇشت ئاتتى. رېھىمشاھ:

— سەن ئېيىقىنى سىرغاشقا بىر تويغۇزاي، مۇشت دېگەننى مۇنداق ئاتىدۇ، — دەپ ئۇنىڭ بويۇن تومۇرىغا بىرنى سالدى. بازغاندەك قاتتىق مۇشت گۇندىخانا باشلىقىنى تىك چۈشۈردى. بۇنى كۆرگەن تىلماچ رېھىمشاھقا قورۇنۇپقىنا قارىدى، — دە، كەينىچە مېڭىپ سوراقخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ناچالنىككە ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ناچالنىك گۇندىخانىغا ئالدىراپ كەلدى.

5

بىر چەتئەللىك مېھماننىڭ گۇندىخانىغا چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغىنىدىن خىجىل بولغان يىگىت بېشى قازىبەگ، ھاجىقۇلى، جاماشاھ ۋە مەھەللە ئاقساقىلىنى باشلاپ گۇندىخانىغا

باردى. ئۇلار ئۆكۈزنىمۇ ئېلىپ بېرىشتى. ئۇلار دەل ناچالنىكنىڭ رېھىمشاھنى سوراق قىلىۋاتقىنىنىڭ ئۈستىگە بېرىشتى. ناچالنىك سورىدى:

— سەن نىكولاينىڭ كالىسىنى ئوغرىلاپسەن، راستمۇ؟

— يالغان.

— ئەمىسە نېمەئۈچۈن نىكولاينىڭ ھويلىسىغا چۈشۈپ، كالىنى ئېلىپ كەتتىڭ؟

— ناچالنىك، — دەپ ئارىلاشتى يىگىت بېشى روس تىلىدا سۆزلەپ، — ئۇ كالىنى ئوغرىلىمىدى. بەلكى كالا ئۆز قوراسىنى ئىزدەپ — ھاجىقۇلنىڭ قوراسىغا كىرىپ قاپتۇ.

— تاك، نېمىشكە كىرىپ قالىدۇ؟

— بۇ خەسىس باي كالىنى ئاچ قويغان — دە،

ناچالنىك نىكولايغا سوئال نەزىرىدىن قارىدى:

— يالغان — دەپ ۋاقىرىدى نىكولاي يەرنى تېپىپ.

— مۆ! — دەپ كالا مۆرىدى.

— مانا جانابىي ناچالنىك، كالىمۇ مېنىڭ سۆزۈمنى قوللاۋاتىدۇ. ئاچ قالدىم، دەپ مۆرەۋاتىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز كالىغا قاراپ بېقىڭ.

ناچالنىكىلا ئەمەس، باشقىلارمۇ قارىدى. ئۆكۈزنىڭ قارنى چاپلىشىپ، بېقىنلىرى ئىچىگە تارتىشىپ كەتكەنىدى.

— ھەي بالا، بۇلار نېمە دېيىشىۋاتىدۇ؟ — سورىدى رېھىمشاھ. تىلماچ بولۇنغان گەپلەرنى ئۆرۈپ بەردى.

— ما ئاغىينىلەرنى، «مۇشۇككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن» دېگەندەك، مەن گۇندىخانىدا ياتايىۇ، بۇ خەق ئويۇنغا ئايلاندۇرسۇن، دەپ قويى ، ئۆكۈزنى مەن ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ ئىچ پۇشقىنى چىقىرىش ئۈچۈنلا كۆتۈرۈپ ئاپارغان، ئەمدى يەنە ئۇلارنىڭ ئويۇنچۇقى بولمايمەن، بۇ يەردىن كېتىمەن!

يىگىت بېشى تىلماچقا جىددىي ھالدا بۇيرۇدى:

— ھازىرچە ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆرۈمەي تۇر.
ناچالنىك كالىنىڭ ھەقىقەتەن ئاچ قالغىنىنى كۆردى.
— بۇ باندىتلار يالغان ئېيتىۋاتىدۇ. ئاۋۇ گۈينىڭ تامدىن ئارتىلىپ قورۇغا چۈشكىنىنى، يەنە تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، كالىنى كۆتۈرۈپ ماڭغىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، — دېدى نىكولاي.
— يالغان دەپ بۇ سۆزۈڭنى دېسە بولىدۇ، شۇنچە يوغان كالىنى سەن كۆتۈرەلەمسەن؟ تامدىن ئارتىلدۇرالامسەن؟ كۆتۈرەلىسەڭ قېنى كۆتۈرۈپ باققىنا!
يىگىت بېشىنىڭ بۇ ئورۇنلۇق سۆزىگە باي بىر نېمە دېيەلمەي دۇدۇقلاپ قالدى. ناچالنىك سورىدى:
— كالا ئاچ قېلىپ، قورۇدىن چىقسا نەدىن چىقىدۇ؟
— تامدىن ئاتلاپ چىقتى.
— ھوي ئاغىنىلەر، چاقچاقنى قويساڭلارچۇ، — دېدى رېھىمشاھ ئاخىر، — كېچىچە ھېچنېمە يېيەلمەي، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، ھوي تىلماچ، بايىقى گېپىمنى مۇنۇ باشلىققا ئۆرۈپبەرسەڭچۇ!
ھاجىقۇلى شۇندىلا دوستىغا ئېلىپ كەلگەن بىر سان گۆشنى ئېسىگە ئالدى، ئۇ ئوغلىدىن گۆشنى ئېلىپ، ساقچىغا بەردى، ساقچى ناچالنىكنىڭ روخستىنى ئېلىپ رېھىمشاھقا سۇندى. تىلماچ ئۆرۈپ بولغۇچە ئۇ گۆشنى يېدى.
يىگىت بېشى قاتارلىقلار قاقاقلاپ كۈلدى. باياتىن ئادەم بالىسىنىڭ يوغان بىر كالىنى كۆتۈرگىنىگە ئىشەنمىگەن ناچالنىك نېمە قىلارىنى بىلمەي ئويلىنىپ قالدى. يىگىت بېشى رېھىمشاھنى ئاچلىقتىن قىينىمايلى، دەپ ئويلىدى.
— ناچالنىك، — دېدى ئۇ، — رېھىمشاھنىڭ ئېيتقىنى دۇرۇس. ئۇ كالىنى كۆتۈرگەن، بىزمۇ سىزگە ئوخشاش ئىشەنمەي بەسلەشكەن.

— مۇمكىن ئەمەس! — دېدى ناچالنىك قەتئىي هالدا.
— مەنچۇ هەي سېرىق باش، — دەپ ۋارقىرىدى رېھمشاھ بوم ئاۋازدا، — بۇ كالىنى قايتۇرۇپ، ئېغىلغا ئەكىرىپ قويماقچىدىم، ئاڭغىچە مۇنۇ نېمەڭ تاپ بېسىپ بېرىپ قالدى.
— ئىشەنمىسىڭىز هازىر رېھمشاھ كالىنى كۆتۈرۈپ ئېغىلغا ئەكىرىپ قويسۇن، — دېدى هاجىقۇلى.
ناچالنىك رېھمشاھنىڭ بۇرتۇپ چىققان تاشتەك قاتتىق قول مۇسكۇللىرى، ئېيىقنىڭكىدەك مۇستەھكەم پۇتلىرىغا ۋە كۈچ — قۇۋۋەت يېغىپ تۇرغان بەستىگە قاراپ:
— نو لادنا①، — دېدى ۋە گۇندىخانا باشلىقىغا رېھمشاھنىڭ قولىدىكى ئىشكەل، پۇتىدىكى كىشەننى ئېلىۋېتىشنى بۇيرىدى.

6

رېھمشاھنىڭ نېمە ئۈچۈن گۇندىخانىغا كىرىپ قالغانلىقى بىر دەمدىلا پۈتكۈل قەلئەگە پۇر كەتكەنىدى. قەلئە خەلقى ئىشلىرىنى تاشلاپ ساقچىغا يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. هاجىقۇلى كالىنى باغلاقتىن يېشىپ، رېھمشاھنىڭ يېنىغا يېتىلەپ كەلدى. رېھمشاھ كالىنىڭ ئاستىغا مۆرىسىنى تىقتى — دە، لىككىدە كۆتۈردى ۋە چوڭ قەدەملەر بىلەن نىكولاينىڭ هويلىسىغا قاراپ ماڭدى. توپلانغان خەلقنىڭلا ئەمەس، ناچالنىك بىلەن ئۇنىڭ ساقچىلىرىنىڭمۇ كۆزلىرى قېتىپ قالدى. ئۇلار كۆزلىرىنى ئۇۋۇلايتتى، چىمچىقلىتاتتى. ئەتراپقا توپلىشىپ تۇرغان كىشىلەر بولسا خوشاللىق سادالىرى ياڭراتتى. ئۇششاق باللار يۈگۈرۈشۈپ، بىردە رېھمشاھنىڭ ئالدىغا ئۆتسە، بىردە كەينىگە ئۆتەتتى، ئىككى يېنىدا قىيقىرىشاتتى.
— توۋا قىلدىم، پەرۋەردىگارىم، مۇنداقمۇ كۈچتۈڭگۈر

① لادنا — روسچە، بوپتۇ، دېگەن مەنىدە.

ئىنساننى ياراتقانىكەنسەن، بىز گىمۇ كۈچ — مادار بەرگەيسەن! — دەپ بىر بوۋاي ياقىسىنى تۇتتى.

رىھىمشاھ نىكولاينىڭ كالا ئېغىلى تېمىدىن كالىنى ئارتىلدۇرۇپ تاشلىدى، نىكولاي ئېغىلغا كىردى، كالا ھېچقانداق زەخمەت يېمىگەنىدى، ئەمما تىنماي مۆرەيتتى. بۇ ئالامەت كىشىلەرنى تېخىمۇ ئەجەبلەندۇردى.

رىھىمشاھنىڭ بۇ كۈچتۈڭگۈرلىكىگە ناچالنىك قايىل ھەم مايىل بولدى، لېكىن بۇنى بىلىندۇرمىدى، رىھىمشاھنىڭ يەنە بىر كارامىتىنى كۆرۈشكە قىزىقتى:

— كۈچتۈڭگۈر پالۋانلىقىڭنى كۆردۇم، نىكولاينىڭ قورۇسىغا يېرىم كېچىدە چۈشۈپ، كالىسىنى كۆتۈرۈپ كېتىشىڭ قانۇن جەھەتتە ئوغرىلىق جىنايىتى بولۇر.

— ھەي سېرىق ئېيىق، بايان نېمە دېگەنتىڭ، ئاغزىڭدا گەپ قىلدىڭمۇ ياكى. . . ؟ — دېدى رىھىمشاھ غەزەپ بىلەن.

ھاجىقۇلى تىلماچقا پىچىرلىدى:

— ئۇكاموي، ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆرۈپ بەرمە.

— ئەمسە نېمە دەي؟

— مەن ئوغرى ئەمەس، قويۇپ بېرىمەن، دەپ ۋەدە قىلغاندىكىن، قويۇپ بەر، دېمەمسەن.

رىھىمشاھنىڭ سۆزىنى ھاجىقۇلى ئېيتقان مەزمۇندا تىلماچ تەرجىمە قىلدى. شۇندىلا ناچالنىك:

— بىر شەرتىم بار، قوشۇلساڭ قويۇۋېتىمەن، — دېدى.

— قانداق شەرت ئىكەن ئۇ؟ — سورىدى رىھىمشاھ.

— ئۈچ كۈندىن كېيىن مېنىڭ پالۋىنىم بىلەن چېلىشىسەن، پالۋىنىمنى يىقىتساڭ بۇ يەردە تۇرالايسەن، يىقىلساڭ چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىمەن.

رىھىمشاھ بۇ شەرتكە كۆندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 7

ئاردىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. رېھىمشاھ جاماشاھنىڭ ئۆيىدە تۇردى. ھاجىقۇلىمۇ بىللە بولدى. ئۇلار چاقىرغان ئۆيلەرگە بېرىپ مېھمان بولۇشتى.

چېلىشىش ۋاقتى توشقان كۈنى پۈتۈن قاراقۇل خەلقى دېگۈدەك چېلىشىش مەيدانىغا قاراپ ئاقتى. ئەتراپتىكى يېزا — قىشلاقلاردىن دېھقانلار، مالچىلار ئاتلىنىپ كېلىشتى. يىگىت بېشى باشلىق ئوتتۇز ئوغۇل رېھىمشاھ پالۋاننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، چېلىشىش مەيدانى قىلىپ بەلگىلەنگەن تۇزلەڭگە دەبدەبە بىلەن بېرىشتى. مەيداندا ئېيىققا ئوخشاش سېمىز بىر ئادەم تۇراتتى. رېھىمشاھ ئۇنىڭغا يېقىنلاشقاندىلا ئۇنىڭ گۇندىخانا باشلىقى ئىكەنلىكىنى ساقال — بۇرۇتى، كۆك كۆزىدىن تونىدى، گۇندىخانا باشلىقىنىڭ مەيدىسىدىن كىندىكىگىچە سېرىق تۈك قاپلىغان، بىلەك، قولتۇق ۋە پۇتلىرىنىمۇ تۈك قاپلىغانىدى، چاچلىرى پاخپىيىپ تۇراتتى. شۇ ئاردا يىگىت بېشى رېھىمشاھقا ئۇنىڭ ئىسمى ئىۋان، لەقىمى «ئېيىق پالۋان» ئىكەنلىكىنى دەپ بەردى ھەمدە ئىۋاننىڭ ئوبلاست بويىچە چېلىشىش ماھارىتى ئۈستۈن، ئۇنى چېلىشىشتا ھېچكىم يېڭەلمىگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى.

ئاۋۋال چېلىشىش قائىدىسى بويىچە ئىختىيارىي چېلىشىش باشلاندى، ئۇلاردىن يەڭگەنلىرىنى ئىۋان بىلەن رېھىمشاھقا سالدى. بۇ ئىككى رەقىبنى ھېچكىم يېڭەلمىدى. ئەمدى ھەل قىلغۇچ جەڭدىي ئېلىشىش — ئىۋان بىلەن رېھىمشاھنىڭ چېلىشىشى باشلىناتتى. تاماشىچىلار زور قىزىقىش بىلەن بۇ ئىككى پالۋاننىڭ مەيدانغا كىرىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. مانا، پالۋانلار مەيداننىڭ ئىككى يېقىدىن روبورۇ كىرىپ كېلىشتى، يېقىنلاشتى.

www.uyghurkitap.com

— چېلىشىش باشلانسۇن!

مۇسابىقە باشقۇرغۇچىنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ ھەر ئىككى پالۋان بىر — بىرىگە ئېتىلىشتى. رېھىمشاھ پوتا باغلاپ، يالاڭ ئۇيغۇرچە چېلىشىپ يۈرگەن، ھەمراھ پالۋاندىنمۇ مۇشۇنداق چېلىشىش قائىدىسىنى ئۆگەنگەنىدى، بۇ يەردە بولسا، پالۋانلار پوتا باغلىمايدىكەن، رەقىبىنىڭ بەدىنىنىڭ خالىغان يېرىنى تۇتۇپ چېلىشىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، «رېپىر» دەپ ئاتالغان چېلىشىش باشقۇرغۇچىنىڭ دېيىشچە، يىقىلغۇچىنىڭ ئىككى تاغىقى يەرگە تەكشى تېگىشى كېرەك ئىكەن، باشقا يېرى تەگسە يىقىلغان ھاسابلانمايدىكەن. بۇ خىل يېڭىچە چېلىشىش ئۇسۇلىنى بىلمىگەن رېھىمشاھ پالۋان باشتا خېلىلا تەمتىرىدى. رېھىمشاھ ئىۋاننىڭ بېلىدىن تۇتۇۋىدى، ئالىقىنى سىيرىلىپ چىقىپ كەتتى. شۇ ھامان ئىۋان ئۇنىڭ قولتۇقىدىن مۆرىسىگە ئالدى — دە، رېھىمشاھنى بېشىدىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلىۋەتتى. يارمىغان كۆتەكتەك چۈشكەن رېھىمشاھ «يېڭىلدىم» دېگەن ئويدا ئورنىدىن تۇرۇشىغا ئىۋان يەنە ئېتىلدى، چۈنكى رېھىمشاھ يانچە يىقىلغان، تاغىقى يەرگە تەگمىگەنىدى. بۇنى چۈشەنگەن رېھىمشاھ پالۋاندا باشقىدىنلا كۈچ پەيدا بولدى. ئۇ ئىۋاننىڭ ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇنىڭ قولتۇقىغا كىردى — دە، بىلىكىدىن تۇتۇپ كۆتۈردى، بىراق ئىۋان تولىمۇ ئېغىر بولغاچ كۆتۈرۈپ ئاتالمىدى. تاماشىچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر، قىرغىز، قىپچاق بولغاچقا رېھىمشاھقا مەدەت بېرىپ تۇۋلايتتى:

— يانپىشىدىن تۇتۇپ كۆتەر!

— بوينىدىن قايرى!

بىراق، ئىۋان خېلى قائىدە بىلىدىغان، پىشقان پالۋان ئىكەن، ئۇ ھەرخىل ئۇسۇللارنى قوللاندى، رېھىمشاھنى ئوڭغا، سولغا بۇراپ، يىقىتماقچى بولدى، ھەتتا بوينىدىن تۇتۇپ قايرىدى. رېھىمشاھ يىقىلمىدى، بەلكى ئىۋان ھالسىرىدى. رېھىمشاھ پەيتنىڭ

كەلگىنىنى ھېس قىلىپ، ئىۋاننىڭ بىلىدىن ئىككى قوللاپ تۇتۇپ كۆتۈردى — دە، ياۋا تاشنى تاشلىغاندەك تاشلىۋەتتى. قاتتىق، زور كۈچ زەربىدىن ئىۋاننىڭ رېھىمشاھنى تۇتقان قوللىرى ئاجراپ، چوشقىدەك ئوڭدىسىغا چۈشتــى. يەردىن سۇس توپا كۆتۈرۈلدى. مەيدان قايناپ كەتتى. چۈنكى، ئىۋاننىڭ ئىككى تاغىقىلا ئەمەس، دۈمبىسىمۇ يەرگە يېتىپ قالغانىدى. تاماشىچىلار قىقاس — سۈرەن سېلىشتى. ئۇلار بۇ تۈرمە باشلىقىدىن گويا ئۆز ئۆچىنى ئالغاندەك خوشال بولۇپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ ھەسرەت — نادامەت، قايغۇ — ھەسرەتكە تولغان قەلبى شادلىققا تولدى. مەيداننى چۆرىدەپ تۇرغان مىڭلىغان خەلق رېھىمشاھنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشتى، بۆكلىرىنــى ئاسمانغا ئېتىپ تەنتەنە قىلىشتى.

## 8

بۇ تەنتەنىدىن تولىمۇ خوش بولغان يىگىت بېشى چوڭ سورۇن قۇرۇپ مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ، ئوغلاق تاشلاپ بەردى. مەشرەپ تاڭ ئاتقۇچە داۋاملاشتى. بۇ مەشرەپنى ھاجىقۇلى قىزىتتى. ئۇ بۇ يەرگە كۆچۈپ چىققاندىن بېرى تۇنجى قېتىم كۆڭلى — كۆكسى ئېچىلىپ، تەشۋىرلىگۈسىز خوشال بولغانىدى، ئۇ گۈل چايىنى قولغا ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق بېيىت ئوقۇدى:

رېھىمشاھ بۆككى — يۇرتۇمنىڭ تېغى،
كۈچ — قۇدرىتى تۈگىمەيدۇ تېخى.
دوستلار كۆڭلى پالۋاننىڭ بېغى،
شۇ باغدىن تۇتتۇم چاي گۈلى.

— ئالامەت!

— ھاپىز — دە، ھاپىز! — دەپ ۋاقىراشتى مەشرەپ ئەھلى.

رېھىمشاھ تەزىم بىلەن گۈل چاينى ئالدى. ئۇ ھاجىقۇلىدەك شائىر ئەمەس ئىدى. مەشرەپ ئويناپ چوڭ بولسىمۇ مەشراپ بېيىتلىرىنى ئېسىدە ساقلىيالمايتتى، خۇدا ئوڭلاپ، گۈپپىدە بىر بېيىت ئېسىگە كېلىپ قالدى:

تاڭدا سارغايغان ئۈزۈمنىڭ،
مىڭ تۈمەنلىك سۈيى بار.
مەن يېتىم بىچارەنىڭ،
سەندىن ئۆزگە كىمى بار؟
ئۇ ياقمۇ يېقىن، بۇياقمۇ يېقىن،
كۆڭلۈم ساڭا يېقىن.

دەپ ئۇ چاي گۈلىنى يېنىدىكى يىگىتكە تۇتتى. گۈل چاينى ئالغان يىگىت بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ:

گۈلى چايۇ، گۈلى چاي،
پىيالىنىڭ گۈلى چاي.
چاينى گۈلگە تۇتمىسام،
گۈلشەندە يوق ماڭا جاي.
ئۇياقمۇ يېقىن، بۇياقمۇ يېقىن.
قوشنا ئىكەنمىز، كۆڭلىمىز يېقىن.

دەپ قازىبەگكە سۇندى. قازىبەگ قوش قوللاپ پىيالە بىلەن گۈل ئالمىنى ئالدى — دە:

ئوڭ قولۇمغا چاينى ئالدىم،
سول قولۇمغا ئالمىنى.
چاينى ئىچىپ، ئالما ساقلاڭ،

يادىڭغا ئېلىپ يار مېنى.
سەن كۆڭۈل بەرسەڭ، مەن ساڭا يېقىن.

دەپ تۇرۇشىغا جاماشاھ سوزۇپ:
— پاھ — پاھ، سېغىنىپ كېتىپتىكەن — دە...! — دەپ ناشايان گەپ قىلىپ قالدى.
شۇھامان بىر دەۋاگەر ئوتتۇرىغا چۈشتى. ئۇ:
— داد بېگىم، كۆپنى كۆزگە ئىلماي، ئۆزىنى تۇتماي، ئەدەبسىز سۆز قىلغان جاماشاھنى جازالىشىڭلارنى سورايمەن. — دېۋىدى، يىگىت بېشى دەرھال ئەمىر قىلدى:
— پاششاپ!
— لەببەي!
— ئەخلاقسىزلىق قىلغان جاماشاھنى ھايداپ كىرىڭ.
— خوپ بېگىم!
پاششاپ جاماشاھنى يالاپ كىردى. يىگىت بېشى سورىدى:
— سەن كۆپچىلىك ئالدىدا ئەدەبسىزلىك قىلىپسەن، نە ئۈچۈن؟
— شەيتىنىم قىستاپ كېتىپ، بېگىم.
— قازىبېگىم، نېمە جازا بەرسەك بولار؟ — دەپ سورىدى يىگىت بېشى.
يىگىت بېشى بىلەن قازىبېگىم كۇسۇرلىشىپ مەسلىھەتلەشتى. كېيىن قازىبېگىم ئېلان قىلدى:
— جاماشاھنىڭ ئەدەبسىزلىكى بىزنىڭ ئەخلاقى پەزىلىتىمىزگە مۇخالىپتۇر. شۇڭا ئۇنىڭ سۇرىتىنى تامغا تارتماق كېرەك.
— خوپ قازىبېگىم!
جاماشاھنىڭ كۆينىكى سېلىپ تاشلاندى، ئۇنى تامغا قارىتىپ، كەينىدىن سۇ پۈركىدى. ئاندىن جاماشاھقا نەسىھەت قىلىپ ئولتۇرغۇزدى. جاماشاھنىڭ تامدىكى قورايدەك ئورۇق سۇرىتىگە قاراپ، ئوتتۇز ئوغۇل پىخىلداپ كۈلۈشتى...

مەشرەپ تاڭغا يېقىن ئاخىرلاشتى. رىھىمشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوڭ قولىنى سول كۆكسىگە قويۇپ ئىجازەت سورىدى:

— ھۆرمەتلىك ئوتتۇز ئوغۇل، بىرنەچچە كۈندىن بېرى مېنى ئەزىزلەپ كۈتتۈڭلار، مەن ئەمدى سەپىرىمنى داۋاملاشتۇراي، ياركەنتتە تۇغقانلىرىم، سىلەردەك يارۇ — بۇرادەرلىرىم بار، ئۇلارنى يوقلاپ قايتاي. سىلەرگە رەھمەت. بىزنىڭ يۇرتقىمۇ بارغايسىلەر.

يىگىت بېشى قاتارلىق ئوتتۇز ئوغۇل ئۇنىڭ يەنە بىر كۈن تۇرۇشىنى تەۋسىيە قىلدى. رىھىمشاھ ئۆزۈرخالىق ئېيتىپ خوشلاشتى.

رىھىمشاھ ئەتىسى چۈشلىكى سەلىمىخان ئەتكەن نارىننى يېگەندىن كېيىن دوستلىرى بىلەن خوشلاشتى. جاماشاھ:

— ھوي، مېنى كەمبەغەل كۆردىڭمۇ؟ مېنىڭمۇ بىرەر قوي سويۇپ مەشرەپ بەرگۈچىلىكىم بار، — دەپ دومسايدى.

— ھېلىمۇ ئۆيۈڭدە ئۈچ كۈن تۇردۇمغۇ، — دېدى رىھىمشاھ، — يەنە تۇرسامىمۇ بولاتتى. قاراقولنىڭ زېمىنى شۇنچە كەڭ بولسىمۇ، قىسىلىپ قالدىم. بۇيەر چاقچاق كۆتۈرەلمەيدىغان يەر ئىكەن. بالا كۆرمەي دېسەم ئاقنى قارا قىلىدىغان قارا يەردىن كېتەي. سىڭلىمنى يوقلاپ ئۆتۈپ، يۇرتقا قايتاي، سىلەر ئاشلىقىڭلارنى يىغىۋېلىپلا بېرىڭلار، كۈز، قىشتا ھېلىقىدەك ئوۋ ئوۋلايمىز.

— شۇنداقتىمۇ يەنە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ كەت، قەيەرگە بارساڭ قازاننىڭ قۇلىقى تۆت، — دېدى جاماشاھ.

— ئۇ دېگىنىڭغۇ راست، مەن بۇ يەرگە كەلگۈچە خەلقىمىزنىڭ ئازابلىق نالە ئىچىدە قالغىنىنى كۆردۈم، جان قويار يەر قالمىغاندەك تۇرىدۇ. ھەرھالدا سىڭلىمنى كۆرۈۋالاي.

— بىزدە جان باققۇدەك ئەرك قالمىدى، بۇلتۇر ئاشلىقىمىزنى چاشقان يەپ كەتتى، — دېدى ھاجىقۇلى مۇڭلىنىپ ۋە مۇنداق قوشاق ئېيتتى:

لويلا كۆكتات دەمسەن مېنى،
تۇزغا مىلەپ يەمسەن مېنى.
ئارپا — ئوساغاقنى كۆرۈپ،
تاشلىۋېتەمسەن مېنى.

— هاجىقۇلى بۇ قوشىقىدا نەق ئەمەلىيەتنى بايان قىلدى، — دېدى جاماشاھ، — بىز بۇلتۇر ئاش پىشقىچە لويلا — كۆكتات يەپ جان ساقلىدۇق. نۇرغۇن ئادەم ئىششىپ كەتتى، بىر مۇنچە قېرىلار، كېسەلمەنلەر ئاچلىقتىن ئۆلدى.

رېھىمشاھنىڭ كۆزلىرى قىسىلدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئېچىنىش چىقىپ تۇراتتى.

رېھىمشاھنىڭ بېشىغا يەنە قانداق كۈنلەر كەلگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن كۆرگەيسىز.

# 3 — باب يايلاقتىكى دوستلار

## 1

هاۋا سۈپەتەك ئوچۇق ئىدى. رېھىمشاھ تاغ يولىغا كىرگەندىلا چوڭقۇر نەپەس ئالدى. گۇندىخانىدىكى بۇس هاۋانى تاغنىڭ ساپ، سەلكىن هاۋاسى پۈتۈن ئۆپكىسىدىن تازىلاپ چىقارغاندەك، ئىچى يورۇپ كەتتى. ئۇ بۇ ساپ هاۋانى سۈمۈرۈپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئاتنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتتى، ئات بىر خىل يۈرۈشتە سىلىق ماڭماقتا ئىدى. ئۇ بىر جىراغا چۈشتى. جىرادا شارىلداپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىنىڭ ئاۋازى رېھىمشاھنى جەلىپ قىلدى. ئۇنىڭ كۆزى قاتار تىزىلىپ تاغ سۈيىنى ئىچىۋاتقان بۇغا — ماراللارغا چۈشتى.

رېھىمشاھنىڭ ئوۋچىلىق خۇمارى تۇتتى. ئۇ بىرەر بوغىنى ئىرىك تۇتۇۋېلىش ھەۋىسىدە ئېتىغا قامچا ئۇردى. ھوشيار بوغا — ماراللار ئاتنىڭ تىۋىشىنى ئاڭلاپلا، پۇررىدە ئۇچقان قۇشتەك، پىتراپ قاچتى. رېھىمشاھ قوغلىدى. بىر مارال توپتىن ئايرىلىپ قالدى. رېھىمشاھ ئۇنى تۇتماق بولۇپ، ئېتىنى بارىچە چاپتۇردى. ئۇ ئاتنى چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ، غانجۇغىدىن ئارغامچىنى ئالدى — دە، سالما ياسىدى، ئاندىن چەنلەپ تۇرۇپ تاشلىدى. ئۇ «ھەتتىگىنەي، چۈشمىدى، چەنلىيەلمىدىم» دەپ ئىزا بولدى. ئۇ يەنە ئارغامچىنى تۇرمەللەپ، مارالغا قاراپ چاپتى. ئوۋچىنىڭ ئېتىمۇ ئوۋچى بولىدۇ، تىزگىنى قويۇۋېتىلگەن ھالدىمۇ ئات مارالنى قوغلاپ چېپىۋاتاتتى. رېھىمشاھ ئىككىنچى قېتىم سالما تاشلىدى، سالما مارالغا يەتمىدى. مارال ئۇچقاندەك ئېگىز گە قاراپ چاپماقتا ئىدى. رېھىمشاھ بارغانسېرى قىزىدى. ئۇ ئۈچىنچى قېتىم سالما تاشلىماق بولۇشىغا مارال قىلىن قارىغايلار ئىچىگە كىرىپ غايىب بولدى. رېھىمشاھ ئەمدى مارالنى قوغلاشنىڭ پايدىسى يوقلىقىنى بىلىپ كەينىگە قايتتى. ئات قارا تەرگە چۆمگەنىدى، رېھىمشاھ ئات بولدۇرۇپ قالمىسۇن، دەپ ئاتتىن چۈشتى، ئالدى بىر پۇتىنى چۈشەپ، ئۇزۇن ئارغامچىدا باغلىدى. ئىگەردىكى كۆرپە ۋە ئاتنىڭ نوختا — يۈگىنىنى ئالدى، بىر قارىغاي ئاستىغا كېلىپ كۆرپىنى سالدى، ئىگەرنى بېشىغا قويدى. ئۇ دوستلىرى بىلەن مۇڭدىشىۋالاي، دەپ بىر سوتكا كۆز يۇممىغانىدى، شۇڭا ئىگەرگە بېشىنى قويۇپلا خورەككە چۈشتى. ئۇنىڭ خورىكى گۈلدۈرمامىدەك ئاۋاز چىقارغاچقا تاغ ئىچىدە ئەكس سادا بېرىپ، كەڭ يايلاقتا ياڭرىدى. بۇ ئاۋاز ئارغىبەتكە ئاڭلاندى. بىركەمدە بىر توپ ئاتلىق رېھىمشاھ مىڭىپ كەلگەن غىلتاڭ، ئىلان ئىزىدەك ئەگرى — بۈگرى يولدىن ئۆتۈپ قالدى. ئۇلار دىۋىدەك يوغان ئادەمنىڭ ئۇخلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. ئۇلار قورققان ھالدا مەسلىھەتلەشتى، ئۇلاردىن بىرى «ھەي، ئاۋۇ يەردە ئېتى ئوتلاپ يۈرىدۇ» دېۋىدى، ھەمراھلىرى ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە

قاراشتى ۋە گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. «ئامەت دېگەن شۇ» دەپ بىرەيلەن بېرىپ، چۇشەكنى يېشىپ، ئاتنى يېتىلەپ كەلدى. ئۇلار «يورۇقلار، كەتتۇق» دېيىشىپ ئۇدۇل يولغا راۋان بولۇشتى.

رېھىمشاھ ئايغىرنىڭ كىشنىشىدىن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئېتىغا قارىدى. باغلانغان يېرىدە يوق، ئۇ ئوڭ — سولغا قارىدى، ئىز دىدى، يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئەتراپنى تىنتتى، ئات ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق! ئۇ يولغا قارىدى، ئات تۇياقلىرىنىڭ ئىزى قالايمىقان تۇراتتى، ئۇ ئىز بويلاپ مېڭىۋەردى، ماڭا — ماڭا تاغ باغرىدىكى قارىغايلار ئىچىدە تۇرغان بىر ئۆيىر[1]يىلقىغا يولۇقتى. يىلقىنىڭ ئەتراپىدا بىر قارىگىر ئايغىر قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئۆزىگە قاراپ تۇراتتى. رېھىمشاھ بەلكىم مېنىڭ ئېتىم ئەشۇ ئۆيىرگە قوشۇلۇپ كەتكەن چېغى، دېگەن ئويدا ئۇ يەرگە قاراپ ماڭدى. ئايغىر تېپچەكلەپ كىشنەپ، ئالدىغا كەلسە چىشلەپ، كەينىگە ئۆتسە تېپىپ يېقىن يولاتمىدى. رېھىمشاھ نى — نى شاش ئاتلارنى كۆندۈرگەنىدى، شۇڭا ئۇ ئايغىرنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقمىدى. ئەمما، ئايغىر كىشنەۋەردى. رېھىمشاھ ئايغىرنى ئايلىنىپ ئۆيىرگە يېقىنلاشتى، شاش بايتاللار پاتىراقلاپ پەسكە قاچتى. ئايغىر ئۇلارنىڭ كەينىدىن چاپتى. رېھىمشاھ بىر — بىرلەپ قاراپ، ئۆيىرگە ئىچىدە ئۆز ئېتىنىڭ يوقلىقىنى بىلدى — دە، «ھىم، ئوغرى ئاپتۇ — دە» دەپ خورسىندى. ئۇ ئىگىرى بار قارىغاي ئاستىغا قايتىشىغا:

— ئاتلان، جىلقىغا ئوغرى تەگدى! — دېگەن چاقىرىق، كەينىدىن ئات دۈپۈرى ئاڭلاندى.

رېھىمشاھ كەينىگە قارىدى، ئۈچ ئاتلىق ئاتلىرىنى سالدۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. رېھىمشاھ ئۇلار يېقىنلاپ كېلىشىگە ئۆزىنى يولنىڭ چېتىگە ئېلىپ ئاران ئۈلگۈردى، ئەمما بوينىغا سالما چۈشۈپ قالدى. بۇنى كۈتمىگەن رېھىمشاھ ئوڭدىسىغا چۈشتى. ئاتقىنچە ئاتلىرىدىن

---

[1] ئۆيىر — توپ دېگەن سۆز.

سەكرەپ چۈشكەن ئىككى ئادەم رىھىمشاھقا ئېتىلدى. رىھىمشاھنىڭ بىر قولى بويىننى قىسىۋاتقان سالمىدا ئىدى، ئۇ قولىنى سالمىدىن ئاجراتتى. ئۆزىگە تاشلانغان ئادەمنى ئوڭدا ياتقان پېتى پاچىقىدىن تۇتۇپ ئىتتىرىۋەتتى، يەنە بىرىنىڭ مەيدىسىگە تېپىپ يۇمىلىتىۋەتتى. سالما تاشلىغىنى سالمىنىڭ ئۇچىنى ئىگەرنىڭ قېشىغا يۇگەپ باغلاپ، ئېتىغا قامچا ئۇردى. ئات يۇلقۇندى، رىھىمشاھنىڭ بوينى قىسىلدى، ئۇ گەپ قىلغۇسىز بوغۇلدى، شۇ هامان بايا رىھىمشاھ پاچىقىدىن تۇتۇپ ئىتتىرىۋەتكەن، مەيدىسىگە تېپىپ يۇمىلىتىۋەتكەن ئىككى كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ كېلىپ، رىھىمشاھنىڭ قولىنى ماتاپ باغلىدى، ئاتلىقلار رىھىمشاھنى هەيدەپ ئەكىلىپ، بىر قارىغاينىڭ غولىغا قىل ئارقان بىلەن ماتاپ باغلىۋەتتى.

2

رىھىمشاھنىڭ ئارقان ياتقان مۇسكۇللىرى ئاغرىدى، بارماقلىرى كۆيۈشتى، ئۇ ئويلايتتى: «بۇ نەنىڭ ئوغرىلىرىدۇر، ئېتىمنى ئوغرىلىغىنىنى ئاز، دەپ مېنى باغلاشقىنى نېمىسىدۇر؟» ئۇئويلا — ئويلا بايا ئۇلارنىڭ «ئوغرى جىلقىغا تەگدى» دېگەن سۆزى ئېسىگە كەلدى. «هە، ئەمدى بىلدىم، بۇلارنىڭ قىرغىز قالپاق، چەكمەن چاپان كىيگىنىگە ۋە تىلىغا قارىغاندا قىرغىز مالچىلار بولسا كېرەك. ئۇلار يىلقىسىغا يېقىنلاشقانلىقىمنى كۆرۈپ مېنى 〈ئوغرى〉 دەپ قاپتۇ — دە. ئەممازە، بۇ خەق مېنى چىرماپ باغلىۋېتىپ ئۆزلىرى نەگە يوقىلىشتى. . . قىزىق ئىش، قاراقولغا بارسام ئوغرى، دەپ گۇندىخانىغا تاشلاشتى. ئۇ يەردە قىسىلىپ بۇ كەڭ جاھانغا كەلسەم، يەنە ئوغرى دەپ باغلاپ قويۇشتى. بۇ يەرنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ، پۇقرالىرىمۇ مۇشۇنداق گۇمانخورمۇ؟» ئۇ ئويلا — ئويلا ئويىنىڭ ئاخىرىغا يېتەلمىدى، پىكىرلىرى بارغانسېرى چىگىشلەشتى. رىھىمشاھ بۇ ئەلگە يېڭى چىققاچقا بۇ ئەلدە ئوغرى —



www.uyghurkitap.com

يالغاننىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ پۇتلىرى كۆيۈشۈپ مىدىرلىدى، شۇ ھامان بېشى زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى، زىڭىلداش پەسىيىشىگە ئۇ كۆچەپ تولغاندى، يەنە تولغاندى، ئۇياق — بۇياققا تولغىنىشۋەردى، كۆچتۈڭگۈر پالۋاننىڭ غايەت زور كۆچىگە قىل ئارغامچا تۇرماق، تۆمۈر زەنجىرمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. قىل ئارغامچا ئاخىر «تارس — تارس» قىلىپ ئۈزۈلدى. ئۇ بوشىنىپ ئۇياق — بۇياققا ماڭدى. ئەتراپ قاپقاراڭغۇ، نە يىلقىچىلار، نە يىلقىلار يوق. جىمجىت، ئۇ بۇ كېچە نەگە بېرىشىنى بىلمەي قالدى. ئاخىر ئىگەر، كۆرپىلەرنى ئەكىلىپ، يىلقىچىلار ئۆزىنى باغلاپ قويغان قارىغاي ئاستىغا سالدى، كۆرپە ئۈستىگە چىقىپ، ئىگەرگە بېشىنى قويۇپ ياتتى.

ئاتلىقلار يەنە پەيدا بولدى. ئۇلار گۇلدۇرمامىدەك تۇيۇلغان خورەك ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قېلىشتى. دېمىسىمۇ رېھىمشاھنىڭ خورىگى قورقۇنچلۇق ئاڭلىناتتى.

— ۋايباي قۇدايىي، دېۋە كەلگەنمۇ، نېمە؟ — دېدى ئاتلىقلاردىن بىرى.

— ئۇخلاۋاتقان دېۋىمۇ، نېمە؟ — دېدى يەنە بىر ئاتلىق.

ئۇ سويلىسىنى ئېگىز كۆتۈرگەن پېتى رېھىمشاھنى باغلاپ قويغان قارىغاي تۈۋىگە باردى ۋە قورقۇش ئەجەبلىنىشكە ئالماشتى. بۇ گۇلدۇرماما ئاۋازى ئۆزلىرى تۇتۇۋالغان «ئوغرى» نىڭ خورەك ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ئۇ بىلدى. ئۇ يولداشلىرىنى يېنىغا چاقىردى. ھەممىسى كېلىپ، رېھىمشاھقا ھەيران بولغان ھالدا قاراپلا قېلىشتى. بىردىن ئېسىنى يىغىپ كەينىگە داجىشتى. ئۇلار قورقىنىدىن تىزلىرى تىترىمەكتە، ئېچىلىپ قالغان ئاغزىدىن شۆلگەيلىرى ئاقماقتا ئىدى. چۈنكى، ئۇلار رېھىمشاھنى باغلىغان قىل ئارغامچىلىرى پارچە — پارچە بولۇپ تۇراتتى. رېھىمشاھ بولسا، پۇت — قولىنى سوزۇپ، ئۆيدە ياتقاندەك ئوڭدىسىغا يېتىپ، بىخارامان ئۇخلاۋاتاتتى.

— ۋاي پىراي! — دەپ توۋلىۋەتتى ئاتلىقلاردىن بىرى.

— جىنمۇ، ئادەممۇ؟! — دەۋەتتى يەنە بىرى.

بۇ ئاۋازلاردىن رېھىمشاھ ئويغاندى. ئۇ ئولتۇردى، كىيىن بىرى ئاندىن سورىدى:

— ھە، نەگە يوقاپ كېتتىڭ، مېنى نېمىشكە باغلاشتىڭ؟

— سەن ئوغرى بولغاچقا باغلاپ قويغانمىز، ئارغامچىنى قانداقسىگە ئۈزدىڭ، سەن جىنمۇ، ئادەممۇ؟ — دەپ سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردى سويلىسنى تېخىچە كۆتۈرۈپ تۇرغان يىگىت.

— ئادەم بولماي، نېمە كۆرۈۋېدىڭ مېنى؟، خوش، نېمە قىلماقچىسىلەر؟ قىمىز، گۆش ئەكەلدىڭلارمۇ، بىر كۈن ھېچنىمە يېمىدىم.

— باي ئاغىمىز، سېنى ئاۋۇلغا چاقىرىۋاتىدۇ، گۆشنى ئۆيدە بەرسەن، — دېدى سويلا كۆتۈرگەن يىگىت.

— ئەمسە ئات ئەكەل!

ئات ئېلىپ ئېلىندى. رېھىمشاھ ئىگىرنى ئېلىپ، ئاتنى ئىگەرلىدى. يىلقىچىلار رېھىمشاھنىڭ دىۋىدەك يوغانلىقىغا قارىماي، ئاتقا يېنىك مىنگىنىنى، ئاتنىڭ بېلى ئىگىلىپ سەندىرەكلەپ كەتكىنىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قالدى. ئۇلار رېھىمشاھنى بىر نەچچە كىگىز ئۆي تىكىلگەن ئاۋۇلغا باشلاپ باردى. ئۆيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا سەككىز قىرلىق بىر چوڭ ئۆي تۇراتتى، سويلا كۆتۈرگەن يىگىت شۇ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. يىلقىچىلار ئاتلىرىدىن چۈشتى، ئاتلارنى موم ياغاچقا باغلىدى. ئىتلار ھاۋشۇپ، رېھىمشاھنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى. بىر چاغدا سەككىز قىرلىق ئۆيگە كىرىپ كەتكەن يىگىت يېنىپ چىقتى. ئۇ رېھىمشاھنى شۇ ئۆيگە باشلىدى، ئادەت بويىچە ئۇ ئۆيگە سالام بېرىپ كىردى.

ئۆينىڭ تۆرگە سېلىنغان ئېيىق تېرىسى ئۈستىدە سىم بۇرۇتلۇق، سېمىز بىر ئادەم تەكىيگە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ رېھىمشاھنى مېھمان سۈپىتىدە قارشى ئالدى:

— ۋەئالايكىن، كەل مېھمان، يۇقىرى ئۆت.

رىھىمشاھ ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۆزىنى سىپايە قارشى ئالغىنىغا ھەيران قالدى. ئۇ بايا بۇ ئۆيگە كىرىپ چىققان يىگىتنىڭ خوجايىنىغا رىھىمشاھنىڭ قىل ئارغامچىلارنى ئۈزگىنىنى، خورىكىنىڭ چوڭلۇقىنى دەپ بەرگىنىنى بىلمەيتتى.

— ھەي مىھمان، قەيەردىن كېلىپ، قەيەرگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سورىدى خوجايىن.

— ئېلىنىڭ شارغوجا دېگەن يېرىدىن كېلىپ، قاراقولدا مېھمان بولۇپ قايتىشىم.

— ئۇنداقتا، مېنىڭ يىلقامنى نېمىشكە ئوغرىلىدىڭ؟

— سەنلەر ساپلا «ئوغرى» دەپ ھاقارەتلەشنىلا بىلىشىدىكەندە سەن، ھەقىقىي ئوغرى سەنلەرنىڭ ئېلىڭدىكەن، يول سورىماي يولغا چىقىپ قېلىپ تېنەپ كەتتىم، ئۇخلاپ قالغىنىمدا ئېتىمنى ئوغرىلاپ كېتىشتى. ئاتنى ئىزدەپ يۈرسەم سېنىڭ ئادەملىرىڭ مېنى تۇتۇپ باغلاشتى.

باي ئۇنىڭ سۆزىگە بىر ئىشەندى، يەنە تۇرۇپ ئىشەنمىدى. شۇڭا ئۇنى سىناپ باقماقچى بولدى. ئۇ ئىشىك بوسۇغىسىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان مالىيىغا چىمچىلاق قولىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ بۇيرىدى.

— مۇشۇنداق چوڭلۇقتىكى تالدىن ئېلىپ كەل.

مالاي چىقىپ كېتىشكە زىلۋا بويلۇق، ئېگىز، ئاق سېرىق چىرايى گۈلدەك ئېچىلغان بىر چوكان كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىنچىكە بەللىرىنى يادەك ئېگىپ داستىخان سالدى. داستىخاندا كېسىلگەن كۆمبە نان بار ئىدى، ئۆيىنىڭ ئوڭ تەرەپ بوسۇغىسىدىن مەشكە قايماق ئېلىپ كېلىپ، باي بىلەن رىھىمشاھنىڭ ئالدىغا تىزدى. ئۇ بىر چىنە قايماقنى رىھىمشاھنىڭ ئالدىغا قويۇتۇپ، رىھىمشاھقا لاپپىدا بىر كۆز تاشلىدى. ئاددى چىت كۆينەك، پىنجەك، بېشىغا گۈل باسقان تاقىيە[1] كىيگەن قىز مىس ساماۋەر كۆتۈرۈپ كىردى. چوكان قىز

---

[1] تاقىيە — بىرخىل باش كىيىم، يەنى بۆك.

سۇنۇپ بەرگەن تۇز، سۇتلەرنى ئالدىغا قويدى. ئۇچىنىگە ئاۋال تۇز تاشلىدى، ئاندىن سۇت، چاي قۇيدى، تۆپىسىگە ساماۋەر شۇمىكىنى بۇراپ قايناقسۇ قۇيدى. سۇتلۇك چاينى بايغا سۇندى، باي چىنىنى رىھىمشاھقا سۇنۇپ:

— قىنى مېھمان، چاي ئىچكىن، — دەپ تەكلىپ قىلدى.

رىھىمشاھنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتسىمۇ ئەدەپ بىلەن داستىخانغا قول سالدى، چوكان ئۇنىڭغا پات — پات قاراپ قوياتتى، رىھىمشاھنىڭ چىنىسى بوشىغان هامان باينىڭ ئېلىپ بېرىشىنى كۇتمەي ئۆزى ئېلىپ چاي ئېتەتتى، ئۇ چاينى يەر ئاستىدىن قاراپ، مېيىقىدا كۈلگەن هالدا رىھىمشاھقا سۇناتتى. چوكان چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن داستىخاننى يىغدى. ئۇ رىھىمشاھنىڭ ئالدىدىكى قۇرۇقداالغان چىنىنى ئېلىۋېتىپ، رىھىمشاھقا چىرايلىق كۈلكە تەقدىم قىلدى.

— تالنى ئەكەل، — دەپ بۇيرىدى باي داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، باينىڭ خىزمەتچىلىرىدىن بىرى ئادەمنىڭ چىمچىلاق قولىدەك چوڭلۇقتىكى سۆگەت تېلىدىن ئوننى ئېلىپ كىرىپ بايغا بەردى.

— هەي مېھمان، بۇ تاللارنى مېنىڭ باتۇرلىرىم ئېگىدۇ، سەن ئېگەلەمسەن؟ — دېدى باي كۆرەڭلىك بىلەن.

— قېنى كۆرۈپ باقاي.

باينىڭ ئىككى يىلقىچىسى تاللارنى يا شەكلىدە ئەگدى، تال تېلى ئېگىلەتتى، سۇنمايتتى. باي:

— هەي مېھمان، ئەمدى سېنىڭ هۇنىرىڭنى كۆرمەكچىمەن، — دېدى.

باينىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىسى بىلەن قىلغان تەكلىپىگە رىھىمشاھ مېيىقىدا كۈلۈش بىلەن جاۋاب بەردى. ئۇ تاللارنى قولىغا ئالدى، بىر تالنى تولغاپ، ئۆزىنى باغلىغان قىل ئارغامچىدەك ئەشتى. ئون تالنى ئون ئاغامچا قىلىپ ئېشىپ باينىڭ ئالدىغا

تاشلدى — دە:

— قېنى باي، ئەمدى بۇ ئارغامچىلار بىلەن مېنى باغلا، — دېدى.

ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەيران بولغىنىدىن كۆزلىرى ئالا — چەكمەن بولۇپ كەتتى. بوسۇغا تەرەپتە يەكتىز ئولتۇرغان چوكان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، رېھىمشاھقا مېھرى بىلەن تىكىلىپ قالدى.

— ئېي توۋا يەي، ئىسمىڭىز نېمىكىن ؟ — دەپ باي ئەمدى سىزلەپ، سىپايىلىق بىلەن سورىدى.

— رېھىمشاھ!

— ھە! سىيىرنى كۆتۈرگەن، ئۇۋان باتۇرنى يەڭگەن پالۋان سىزمۇ؟! — باي شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، رېھىمشاھ بىلەن قايتا قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، — ئەپۇ قىلغايسىز، ماللىرىم سىزنى بىلمىگەچكە باغلاپتىكەن. سىزنىڭ باتۇرلىقىڭىزنى قاراقولدىن كەلگەنلەردىن ئاڭلىغانىدىم.

باي شۇنداق دەپ ئۆزرىخالىق ئېيتىپ، مالىيغا بۇيرىدى:

— بار، سېمىز تايدىن بىرنى ئەكەل.

— ھەي باي، بولدى رەھمەت، كەچ كىردى، ئاۋارە بولماڭ.

— يوق، يوق، سىز قۇتلۇق مېھمىنىم.

بىردەمدىلا ياشقا تولمىغان ئاق تاي بوسۇغىغا كەلتۈرۈلدى، رېھىمشاھ پاتىھە بېرىشكە مەجبۇر بولدى. قىرغىز خەلقى ئەڭ ئېزىز مېھمانلىرىنى تاي سويۇپ مېھمان قىلاتتى. تاي گۆشى يۇمران، تەملىك بولىدۇ، تاي گۆشى پىشقىچە قىمىز ئېچىشىپ، قىزغىن پاراڭلاشتى.

## 4

يېرىم كېچىلەردىن ئاشقاندا، رېھىمشاھنى ئالتە قىرلىق كىگىز ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا يېڭى يوتقان — كۆرپىلەر

سىلىنغانىدى. رەھىمشاھ يېشىنىپ يوتقانغا كىردى. ئۇ بۇنداق ئۇرۇن — كۆرپىدە يېتىپ باقمىغىلى خېلى كۈنلەر بولغانىدى. شۇڭا بېشىنى تەكىيىگە قويۇش بىلەن تەڭ ئۇخلاپ كەتتى. ئۇ شۇنچىلىك قاتتىق ئۇخلىدىكى، كىگىز ئۆينىڭ قوش ئىشىكى ئېچىلغىنىنى، بىر كىمنىڭ شەپە چىقارماي، پۇتىنىڭ ئۇچىنى بېسىپ مېڭىپ يېنىغا كەلگىنىنى تۇيمىدى. ھارارەتلىك يۇمشاق قولنىڭ سىلىشى، مامۇقتەك يۇمشاق بەدەننىڭ تېنىگە سۈركىلىشىدىن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى ھاۋانىخان قۇچاقلاپ سۆيۈۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلدى ۋە قىزغىن ئىشتىياق بىلەن ئۇنى قۇچاقلىدى، ھاسىرىغان، ئىڭىرىغان يۇمشاق ئاۋاز قۇلىقىغا كىردى، ئۇ ئەجەبسىنىپ، كۆزىنى ئاچتى، قارىدىكى، يېنىدا ياتقان ھاۋانىخان ئەمەس، بەلكى بىر يات ئايال ئىدى. ئۇ كۆزىنى چۆچەكتەك ئاچتى، قوينىدىكى ئايالنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇدا يۇلتۇزدەك يېنىپ تۇراتتى. ئۇ بۇ ئايالنىڭ بايا چاي سۇنۇۋېتىپ تاتلىق كۈلگەن چوكان ئىكەنلىكىنى بىلدى — دە، چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— مېنىڭدىن نېمانچىلا قورقۇپ كېتىسىز؟ مەن يا يەكچەشمە موماي بولمىسام، ياشلا تۇل قالغان چوكانمەن، — دەپ پىچىرلىدى ئايال.

رەھىمشاھ تېخىچە ئۇيقۇسىدىن سەگىمىگەن بولسا كېرەك، ئۇ «بۇ ھاۋانىخاننىڭ روھى بولۇپ قالمىسۇن يەنە، ئاخشام ئۇنى ئويلاپ يېتىۋېدىم» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ چوكانغا ئېڭىشىپ قارىدى، ئۇنىڭدا «ياق بۇ ھاۋانىخاننىڭ روھى ئەمەس، ئاخشامقى كېلىنچەك، بۇ بىچارە تۇل قالغان ئايال ئىكەن — دە،» دېگەن ئېچىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى، يالغۇز ئۆيدە، كېلىشكەن بىر ياش چوكان چۈشكىگە كىرسە ھەرقانداق ئەرمۇ ھەممىنى ئۇنتۇشى تەبىئىي. رەھىمشاھ بولسا، چوكانغا ئوتتەك قىزىپ تۇرسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ:

— باي نېمە دەيدۇ، ئىشىڭنى يەپ، تاۋىقىڭغا ئولتۇراي بولۇپ

قالامدۇ؟ ئۇيات ئىش قىلمايلى — دېيەلىدى.

— باي مېنىڭ ئۆگەي ئاكام، ئۇ نى — نى قىران يىگىتلەر ئەلچى كىرگۈزسىمۇ قالىڭ مالنى[1] ئېغىر سېلىپ بەرمىدى، مەن سىزنى بىرلا كۆرۈپ ياقتۇرۇپ قالدىم، ئۇ سىز سورىسىڭىز مېنى قالىڭ مالسىز بېرىدۇ، — دېدى چوكان يالۋۇرغان ئاھاڭدا.

رېھىمشاھمۇ بۇ چوكاننى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. چوكان يېنىدا ئولتۇرغان رېھىمشاھنى يېتىلى، دىگەندەك ئۇنىڭ قولىدىن تارتتى، رېھىمشاقتا يەنە ئىسسىق ئۆتۈشكەباشلىدى. ئۇ ئىختىيارسىز ياتتى، چوكان ئۇنىڭغا يەنە يېپىشتى، ناز — كەرەشمىلەر قىلدى، ئەركىلىدى. رېھىمشاھنىڭ ۋۇجۇدىغا ئىسسىق ئېقىم يۈگرىدى، ئۇنىڭ بۇ كەرەشمىلىرى ئۇنى ئېرىتىپ، تېنىنى لەرزان تەۋرەتتى، شۇ تاپتا ئۇ غەم — قايغۇنى ئۇنتۇدى، خۇددى ھاۋانىخان بىلەن تېپىشقاندەك، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى خۇشاللىق ئىگىلەپ، يېڭى بىر دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك بولدى...

رېھىمشاھ ئويغانغاندا، يېنىدا چوكان يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئورنىدا بىر ئۇزۇن لۆڭگە تۇراتتى، رېھىم شاھ ئورنىدىن تۇرۇپ، پەرۋاز قىلغان قۇشتەك يېنىك مېڭىپ، شارقىراتمىغا باردى. يۇيۇنۇپ چوكاننىڭ لۆڭگىسىدە بەدەنلىرىنى قىزارغىچە سۈرتتى. ئۇ سەككىز قىرلىق ئۆيگە كەلگەندە، باي ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلار ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشتى. چوكان رېھىمشاھقا قارىماسقا تىرىشىپ، ئاكىسىغا چاي سۇنۇپ ئولتۇردى، رېھىمشاھ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى پارلىداشنى بۈگۈن كۆرمىدى.

باي رېھىمشاھنى بىر ئاي مېھمان قىلدى. ئوغلاق تارتىشىش ئويۇشتۇردى، بەيگە ئۆتكۈزدى، قىزقوۋار قاتارلىق يايلاق ئويۇنلىرىنى ئويۇشتۇرۇپ بەردى. رېھىمشاھ بۇ ئويۇنلارنىڭ ھەممىسىگە قاتناشتى. ئوغلاق تارتىشىشتا ئوغلاقنى تارتىۋېلىپ، باينىڭ سەككىز

[1] قازاق، قىرغىز خەلقى قىزلارنىڭ تويلۇقىنى قالىڭ مال، دەيدۇ.

قىرلىق ئۆيىنىڭ چاڭغىرىقىدىن تاشلىدى. قىز قۇۋاردا چوكاندىن ئوبدانلا قامچا يېدى، لېكىن، بۇ قامچا ئۇ چوكان ھەر كېچىسى ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەندە چىمدىغاندەك خوش ياقتى. رېھىمشاھ كېتىمەن دەپ بىر نەچچە قېتىم جابدۇندى، ئەمما چوكاننى تاشلاپ كېتىشكە يۈرىكى چىدىمىدى. ئۇ چوكاننىڭ ئىسمى ئائىشە ئىدى. بىر كېچىسى ئۇ رېھىمشاھقا يىغلاپ تۇرۇپ:

— مېنى ئېلىپ كېتىڭ، يۇرتىڭىزغا قاچايلى، — دېدى.

رېھىمشاھنىڭ ئۇنى ئېلىپ قېچىشقا ۋىجدانى يول قويمىدى. رېھىمشاھ ئاخىر بايغا يۇرتىغا قايتىپ كېتىش تەلىپىنى قويدى.

— سىز، — دېدى باي، — ئاۋۇلۇمدا قالسىڭىز كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولاتتى.

— مەن قالالمايمەن، يۇرتۇمدا يېرىم، مېلىم، قورا — جاي، دوست — بۇرادەرلىرىم بار، ئۇلاردىن ئايرىلالمايمەن.

باي ئاخىر رېھىمشاھنىڭ كېتىشىگە قوشۇلدى ۋە ئېتى چىلڭ، ئۇستىخانلىق، ئېگىز بىر كۆچتۈڭگۈر ئاتنى يوللۇق تۇتتى. رېھىمشاھ ئاتقا ھەۋەس بىلەن مىندى — دە، خوشلىشىپ يولغا چىقتى، ئۇ ئۆزى يېتىپ ئۇخلىغان قارىغاي يېنىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى، ۋەدە بويىچە قارىغاي تۈۋىدە كۈتۈپ تۇرغان ئائىشە قوللىرىنى كېرىگىنىچە كېلىپ رېھىمشاھنى قۇچاقلىدى ۋە قۇلىقىغا «يولىڭىز خەيرلىك بولسۇن، مېنى ئېلىپ كېتىشنى ئۇنتۇماڭ. بىلىپقويۇڭ، مەندىن پەرزەنت كۆرىدىغاندەك تۇرىسىز.» دەپ پىچىرلىدى. .

5

رېھىمشاھ ياركەنتنى تونيالماي قالدى. چۈنكى، ياركەنت كۆپ ئۆزگىرىپ، رەسمىي شەھەر قىياپىتىگە كىرىپ قالغانىدى. ئۇ ياركەنتنىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتكەن چوڭ يول بىلەن مېڭىپ، چېلەك كوچىسىغا بۇرۇلدى، بۇ چاغدا، كۈن بىر غۇلاچ ئۆرلىگەن،

ئېتىمۇ، ئۆزىمۇ ھارغانىدى. چوڭ كوچا بولسۇن، چېلەك كوچىسى بولسۇن، ئىككى تەرىپىدە بۆك — باراقسان تېرەك كۆككە بوي سوزۇپ تۇراتتى. ھەر بىر ئۆي باغۋارانلىق ئىدى. ئۇ ئۆيلەرنى، قورۇلارنى بىر — بىرلەپ كۆزدىن كۆچۈرۈپ، ئاران دېگۈدەك سىڭلىسىنىڭ قورۇسىنى تاپتى، لېكىن كۆرۈپ تۇرغىنى، سىڭلىسىنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەلمەي دەرۋازا ئالدىدا ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. دەرۋازا ئوچۇق تۇراتتى، ئۇ سىنچىلاپ قاراپ، ئۆزى ياسىشىپ بەرگەن ئۈچ ئېغىز ئۆينى كۆردى ۋە ئاتتىن ئىشەنچىلىك چۈشتى. ئۇ سىڭلىسىنىڭ پەقەت ئۆيىنىلا سېلىشىپ بېرىشكە ئۈلگۈرگەنىدى. ئەمدىلىكتە بۇ قۇرو قۇرۇق تام بىلەن قورشالغان، تاختايدىن گۈل چىقىرىپ ياسالغانىدى. كوچا تەرەپكە تىكىلگەن كۆك تېرەكلەر بوي تارتىپ، كوچىغا گۈزەللىك بېغىشلىغانىدى. ئۇ ھاياجان ئىلكىدە دەرۋازىنى قاقتى. ھويلىدىن ئىتنىڭ ھاۋشىغىنى، «چاغۇي، جىم تۇر،» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ھايال ئۆتمەي دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكى ئېچىلدى، رېھىمشاھنىڭ ئالدىدا ئەمدىلەتىن بۇرۇتى خەت تارتقان ئايخانغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان يىگىت پەيدا بولدى، ئۇ يېتىرقىغان ھالدا رېھىمشاھقا باشتىن — ئاياغ قاراپ قويۇپ سالام بەردى ۋە سورىدى:

— سىزگە كىم كېرەككىن؟

— ھوي، تۇرغانمۇ سەن؟ چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ كېتىپسەنغۇ، ھە، تاغاڭنى تونۇمىدىڭمۇ؟ — دېدى رېھىمشاھ.

— سىز، سىز ئىلىدىكى رېھىمشاھ تاغاممۇ؟

— ھەئە، شۇنداق، ئاپاڭ، داداڭ تىنچمۇ؟ — رېھىمشاھ شۇنداق دەپ يىگىتنى قۇچاقلىدى.

يىگىت رېھىمشاھتىن ئاجراپ دەرۋازىنىڭ ئوڭ قانىتىنى ئاچتى:

— ئاپا، رېھىمشاھ تاغام كەلدى! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

ئۆيدىن يۇگۈرەپ دېگۈدەك ئايخان چىقتى، ئۇنىڭ بېشىدا ئاق ياغلىق بار ئىدى، ئاق ياغلىق ئاستىدىكى چاچلىرىمۇ ئاقىرىپ

قالغانىدى، ئۆزى جۇدەك كۆرۈندى. سىڭلىسىنى بۇ هالدا كۆرۈپ رېھىمشاھنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى. ئايخان ئاكىسى بىلەن بالا ۋاقتىدىكىدەك ئېسىلىپ تۇرۇپ كۆرۈشتى، ئۆكسۈپ — ئۆكسۈپ يىغلىدى. رېھىمشاھ سىڭلىسىنى پۇرىدى، بېشىنى سىلىدى. ئايخان ئۇنىڭدىن ئاجراپ:

— ۋاي دوستۇم، ياش كەتكەن دوستۇم! — دەپ هازا ئاچتى.

رېھىمشاھ شاكىرنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى بىلدى، ئايخاننىڭ هازىسىنى ئاڭلاپ، كىچىك ئوغلى، قىزى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىشتى، قوشنىلىرى كىرىشتى. «رېھىمشاھ بۆككى كەپتۇ» دېگەن خەۋەر بىردەمدىلا كوچىغا پۇر كەتتى، ئەرلەر ئاياللار رېھىمشاھتىن هال سوراپ كىرىشتى، ئوتتۇز ئوغۇل پاتقۇدەك قىلىپ سىيلىنغان تۆت ئېغىز ئۆي ئەر — ئايالغا تولدى. ئۇلار رېھىمشاھقا سوئال دېگەننى ياغدۇرۇۋەتتى، يۇرتنىڭ ئەھۋالى، ئۇرۇق — تۇغقانلىرى، ئەل — ئاغىنىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۈزۈلدۈرمەي سوراشتى. رېھىمشاھ جاۋاپ بېرىپ ئۈلگۈرەلمىدى.

ئاكىسىنى كۆرۈپ ئايخاننىڭ قايغۇسى شادلىققا ئايلاندى، ئاكىسىنىڭ ئالاھىدە يوقلاپ كەلگەنلىكىدىن ئۇنىڭ غەم — قايغۇلىرى قاياقىقىدۇر ئۇچۇپ كەتكەندەك بولدى، شاكىرنىڭ چوڭ ئوغلى تۇرغان تاغىسىنىڭ يوقلاپ كەلگەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ، بىر قوشقارنى ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا ئەكىلىپ:

— تاغا، پاتىھە بەرگىن، — دېدى.

— قوي بالام، سويما.

رېھىمشاھ شۇنداق دېۋېدى، سىڭلىسى رەنجىگەندەك ئېيتتى:

— ۋاي يەي ئاكا، نېمە دېگىنىڭ بۇ، جان بولسا جاهان، ئاش بولسا قازان، دېگىنە، هېلىغۇ بىر قويكەن، ساڭا تۆگە سويساقمۇ ئەرزىيدۇ.

رېھىمشاھ سىڭلىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ پاتىھە بەردى. قولۇم — قوشنىلار تاماقتىن كېيىن چىقىپ كېتىشتى. رېھىمشاھ

ئايخان، تۇرغان، تۇرغۇنلار بىلەن يېرىم كېچىگىچە مۇڭداشتى. ھاۋانىخان، رۇسۇلشاھلارنىڭ ۋاپاتى، يۇرت ئەھۋالىنىلى سۆزلەپ بەردى. يار كەنتىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپتى، ئۇلار ئەتىگەنلىكى ئۆپكە — ھېسىپ، كالا — پاقالچەك بىلەن ناشتا قىلىشتى، رېھىمشاھقا ئۆپكە — ھېسىپ تېتىغاندى. ئۇ سىڭلىسىنى:

— كىچىككىدىنلا ئۆپكە قۇيۇشقا ئۇستا ئىدىڭ، تازىمۇ ئوخشىتىپسەن، — دەپ ماختىدى ۋە ئۆپكە — ھېسىپنىڭ كۆپ قىسمىنى نان بىلەن قوشۇپ مەززە قىلىپ يېدى. تاماق دۇئاسىدىن كېيىن:

— شەھەرنى ئايلىنىپ كېلەي، تونۇش — بىلىشلەرگە ئۇرۇق — تۇغقان، ئەل — ئاغىينىلەرنىڭ سالىمىنى يەتكۈزەي، — دەپ ئۆيدىن چىقتى.

ئۇ شەھەرنىڭ تۇپتۇز چوڭ كوچىسىغا چىقتى، دەرەخ سايىلىرىدا بوۋايلار تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشاتتى، رېھىمشاھ ئۇلارغا سالام بەردى، بوۋايلار ئورۇنلىرىدىن ئىنجىقلاپ تۇرۇشۇپ:

— ئوھوي، بۆككىمۇ سەن، پاھ، كۈچۈڭگە تېخىمۇ تولۇپسەن جۇمۇ، كۆز تەگمىسۇن ساڭا، — دەپ كۆرۈشتى ۋە يۇرت، ئەل — ئاغىنىلىرىنى سوراشتى.

رېھىمشاھ ئۇلاردىن ئايرىلىپ، يەنە بىر كوچىغا كىردى، دوقمۇشتا بىر توپ ياشلار پاراڭلىشىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار رېھىمشاھقا مەنىستىمىگەندەك قاراشتى، ئۇلار خۇددى بايۋەچچىلەردەك گىدىيىپ تۇرۇشاتتى. رېھىمشاھنىڭ ئۇدۇلىدىن بىر تونۇش چىقىپ قالدى، ئۇ يىراقتىنلا:

— ئوھوي، رېھىمشاھ بۆككى كېلىپ قاپتۇغۇ، مانا قارا، — دەپ قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتى.

— رېھىمشاھ بۆككى! ھېلىقى موڭغۇل پالۋاننى يىقىتقان ئادەم مۇشۇ ئىكەن — دە! — دېدى قېتىۋالغان ياشلاردىن بىرى.

— ھوي، قالتىس بەستلىككەن جۇمۇ!

— يۇرۇتلار، سالام بېرىپ قويايلى.

ئۇلار رېھىمشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىشتى، بەزىلىرى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. رېھىمشاھ ھېلىقى تونۇشى بىلەن مېڭىۋەردى، ياشلار ئەگەشتى. رېھىمشاھ ۋېلىباي ياساتقان مەدرىسىنى زىيارەت قىلىشنى شارغۇجىدىلا كۆڭلىگە پۈككەنىدى، بۇ مەدرىسنى غۇلجا شەھرىدىكى تۇنگان مەسچىتى، نۇر ئاقساقال مەسچىتى ۋە مەدرىسنى سالغان خەنزۇ ئۇستا سالغانىدى، رېھىمشاھ ياركەنتتىكى مەسچىتنىمۇ بىرمۇ مىخ ئىشلەتمەي، ياغاچ، پىشاك بىلەنلا ياسىغان دەپ ئاڭلاپ ئۇنى كۆرۈشكە قىزىققانىدى، مەدرىس يىراقتىنلا كۆزگە تاشلاندى. ئېگىز، كۆركەم قىلىپ سېلىنغان مەدرىس دەرۋازىسى ئالدىغا نۇرغۇن ئادەم توپلىنىپ تۇراتتى. بۇ خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر بىناكارلىقى شەكلىدە ياسالغان مەدرىسنىڭ قىڭغىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن رېھىمشاھ ئەجەبلەندى. رېھىمشاھنىڭ بۇ ئادەملەر توپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا گىدىيىپ تۇرغان ئادەمگە كۆزى چۈشۈپ، تونىدى، بۇ چار پادىشاھ گېنېرال ئۇنۋانى بەرگەن، ئۇيغۇرلار «يېرىم پادىشاھ» دەپ ئاتىۋالغان ۋېلىباي يولداشوپ ئىدى. ۋېلىباي بوم ساقاللىق، قويۇق بۇرۇتلۇق، يوغان — يورپا، ئۇستىخىنىغا لايىق قورساق سالغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئۇستىگە ئاق سېرىق شايىدىن كۆينەك — تامبال، ئاق يەكتەك كىيگەن ھالدا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ يېنىدا ئېگىز بويلۇق، ئورۇق، كەكە ساقال، ئاق سېرىق، بېشىغا سېرىق سەللە يۆگىگەن، تۆمۈرەڭ پېرىجە كىيگەن ئادەم تۇراتتى، رېھىمشاھ يېقىن بېرىپ ئۇ ئادەمنىڭ ئابدۇلمۆھسىن خەلپە ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ھاسانشاھ ئابدۇلمۆھسىن خەلپەمنىڭ دادىسى ئابدۇللىتىپ خەلپەمنىڭ قوشۇنىدا يۈز بېشى بولۇپ تۇرغاچقا رېھىمشاھ بۇ زاتنى ئوبدان بىلەتتى. ۋېلىباي سۆزلەۋاتاتتى:

— جامائەت، مەدرىسىمىز ياسالغىنىغا ئون يىل بولمايلا نە ئۈچۈندۇر قىڭغىيىپ قالدى. بۇنى قايتا بۇزۇپ ياساشقا ئۇستا لازىم بولۇپ تۇر، مەدرىسنى ياسىغان ئۇستا ئۆلۈپتۇ، مەدرىسنى

ياسىيالىغۇدەك ئۇستا تېپىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

جامائەت غۇلغۇلا قىلىشتى، بۇ غۇلغۇلىنى مەسچىت ئىچىدىن چىققان مەزىن ئاۋازى باستى:

— خەلىپەم، ئوتتۇرىدىكى تۇۋرۇك قىڭغىيىپ قاپتۇ، مەسچىت ئۆرۈلۈپ كېتەرمىكىن.

ھەممەيلەن مەسچىتكە كىردى، ئالتە بەستلىك يىگىت ئىتتىك بېرىپ تۇۋرۇكنى تۇتتى، كۈچەپ تۈزلەشكە ئۇرۇندى، تۇۋرۇك مىدىرلىمىدى. رېھىمشاھ قىڭغايغان تۇۋرۇك ۋە ئۇ كۆتۈرۈپ تۇرغان تۆت چاسا لىملارنىڭ ھەر خىل ئويما، قاپارتما، سىزما نەقىشلەر بىلەن بېزەلگىنىنى كۆردى، بۇ نەقىشلەر ئۆزىگە خاس يارىشىملىق سىرلار بىلەن سىرلانغانىدى. ئالتە يىگىت خېلى كۈچەپ باقتى، تۇۋرۇك تۈزلەنمىدى. رېھىمشاھ كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۆتتى — دە، يىگىتلەرگە:

— ماڭا قويۇپ بېرىڭلار، سىلەر بىر چەتكە ئۆتۈڭلار، — دېدى.

— ھوي، رېھىمشاھ بۆككى كېلىپ قاپتۇغۇ، — دېدى خەلىپە.

— ۋاھ، ياش كەلسە ئىشقا دېگەندەك، رېھىمشاھنىڭ ئۇلگۇرۇپ كەلگەنلىكىنى قارىمامدىغان، — دېدى ۋېلىباي.

رېھىمشاھ ئۇلارغا ئوڭ ئالىقىنىنى سول كۆكسىگە قويۇپ سالام بەردى — دە، تۇۋرۇكنى قۇچاقلىدى، لېكىن قۇچىقى يەتمىدى. ئۇ كۈچىنى يىغىپ تۇرۇپ «يا پىر كامىللا» دەپ تۇۋرۇكنى كۆتۈردى. «غاراس» قىلغان ئاۋازدىن ھەممەيلەن چۆچۈپ كەتتى، بىر مۇنچەيلەن ئىشىككە ئۆزىنى ئاتتى. «غۇرۇس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ تۇۋرۇك تۈزلەندى.

جامائەت ھەيرەتتە قالغانىدى، پەقەت رېھىمشاھنىڭ كۈچتۈڭگۈرلىكىنى بىلىدىغان ۋېلىباي بىلەن ئابدۇلمۆھسىن خەلپەملا ئەجەبلەنمىدى، ئۇلار رېھىمشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ ھال سورىدى. ۋېلىباي خەلىپەم بىلەن رېھىمشاھنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى.

## 6

داستىخانغا ئاۋۋال خۇنچە تەخسە، پىيالە، كۇمۇچ قوشۇقلار تىزىلدى، ئاندىن چىنىنە تەشتەكتە بىر نارىن كەلتۇرۇلدى. رىھىمشاھنىڭ چىنە تەشتەكنىڭ چۆرىسىدىكى، يانلىرىدىكى ئەتىر، قىزىلگۇللەر رەسىمىگە قاراپ كەتكىنىنى كۆرگەن ۋىلىباي چۈشەندۈرۈپ قويماق بولدى:

— بۇ تەشتەككە قىزىقىپ قالدىڭمۇ، نېمە؟ بۇ قېلىن، سىلىق، سىپتا ياسالغانىكەن ھەم بەكمۇ مىقتا ئىكەن. بۇنى قۇدام ئابدۇلمۆھسىن خەلىپەم قىزىنى ئوغلۇمغا ياتلىق قىلغاندا، سالامغا قويۇپ بەرگەندى.

— بۇ تەشتەك ياسالغىنىغا قانچە زامان بولغاندۇ؟ — دەپ سورىدى. رىھىمشاھ تەخسىگە نارىن ئېلىۋېتىپ:

— نەچچە يىل بولغىنىنى بىلمەيمەن، بۇ تەشتەك موماملنىڭ تەۋەررۇكى، مومامغا ئاپىسى سالام چايدا بەرگەنىكەن، — دەپ ئابدۇلمۆھسىن خەلىپەم چۈشەندۈردى.

ھەممەيلەن خۇنچىلىرىغا سېلىنغان نارىندىن يېيىشكە باشلىدى. رىھىمشاھ نارىننى ئىشتەي بىلەن يېمەكتە، ئەمما كۆزى يەنىلا تەشتەكتە ئىدى. ۋىلىباي تەكلىپ قىلدى:

— قېنى مېھمانلار، چوڭ — چوڭ ئالىلى، رىھىمشاھ، ئىشتىيىڭ تاتماۋاتامدۇ، نېمە؟ قېنى ئالغىن.

ئۇلار پاراڭ بىلەن تاماقنى يەپ بولدى. قولغا سۇ ئېلىنىۋاتقاندا، مەزىناخۇنۇم كىرىپ كەلدى، ئۇ:

— بىر يىگىت مەدرىسنى تۇزەيمەن، دەيدۇ، — دېدى.

— ھە، بىر يىگىت؟ بۇزۇپ قايتا ياستىمەن، دەۋاتسام، قانداق بولار؟ — دەپ ئويلىنىپ قالدى ۋىلىباي.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— قانداق يىگىتتۇر، ياش يىگىتنىڭ مەسچىتنى تۇزەيمەن، دېيىشىدە بىرگەپ بارمۇ، قانداق؟ — دېدى خەلىپەممۇ.

— قېنى، مەزىناخۇنۇم، ئۇ يىگىتنى باشلاپ كىرىڭ، سۆزلەشمەك كېرەك، — دېدى ۋېلىباي.

مەزىناخۇنۇم چىقىپ كەتتى، كۆپ ئۆتمەيلا يىگىرمە يەتتە ياشلار چامىسىدىكى تۈگگان قاپاق، ئوتتۇرا بويلۇق بىر يىگىتنى باشلاپ كىردى.

— مەدرىسنى تۇزەيمەن، دېگەن يىگىت مۇشۇ.

— كەل، ئولتا، مەدرىسنى بۇزۇپ تۇزەمسەن، بۇزماي تۇزەمسەن؟ — دەپ سورىدى ۋېلىباي.

— مەن دېگەن پۇلنى بەرسىلە بۇزماي تۇزەيمەن.

— قانچە پۇل بەرسەم بولىدۇ؟

— مەدرىسنى سالغۇچىغا بەرگەن پۇلنىڭ ئىككى ھەسسىسىنى.

ۋېلىباي چۆچۈپ كەتتى. ئابدۇلمۆھسىن خەلىپەممۇ «ياپىرىم، ماۋۇ نائىنساپنى!» دەۋەتتى. ۋېلىباي سورىدى:

— قانچە ۋاقىتتا تۇزەيسەن؟

— كۆپ ۋاقىت كەتمەيدۇ.

— ھوي، ساراڭمۇ سەن؟

— ئۇلۇغلارنى كولدۇرلىتىۋېتىمەن، دېمە جۇمۇ، — دەپ رېھىمشاھمۇ ئاچچىقى بىلەن گۇركىرىدى.

— ئەزىبىرايى خۇدا، راست گەپ قىلىۋاتىمەن، مەگەر ئىشەنمىسەڭلار شەرتىمگە كۆنۈڭلار، تۇزىسەم پۇلنى نەق بېرىسىلەر، تۇزەلمىسەم ئاتامىسىلەر، چاپامىسىلەر، سىلەرنىڭ ئىختىيارىڭلار.

— ئىسمىڭ نېمە، قايسى مەھەللىلىكسەن؟ — دەپ سورىدى رېھىمشاھ.

— ئىسمىم ئىسلامجان، ئاقكەنتلىكمەن، ئۈچ بالام بار.

— تۇزەش ھەققى بەك يۇقىرىغۇ. سېنىڭ سورىغىنىڭنىڭ يېرىمنى بەرسەممۇ بولار، — دېدى ۋېلىباي.

www.uyghurkitap.com

— سىنتا كەم بەرسلە قىلمايمەن!

— ۋاھ، قارىغۇنى يادا قىستىغاندەك گەپ قىلدىڭغۇ؟

— ماڭا قارا يىگىت، — دېدى ئابدۇلمۆھسىن خەلپەم يىگىتكە، — سەن ھويلىدا بىردەم ئولتۇرۇپ تۇر، بىز مەسلىھەتلىشۋالايلى.

مەزىناخۇنۇم يىگىتنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. رېھىمشاھ ئىلتىجا قىلدى:

— ھۆرمەتكە سازاۋەر باي ئاكا، مەدرىسنى بۇزۇپ قايتا ياسىغاندىن بۇزماي تۇرۇپ تۇزىگەن ئەۋزەلدەك تۇرىدۇ. بۇزغاندا ئالىمادىس ھادىسە يۈز بېرىپ، ئىشلەمچىلەر ئۆلەپ — تارتىپ قالسا بولماسمىكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇزۇشقىمۇ خېلى پۇل كېتىدۇ. مەگەر بۇ مەدرىسنى ياسىغان ئۇستا بولسا ئىدى، ياخشى بولار ئىدى. بۇزۇپ ياسىغاندىن تۇزىسە ئاقچىمۇ ئاز كېتىدۇ.

— بۆككىنىڭ مەسلەھەتى توغرىدەك قىلىدۇ، — دېدى ئابدۇلمۆھسىن خەلپەم قولىنى لۆڭگىدە ئېرتۇۋېتىپ، — سىلى مۇشۇ مەدرىسنى سالدىلا، سۇلتان ئۇۋەيس مازىرىنى قايتا ياساتتىلا، ياركەنت شەھرىنى قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلدىلا، يېتىم — يېسىر، كەمبەغەللەرگە يار — يۆلەك بولدىلا. بۇ ساخاۋەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن، ئاللاتائالا بىرگە ئوننى بەردى. ئىنشائاللا يەنە بېرىدۇ.

خەلپەمنىڭ ئېيىتقانلىرى راست ئىدى. بۇ ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلغان ۋېلىباينىڭ سودىسى كېڭىيىپ، ناھايىتى كۆپ پايدا ئالدى. پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي ئاسىيا، ھەتتا ياۋروپاغىچە سودىسى كېڭەيدى. چارپادىشاھ ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ، بىر نەچچە مېداللارنى كەينى — كەينىدىن بەردى. رېھىمشاھ ئۆزىنى ئىسلامجان دەپ تونۇشتۇرغان يىگىتنىڭ قىڭغىيىپ قالغان مەسچىتنى تۈزەيمەن، دېگىنىنى ئويلاپ، «ھەي، بۇنىڭدا بىر سىر باردەك قىلىدۇ. بەلكىم ھۇنەرۋەننىڭ ھىلىسىمىكىن» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ۋېلىبايمۇ «مەيلى ئەمەسمۇ، تۈزەلمىسە، كۆتىسىگە تېپىپ

ھەيدىۋېتەرمىز، تۇزەپ قالسا، گۇل ئۇستىگە گۇل بولار» دېگەننى كۆڭلىدىن كۆچۈردى ۋە يىگىتنى چاقىرتتى، ۋېلىباي ئادىتى بويىچە سودىلاشتى:

— سورىغىنىڭنىڭ يېرىمىنى بېرىدىغانغا كېلىشتۇق.

— بولمايدۇ، يەنە كېلىپ مەن قەغەز پۇل ئەمەس، تىللا ئالىمەن، — دېدى ئىسلامجان قەتئىي ئاۋازدا.

— پاھ، نەپسىڭ بەك يوغانغۇ!

— نەپسىم يوغان ئەمەس، ھۈنىرىم يوغان.

بۇ چوڭ گەپ رېھىمشاھنىڭ گۇمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى، ئۇ سىنچى كۆزلىرى بىلەن يىگىتكە قارىدى، ھېچقانداق بىر ئالاھىدىلىك تاپالمىدى. بۇ بىزنى كولدۇرلىتىۋاتمايدىغاندۇ؟ دېگەن پىكىرگىمۇ كەلدى. ۋېلىباي يەنىلا بايىقى قاراشتا بولغاچ بۇ تېپىشماقلىق ئىشقا قىزىقىپ قالغانىدى. ئۇ رازىلىق بەردى:

— بوپتۇ، ھۈنىرىڭ چوڭ بولسا كۆرسەت.

— خاپا بولۇشمايدىلا، توختاملىق ئىش بۇزۇلماستۇر. خەلپىكام بىر توختامنامە يېزىپ، مۆھۈرنى باسقاي، باي داداممۇ مۆھۈرنى باسقاي، — دېدى ئىسلامجان.

«ھىم — ھە، ئىش چىڭغا چىقتى، يىگىت سارالڭ ئەمەستەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا يا بىر خىسلەت بار، يا بىر سىر» دەپ ئويلىدى رېھىمشاھ. ۋېلىبايمۇ ئەمدى جىددىيلىشىپ قالدى، مەدرىسنى سالغانغا كەتكەن پۇل ئاز پۇل ئەمەس ئىدى. باينىڭ ئىككىلىنىپ قالغىنىنى سەزگەن خەلپەم:

— ئەي قۇدا، سىلى ھېساب — كىتاب بىلەن قىرىغان. يەنە بىر ھېسابلاپ باقسىلا بولۇرمىكىن، — دەپ تەكلىپ بەردى ۋە مەزىنگە قاراپ ئېيتتى، — بۇ يىگىت باغدا مېۋە يەپ تۇرغاي، —مەزىناخۇنۇم ئىسلامجاننى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ۋېلىبايغا قاراپ ئېيتتى، — مەدرىسنى بۇزۇش بايا بۆككى ئېيتقاندەك خەتەرلىك ھەم بۇزۇشقىمۇ خېلى كۆپ خىراج كېتىدۇ. يامان يېرى،

بۇ مەدرىستەك مەدرىسىنىڭ بىنا بولۇشى نامەلۇمدۇر، قالغىنىنى ئۆزلىرى ئويلاپ باقادىلا.

ۋېلىباي ئىچىدە ھېسابلاۋاتسا كېرەك، خېلىغىچە ئۆتمىشىدىكى باشقىلارمۇ ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى. بىر كەمدە ۋېلىباي بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئىشىككە قاراپ چاقىردى:

— ھاي، كىم بار؟

— لەببەي باي دادا، — دەپ بىر يىگىت ئىشىكتىن كىردى.

— خەلىپەمگە دۇگەت، قەلەم، قەغەز ئېلىپ كىر، مەزىناخۇنۇملارنىمۇ چاقىر ۋەت.

يىگىت كۆتكۆزمەيلا، دۇگەت، قەلەم قەغەز ئېلىپ كىرىپ، خەلىپەمنىڭ ئالدىدىكى جوزىغا قويدى، مەزىناخۇنۇممۇ ئىسلامجاننى باشلاپ كىردى. ئابدۇلمۆھسىن خەلىپەم قەلەمنى دۇگەتكە پاتۇرۇپ، ۋېلىبايغا قارىدى. ۋېلىباي:

— ئۆزلىرى يازىۋەرسىلە، مۇنداق توختامدىن كۆرمىگىنىنى يازغانلىدىغۇ، — دېدى.

خەلىپەم تىلخەتنى دانىمۇ — دانە قىلىپ، ھۆسنىخەت بىلەن يېزىشقا باشلىدى، ئاندىن ئۇنلۇك ئوقۇپ بەردى. تىلخەت ئىسلامجاننىڭ تەلىپىگە لايىق يېزىلغانىدى. ۋېلىباي مۆھىرىنى باستى، خەلىپەممۇ قاشتېشىدىن ياسالغان مۆھىرىنى باستى، ئۇستامدا مۆھۈر بولمىغاچ بارمىقىنى سىياغا چىلاپ باستى.

توختامنى قولىغا ئالغان يىگىت ئورنىدىن تۇردى. ئۇ مەدرىسنى ئەتىسى تۈزەيدىغىنىنى، مەدرىسكە ھېچكىم كىرمەسلىكىنى تەلەپ قىلدى. بۇ گەپ رىھىمشاھىنىڭ گۇمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئۇ سورىماي تۇرالمىدى:

— نە ئۈچۈنكىم، ئادەملەرنىڭ مەدرىسكە كىرىشىنى مەنئىي قىلىسەن؟

— مەدرىس ئۆرۈلۈپ كەتسە ئۆلۈم ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. ئەگەر مەدرىس ئىچىگە كىرگەن ياكى ئەتراپىدا تۇرغانلار ئۆلۈپ تارتىپ

قالسا، مەن خۇن تۆلىمەيمەن، — دېدى ئۇستام.

7

ئەتىسى رېھىمشاھ بامدات نامىزىدىن كېيىنلا مەدرىسكە باردى. ئۇ كۈن چىققۇچە كۈتتى. ئۇستىچاق يىگىت يوق ئىدى. كۈن بىر ئاغامچا ئۆرلىگەندە، ئىسلامجان بىر خۇرجۇننى مۈرىسىگە ئارتىپ كەلدى. رېھىمشاھ دەرەخ كەينىگە مۆكۈندى. ئىسلامجان مەدرىس ئەتراپىنى ئايلىنىپ قارىدى، ھېچكىم يوقلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىنلا، مەدرىسكە كىردى، دەرۋازىنى ئىچىدىن ئىلدى، ئاندىن مەدرىسنىڭ ئىچىگە كىردى. رېھىمشاھمۇ بىلىندۈرمەي، مەدرىسنىڭ ئارقا تېمىدىن ئاتلاپ كىرىپ، پەنجىر تۈۋىگە باردى. ئۇ ئۇستامنىڭ خۇرجۇننى قويۇپ، ئىچىدىن تۆت پىشاك، بىر بولقىنى ئېلىپ يەرگە قويغىنىنى كۆردى ۋە ئۇستامنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى. ئۇستام مەسچىتنىڭ تورۇسلىرىغا سىنچىلاپ قارىدى، ھەربىر تورۇكنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇستىــــگە ئۇزاق قارىدى. ئۇ رېھىمشاھ تىكلەپ قويغان تۇۋرۇكنىڭ تۈۋىگە بېرىپ قايتا — قايتا قاراپ كەتتى، ئاندىن «دادام ئېيتقان تۆت تۆرۈكنىڭ بىرىنى تاپتىم» دەپ ئىككى سەكرەپلا پىشاكلار قويۇلغان يەردىن بىر پىشاكنىــــى ئەكىلىپ قويدى، ئاندىن يەنە باشقا تورۇكلەرگە قاراشقا باشلىدى. ئۇ يەنە كوتۇلداشقا باشلىدى: «ۋاھ، تاپالمايۋاتىمەن، دادام رەمەتلىك تۆت تۇۋرۇك بېشىغا ﻟ ھەرپىنى ئويۇپ قويدۇم دەۋاتاتتى، ئەشۇ تۆت تۇۋرۇك . . .» ئۇنىڭ بىردىن ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. يۈگۈرۈپ بېرىپ يەنە بىر پىشاكنى ئەكىلىپ قويدى، ئاندىن ئۇ يەنە ئىزدەشكە باشلىدى. ۋاقىت ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. چۈشكە يېقىن ئۇ يەنە بىر تۇرۋۇكنى تاپتى، ئاندىن ھويلىغا چىقىپ كەتتى. رېھىمشاھ «ئۇ ھاجەتكە چىقىپ كەتتى بولغاي» دەپ ساقلىدى، ساقلىدى، ئۇ كىرمىدى. رېھىمشاھنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتتــــى. ئۇ تامدىن

www.uyghurkitap.com

ئارتىلىپ چۈشتى — دە، ئايخانىنىڭ ئۆيىگە كەتتى. ئۇ قورسىقىنى تولاپ مەدرىسكە قايتىپ كەلدى ۋە يەنە تامدىن ئارتىلىپ چۈشتى. پەنجىرىدىن مارىلىدى. كۆردىكى، ئۇستام بولقىنىنى بىلىپ قىستۇرۇۋاتاتتى. ئۇ يەنە بىر پىشاڭنىمۇ بىلىگە قىستۇردى. ئاندىن ئىككى ئالىقىنىغا تۈكۈرۈپ، تۆۋرۈككە يامىشىپ چىقتى، ئۇ لىم بىلەن پىشاڭ ئارىلىقىغا پىشاڭنى قاقتى. ئۇ لىمدىن سىيرىلىپ چۈشتى، بىردەم ئولتۇردى. ئاندىن يەنە بىر پىشاڭنى ئالدى. رىھىمشاھ ئۇنىڭ ھەرىكىتىنىڭ تولىمۇ سۇسلىقىنى كۆردى. ئۇ بولقىنىمۇ ئالدىرىماي بىلىگە قىستۇرۇپ، بايا پىشاڭ قاققان تۆۋرۈكنىڭ قارشىسىدىكى، مەسچىتنىڭ چېتىدىكى تۆۋرۈككە ياماشتى. ئۇ تۆتىنچى تۆرۋۈككە پىشاڭ قىقىۋېدى، رىھىمشاھ ياقىسىنى تۇتۇپ «ياپىر كامىللا، مانا ھۈنەر دېگەن!» دېدى ئۆز ئۆزىگە، ئۇنى ھەيران قالدۇرغىنى غاراس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ مەدرىس ئەسلىگە كەلگەندى!

رىھىمشاھ ھەم ھەيران، ھەم خوشال بولغان ھالدا ۋېلىباينىڭ ھويلىسى تەرەپكە يۈگۈردى. بىراق ئۇنى ۋېلىباي چاقىردى:

— ھاي رىھىمشاھ نەگە ئالدىراۋاتىسەن؟

— سىلىگە، خەلىپەمگە خۇشخەۋەر يەتكۈزگىلى!

— ھە، مەدرىسنى ھېلىقى يىگىت تۈزەپ بولدىما؟

— ھەئە، مەن كۆرۈپ تۇردۇم.

— ئۇ قانداقىسىگە مۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تۈزەپ بولغاندۇ؟

— ئۇ سىلىگە «ھۈنىرىم چوڭ» دېگەنتىغۇ، ھە، شۇ ھۈنەرنىڭ خاسىيىتى بىلەن تۈزىدى، مەن پەنجىرىدىن قاراپ تۇردۇم.

— ئۇنىڭ ھۈنىرى قانداقكەن؟

رىھىمشاھ دەيمۇ، دېمەيمۇ، دەپ ئويلىنىپ قالدى. ئىسلامجاننىڭ سىرىنى دەپ سالسا، يېرىم پادىشاھ دەپ ئاتالغان بۇ باي قانۇنى يول بىلەن داۋادا ئۇتۇپ، ئىسلامجانغا تىللا تۇگۇل، پۇل — پۇچەكمۇ بەرمەسلىكى تۇرغان گەپ ئىدى، شۇنداق بولۇپ

قالسا، ئىسلامجانغا ئۇۋال بولاتتى. ئۇ ئاخىر «باي ئورۇسلار بىلەن سودا قىلىپ، مۇنداق پۇلدىن نەچچە ھەسسە تاپالايدۇ، ئەۋۇ كەمبەغەل ئۇستىچۇ؟» دېگەن ئويغا كەلدى، ئەمدى بايغا نېمە دېيىش كېرەك، بىرەر جاۋاب بېرىشى كېرەك — دە، ۋېلىبايىنىڭ كۆزلىرىنى ئۆزىگە مىقتەك قاداپ تۇرغىنىنى كۆردى ۋە مۇجمەل جاۋاب بەردى:

— باي ئاكا، مەن ئۇنىڭغا قايىل ھەم مايىل بولدۇم، مەدرىسىنىڭ تۆت تۇۋرۇكى بوشاپ قالغانىكەن، تۆت تۇۋرۇككە تۆت پىشاڭ ئورنىتىپدى، مەدرىس ئەسلىگە كەلدى.

— پاھ، ماۋۇ ھۇنەرنىڭ قالتىسلىقىغا قاراڭ! — دېدى ۋېلىباي.

ئۇلار مەدرىسكە باردى. ۋېلىباي كۆردىكى، مەدرىس ئەسلى ھالىتىگە كەلگەنىدى. ئۇ ھەم خوش بولدى، ھەم ئەجەبلەندى. يالغۇز ۋېلىبايلا ئەمەس، پۈتكۈل ياركەنت خەلقى خوش بولغىنىنى توپلانغان ئادەملەرنىڭ كۆپلىكىدىن بىلگەن رېھىمشاھ بۇ سىرنىڭ ئاخىرىغا يەتمەك بولدى.

ۋېلىباي رېھىمشاھ بەرگەن مەلۇمات توغرىمۇ، يوق، دەپ ياركەنتتىكى بارلىق تامچى، ياغاچچى، ھەتتا روس بىناكارلىق ئىنژېنېرلىرىنى چاقىرىپ ردى، ئۇلارغا ئەھۋالنى چۈشەندۈردى، رېھىمشاھ دەپ بەرگەن ئەھۋالنى دېدى. ئاخىرىدا ئۇلارنى مەدرىسكە باشلاپ باردى. ئۇلار مەدرىس ئىچىنى تەكشۈردى، رېھىمشاھ ئۇلارغا پىشاڭ ئورۇلغان تۇۋرۇكلەرنى كۆرسىتىپ بەردى، ئۇلار مەسچىتنىڭ ھەممە يېرىنى تەكشۈردى، قۇسۇر تاپالمىدى. روس ئىنژېنېرلىرى مۇرىسىنى چىقاردى. مەدرىسنى تۈزەشنىڭ سىرىنى ھېچ بىلىشەلمىدى. خەلق، يەنە كېلىپ، نامازخانلارلا ئەمەس، رېھىمشاھقا مەنىستىمەسلىك بىلەن قارىغان يىگىتلەردىن تارتىپ، پۈتكۈل ياركەنت ئەھلى مەدرىس كوچىسىغا توپلانغانىدى. قېرىلار:

— توۋا خۇدايىم، بۇ يىگىتتە بىر خىسلەت بار ئوخشايدۇ، ھەر ھالدا مەدرىسىمىزنىڭ ئەسلىگە كەلگىنىگە شۈكرى، — دېيىشتى.

بەزىلەر:

— ھەي، يېرىم كۆندە قىڭغايغان مەدرىسىنى تۈزەش قولاق ئاڭلىمىغان، كۆز كۆرمىگەن ئىشقۇ! — دېيىشتى.

ھاسىل كالام، ۋىلىباي نامىغا لايىق مەردلىك قىلدى، تۆلەيدىغان تىللاسى خېلى كۆپ بولسىمۇ ئۇستامنى ئۆيگە چاقىردى، يۇرت چوڭلىرىنى چاقىرىپ كاتتا زىياپەت بەردى، زىياپەت ئاخىرىدا بىر خۇرۇم چەندازىنى ئۇستامغا تۇتتى:

— خالىساڭ سانىۋال، دېگىنىڭ، يەنى توختام بويىچە تىللا بەردىم، — دېدى ئۇ.

رېھىمشاھ ئۇستامدىن ئايرىلمىدى. ئۇستام تىللانى چەندازىسى بىلەنلا كۆتۈرۈپ كوچىغا چىقتى. ئۇ چەندازىنى قويىنىغا سىلىۋېتىپ، ھاياجانلىنىپ ئۆزىچە: «ئىھو، پەلەك، دادام نېمە دېگەن ئەقىللىق — ھە! مېنىڭ ھورۇنلۇقۇم تۇپەيلى، مېنى ئاچ قالمىسۇن، دەپ بۇ ھىلىنى ئىشلىتىپتۇ،، ھا — ھا — ھا!» دەپ كۈلدى.

رېھىمشاھ تۇيدۇرماي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغانىدى، چۈنكى ئۇ ئىسلامجاننىڭ مەدرىسىنى ئوڭشاشتىكى سىرىنى ئېچىشقا تەقەززا ئىدى. ئۇستام خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، سۆزلەپلا كەتتى: «ھېلىمۇ ئېسىمدە، دادام ماڭا:〈ھەي شياۋۋاڭ، يا ھۈنىرىمنى ئالمىدىڭ، ئىنتايىن ھورۇن بالا بولدۇڭ. مەن ئۆلسەم قانداق كۈن ئالىسەن؟!..〉دەپ خاپا بولغانىدى. دادام ھەم ھورۇن، ھەم بېزەڭلىكىمدىن خاپا ئىدى. ئەمما مېنى ئايايتتى، مەن ئوغلى — دە، ئۇنىڭ مۇنۇ يىراقنى كۆرەر دانا سۆزىنى مەڭگۈ ئەسلەيمەن:〈بالام، مۇنۇ مەسچىت پۈتەي دەپ قالدى، مەن ئۇنى ئون يىلدىن كېيىن قىڭغىيىدىغان قىلىپ قويىمەن،〉ۋاھ — ھا — ھا!» ئۇستامنىڭ ساراڭلارچە كۈلگىنىنى ئاڭلاپ، رېھىمشاھنىڭ غەزىپى ئۆرلىدى، بۇ تەييار تاپ ئالدامچىنى بىرىپ مىجىۋەتكىسى كەلدى. ئەمما... ئەمما.. ئۇنى ئېغىر — بېسىقلىقى توختىتىپ قالدى، «ئالدىرىما رېھىمشاھ، ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېسۇن!». رېھىمشاھنىڭ

كۆڭلىنى تاپقاندەك ئۇستام خوشاللىقىدا چەنداز سىلىنغان مەيدىسىنى سىپاپ قويۇپ، غورۇر بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى: «دادام مەدرىس قىڭغىيدۇ، شۇ چاغدا بايلىقى ئېشىپ — تاشقان ۋېلىباي ‹مەسچىتنى كىم تۈزەيدۇ› دەپ جاكار چىقىرىدۇ، شۇندا سەن ‹مانا مەندۇرمەن› دەيسەن ۋە ئېسىڭدە تۇتقىنكى، ماڭا بەرگەن ھەقتىن بىر ھەسسە ئارتۇق ھەق تەلەپ قىلىسەن، باي مەرد ئادەم، ئۇ ياق دېمەيدۇ، شۇندا سەن مۇنۇ مۇنۇ تۆت پىشاڭنى ٨ دېگەن خەت ئويۇلغان تۆت تۈۋرۈكنىڭ بېشىغا قاقىسەن» دېگەندى. . . ۋاھ — ھا — ھا — ھا! بۇگەپنى ئاڭلاپ، رېھىمشاھنىڭ يال قۇيرۇقى قىمشىپ كەتتى، ئۇ غەزەپ بىلەن ئۇستىغا ئېتىلماقچى بولۇپ تۇراتتى، ئۇستامنىڭ مۇنۇ گېپى ئۇنى توختىتىپ قويدى: «ھەي، شۈكرى خۇدايىم، بۇ ئون يىلدا ئۇيغۇرلار مېنى يۆلىمىگەن، قېيناتام ماڭا قىزىنى بېرىپ ئۆيلەپ قويمىغان بولسا، مەن توگىشىپ كېتەر ئىدىم. ئۇچ بالام تاتلىق چوڭ بولىۋاتىدۇ، بۇ تىلللار شۇ ئۇچ بالامنىڭ رىسقى، ئەلىھەمدۇلىللا شۈكرى، ئەي خۇدا، بەرگەن نېمىتىڭگە مىڭ قەدىرى شۈكرى!»

رېھىمشاھ تۇرغان يېرىدە تۇرۇپلا قالدى. رېھىمشاھ قايتماقچى بولدى، گەپ قىلماي، خوشلاشماي كەتسەم نامەردلىك بولار، دەپ ۋېلىباينىڭ ئۆيىگە باردى. ۋېلىباي:

— ھەي بۆككى، كېلەر يىلى ئالمۇتىدا چوڭ چېلىشىش بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، بولۇپ قالسا سېنى چاقىرتىمەن — دېدى. ۋېلىباي دېگەن قانداق چوڭ چېلىشىشتۇ؟ بۇنى بىلگۈڭىز كەلسە كېيىنكى بابنى ئوقۇڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# 4 — باب جاھان پالۋىنى بىلەن ئېلىشىش

1

بىراق، ئالمۇتىدىكى چېلىشىشقا رىھىمشاھ قاتنىشالمىدى...

تاڭ شەپقى چىراي ئاچتى. يەنە بىر كۈنلۈك ھايات باشلاندى. ئۇ بۇ كۈننى ئادىتى بويىچە تاغقا چىقىشتىن باشلىدى، قارىغايلىق ئىچىگە كىرىپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى، يۈگۈردى. ئاندىن بالىلىق چېغىدا تاش دومىلىتىپ ئوينىغان تاغقا چۈشتى، ئۇ دومىلاتقان تاشلارنىڭ ئورنى ياپيېشىل چىمەنلىككە ئايلانغانىدى. ئۇ چىمەنلىكتە كېزىلدى، پۇتلىرىنى سوزۇپ ئولتۇردى. بۇ يەردە تۇرۇپ قارىسا پۈتكۈل شارغوجا بەش قولدەك ئېنىق كۆرۈنەتتى. ئەزىز ماكانىنىڭ پېشايۋانلىق قاتار سېلىنغان ئۆيلىرى، ياۋا تاشتىن قوپۇرۇلغان قوتانلار، ئۇلار ئۈستىدىكى غارام — غارام بېسىلغان بېدە — چۆپلەر، باغلار، تۈگمەنلەر، ئېتىزلار قىزغۇچ بولۇپ كۆرۈندى. ئۇ بۇ چىملىقتا ئولتۇرۇپ يۇرتىنىڭ مەنزىرىسىنى، قايناق ھاياتىنى تاماشا قىلىشنى ياقتۇراتتى. ئۆزگە تونۇش قارىغايلار، تاغلارغا قاراپ، قايناق ھاياتنىڭ سىرىنى ئېچىشقا تىرىشاتتى. ئۇنىڭ دىلىنى گۈزەل مەنزىرە، تاغلاردىكى جانلىقلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازى يورۇتاتتى. ئۇ كىچىكىدىن تەبىئەت قوينىدا ئۆسكەچكە تەبىئەتكە يېقىن ۋە ئامراق ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى قارىغايلىق ئىچىدىكى لىك — لىك سەكرەپ كېتىۋاتقان ئىلىككە چۈشتى. ئۇنىڭ بىردىن ئوۋچىلىق ھەۋىسى قوزغالدى. ئوۋچىلىق قىلغان چاغدىكى ئەڭ غەمسىز كۈنلىرىنى ئويلاپ كەتتى، ھاجىقۇلىنىڭ جاماشاھىنى شاڭخو قىلىپ توقۇغان

قوشاقلىرىنى ئەسلەپ مىيقىدا كۈلدى. شۇ ھامان ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى دوستلىرىنىڭ كەپسىزلىكلىرى، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ شوخلۇقلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. . . ئۇنىڭ خىيالىنى ئۆيى تەرەپتىن ئاڭلانغان ئاۋاز بۆلۈۋەتتى.

— ھاي رېھىمشاھ بۆككى!

رېھىمشاھنى كىملەردۇر ئۇنىڭ قورۇسى ئالدىدا چاقىرىۋاتاتتى. ئۇ بويىنىنى سوزۇپ، ئالقىنىنى پېشانىسىگە قويۇپ قارىدى ۋە ئىككى ئاتلىقنى كۆردى. ئۇ:

— ھازىر چۈشىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇ تاغدىن چۈشتى، ئۇنىڭ كۆرگىنى چاچ — ساقاللىرى ئاقارغان، يۈزىنى ئۆمۈچۈك تورىدەك قورۇق قاپلىغان بوۋاي ئىدى. ئۇ قورۇ ئالدىغا بارغاندىلا بوۋاينى تونىدى.

— ھەمرائاكا!

ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، ئۇ ھەمرا پالۋاننى بىرىنچى قېتىم چېلىشىشقا چۈشكەندىكىدەك، ئاتتىن كۆتۈرۈپ ئالدى. ئاندىن ئاتلىرىنى قاڭتۇرۇپ باغلاپ قويۇپ ئۆيىگە باشلىدى. ئۇلار ئولتۇرۇپ بىللە ناشتا قىلىشتى.

— ھە، بۆككى، زېرىكىپ تاغ سەيلىسى قىلدىڭمۇ، نىمە؟ — دەپ سورىدى ھەمرا پالۋان رېھىمشاھتىن.

— ئۆي خوتۇنىدەك دىمىقىپ كەتكەنىدىم، ھوسۇلنى يىغىپ بولۇپلا قىلىدىغان ئىش تاپالماي قالدىم، شۇڭا تاڭ بىلەن تەڭ تاغقا چىقىپ، ئىچ پۇشقىمنى چىقىرىپ يۈرۈۋاتىمەن، — دېدى رېھىمشاھ.

— بۇ ئوبدان چېنىقىش، تاغقا چىقىپ چۈشۈپ يۈرگەندە ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ، بەدەننى چېنىقتۇرغىلى بولىدۇ، ئادەم كۈچىدىن قالمايدۇ، كۈچى ئاشىدۇ، — دېدى ھەمرا پالۋان ۋە ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن ئادەمگە قاراپ ئېيتتى، — بۇ كىشىنى ھېكىمبەگ ئەۋەتىپتۇ، سېنى تېز كەلسۇن، دەپتۇ، شۇڭا بىرمۇ كېچىلەپ يول

www.uyghurkitap.com

يۇرۇپ كېلىشىمىز.

— بۇنچىۋالا ئالدىراتقۇدەك نېمە ئىش بار ئىكەن؟

— سەكسەن بەلنىڭ يېنىدىكى قۇم ئارشاڭدا چېلىشىش بولىدىكەن، سىزنى شۇ چېلىشىشقا چىللاپ مېنى ئەۋەتتى، — دېدى ھېكىمبەگنىڭ ئادىمى، — بېگىم سىزنى كېچىكمەي كەلسۇن، دەپ جېكىلىدى.

— چېلىشىشقا، نېمانچە ئالدىراتقۇلۇق؟ — دەپ ئەجەبسىنگەن پېشىمدا سورىدى رېھىمشاھ.

ھەمرا پالۋان تەپسىلىرەك چۈشەندۈرۈشنى لازىم تاپتى:

— يۇرتىمىزغا سەيلى — ساياھەت قىلغىلى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ دۇنياۋى چېلىشىشتا بىرىنچى بولغان پالۋىنى كەپتىكەن، ئۇ پالۋان تاشكەنتتە ئۆتكۈزۈلگەن جاھان پالۋانلىرى بەسلىشىشىدە بىرىنچى بوپتىكەن، ئۇ پالۋانغا تەڭ كېلەر پالۋاندىن پەقەت سىنىلا بار، دېگەن ئۈمىدتە ئالدىڭغا كەلدۇق. ئۈمىدىمىزنى يەردە قويماسسەن.

— بېشىم ئەللىكتىن ئاشقاندا، جاھان پالۋىنى بىلەن چېلىشالارمەنمۇ؟

— كۈچ — قۇدرىتىڭ تېشىڭغا تېپىپ تۇرۇپتۇ، — دېدى ھەمرا پالۋان، — سەن ئۇچۇن ئۇنداق جاھان پالۋانلىرى قانچىلىك نېمە دېيسەن، تەۋەككۇل خۇدا، دەپ چۈشۈپ باقمامسەن، يىقىلساڭ يەر كۆتۈرىدۇ، يىقىتساڭ ئەل، غىياسىدىن ھېكىمدەك يۇرت كاتتىسى ساڭا ئۈمىد باغلاپ تەكلىپ قىلىۋاتسا، بارمىساڭ بولماس.

رېھىمشاھنىڭ ئوتتەك بارغۇسى بار ئىدى، ئۇ چېلىشىش دېسە ھەممىنى ئۇنتۇيتتى، ئۇ بىر دەقىقە ئويلىنىپ، ھەمرا پالۋاننىڭ سۆزىنى توغرا تاپتى. ئۇنىڭ ئېغىر بەستى يېنىكلا كۆتۈرۈلۈپ ئورنىدىن تۇردى. ياشلىق باھارى قايتىپ كەلگەندەك، كۆزلىرى ئوت بولۇپ ياندى. ئۇ مېھمانلارغا:

— كۆزلىرىڭلار قىزىرىپ كېتىپتۇ، چۈشكىچە ئۇخلىۋېلىڭلار،

مەن قېيىنىنىمنى ئائىلىسى بىلەن ئۆيۈمگە كۆچۈرۈپ قوياي، ئۇلار مال — ۋارانغا قارىمىسا بولماس، — دېدى.

رېھىمشاھنىڭ قەدىمى تېزلەشتى، ئۇ ئىتتىك بېرىپ قېيىنىنىسىغا ئەھۋالنى ئېيتتى ۋە ئۇنىڭ كۆتەك ھارۋىسىغا يۈك — تاقىسىنى باستى. ئۇلار رېھىمشاھنىڭ قوروسىغا كەلگەندە، ھەمرا پالۋانلار ئۇخلاپ قالغانىدى. رېھىمشاھ قوتاندىن بىر قوينى ئېلىپ چىقىپ بوغۇزلىدى، غاچ — غۇچ قىلىپلا گۆشىنى پارچىلىدى. قېيىنىنىسىنىڭ خوتۇنى ئوچاققا ئوت ياقتى. رېھىمشاھ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ مېھمانلىق كىيىملىرىنى خۇرجۇنغا سالدى. مېھمانلارنىڭ سوۋۇغان ئاتلىرىنى سۇغۇرۇپ، توۋۇردا يەم بەردى. ھەممە تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ، كۇنگە قارىدى، قۇياش نەيزە بويى ئۆرلىگەنىدى. ئۇ مېھمانلارنى ئويغىتىشقا كۆزى قىيمىدى بولغاي، بىدە — چۆپ چۆرۈپ ماللىرىغا سېلىپ بەردى. ئۇ گۆشنىڭ پىشقىنىنى كۆرۈپ، مېھمانلارنى ئويغىتىشقا كىردى. ھەمرا پالۋان ئاللىقاچان ئويغىنىپ ئولتۇرغانىكەن، ئۇلار يۇيۇنۇپ كىرىشتى، ئوخشىغان نارىنىنى تويغىچە يېيىشتى. رېھىمشاھ قىرغىز باي تەقدىم قىلغان ئېتىنى ئېگەرلىدى، ئۇلار جابدۇنۇپ ئاتلاندى. ئۇلار ھېكىمبەگ غوجىنىڭ ئوردىسىغا چۈشتى. غىياسىدىن ھېكىم رېھىمشاھنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، تاماقلىنىپ داستىخانغا پاتىھە بېرىلدى. ھېكىمبەگ غوجا مۇنداق دېدى:

— رېھىمشاھ بۆككى ئەتىگەنلىكتىن تارتىپ جىددى مەشىق قىلىپ، دۇنياۋى چېلىشىش قائىدىسىنى ئۆگىنىشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ، تاشقى موڭغۇلىيە پالۋىنى دۇنياۋى چېلىشىش ئۇسۇلى بويىچە چېلىشىدىكەن. رېھىمشاھقا مەن ياللىغان ئورۇس پالۋىنى ئۆگىتىدۇ.

— دۇنياۋى چېلىشىش قائىدىسى قانداق بولىدىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى رېھىمشاھ.

— بىزچە چېلىشىشقىمۇ، موڭغۇلچە چېلىشىشقىمۇ

ئۇخشىمايدىكەن، — دەپ چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى ھېكىمبەگ غوجا، — بىز پوتا باغلاپ، بەللىشىپ چىلىشىمىزغۇ، دۇنيادىكى چىلىشىش قائىدىسىدە پوتا باغلىمايدىكەن، يىقىتىسىلا ھېساب بولمايدىكەن، ئىككى تاغىقىنى يەرگە تەككۈزگەندىلا، يىقىتقان ۋە يەڭگەن بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تەڭ ئېغىرلىكتىكىلەرنى بىر — بىرى بىلەن چىلىشتۇرىدىكەن.

— ئۇھۇي! يېڭىچە چىلىشىش ئۇسۇلى ئىكەن — دە، بۇ، — دەپ رېھىمشاھ قىزىقىپ قالدى، بىراق يەنە ئىككىلىنىپ قالدى، — ھېكىمبەگ غوجام، بۇنداق يېڭىچە چىلىشىش ئۇسۇلىنى ئۆگەنگۈچە بىر پۈتۈم يەرگە ساڭگىلاپ قالمىغىدى، دەپ قورقىۋاتىمەن.

— قورقماڭ، ئورۇس پالۋىنى سىزگە ئۆگىتىپ قويىدۇ، ئورۇس پالۋىنىنى ۋېلىبايغا ئادەم ئەۋەتىپ ئەكەلدۈردۈم، ۋېلىباي بۇ پالۋاننى مەسكاپتىن[1] ئەكەلدۈردى. سىزنى مەن پۈتكۈل ئۇيغۇر نامىدىن چىلىشىشقا سالماقچى.

ھېكىمبەگ غوجىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان ھەمرا پالۋان قاتتىق تەسىرلەندى. ئۇ:

— گەپ بۇنداق چوڭ تۇرسا، ئىككىلىنىسەڭ سەت بولۇر، ئۆگىنىپ كۆرگىن، يېڭىچە چىلىشىشنى سەن ئىگىلىسەڭ، كېيىن ياشلىرىمىزغا ئۆگەتمەمسەن! مەگەر ئىگىلىيەلمىسەڭ، چىلىشىشقا كۆزۈڭ يەتمىسەچۈشمىسەڭ بولۇر، — دېۋىدى، غىياسىدىن ھېكىم:

— جەزمەن چىلىشىدۇ، مىش — مىش گەپ بولۇنمىسۇن، چىلىشمايمەن، دەپ چىلىشىشقا چۈشمىسە يۈز كېتىدۇ، يۈز! — دېدى جىددىي قىلىپ.

ھېكىمبەگ غوجىنىڭ بۇ كەسكىن پىكرى رېھىمشاھنىڭ قۇلىقىغا شاھنىڭ ئەمرى — پەرمانلىرىدەك ئاڭلاندى. ھەمرا پالۋانمۇ جىمىپ كەتتى. غىياسىدىن ھېكىم رېھىمشاھقا يۇمشاقلىق بىلەن ئېيتتى:

---

① مەسكاپ — موسكۋانى دېمەكچى.

— هازىر ئارام ئېلىڭ، ئەتىــــدىن باشلاپ ئوردىدىن نېرى كەتمەي، قاتتىق مەشىق قىلىسىز، سىز دېگەن چېلىشچى پالۋان، ئىلى دىياردا سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ئۆتەر پالۋان يوق! شۇڭا ئىشىنىپ سىزنــــى تاللــــدىم، ئۇيغۇر خەلقىــــنىــــڭ يۈزىنـــــى يەرگە قاراتمايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.

— تىرىشىپ باقاي، — دېدى رېھىمشاھ بوش ئاۋازدا.

— هاي، كىم بار؟ مېھمانلارنى تۇرار ئۆيگە باشلا.

هەمرا پالۋان بىلەن رېھىمشاھ خىزمەتچى خادىمنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتى. هەمرا پالۋان چىقىپ كېتىۋېتىپ:

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، بەگ سېنى بۇ چېلىشىشقا سېلىش ئۈچۈن پۇلنى ئايىمىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى.

— ماڭا بەرىبىر.

2

هەمرا پالۋان دېگەندەكلا هېكىمبەگ پۇلنى ئايىمــــىغاندەكلا تۇراتتى. بۇ بىر نەچچە كۈنلۈك مەشىق داۋامىدا هەر كۈنى بىر چوڭ قوي سويۇلۇپ تۇردى. رېھىمشاھ چۈشلىكى نارىن، مانتا، پولۇ، قورداقتا ئوخشاش قۇۋۋەتلىك، كەچلىكى كاۋاپ، سۈيۈق ئاش، شويلا قاتارلىق يېنىك تائاملار بىلەن تاماقلاندى. هېكىمبەگ ياللىــغان ئورۇس ئۇستام دەسلەپ بۇ تائاملارغا كۆنەلمىگەندە، كالا گۆشــى شورپىسى، قوردىقى، كاتلىتلار بىلەن باقتى. كېيىــنرەك ئۇ بۇ تائاملارنى يېمەي، ئۇيغۇر تائاملىرىنى مەززە قىلىپ يەيدىغان بولدى. ئۇنىڭ مەشىق قىلدۇرۇشى تولىمۇ مۇرەككەپ ۋە ئېغىر ئىدى، هېچقاچان هارمايدىغان رېھىمشاھنــــى هاردۇرۇپ قويدى، لېكىـــــن رېھىمشاھ بۇ يېڭىچە چېلىشىش قائىدىسىگە قىزىقىپ قالدى. ئورۇس ئۇستامىمۇ بۇرۇن چېلىشچى بولغانىكەن، رېھىمشاھ ئۇنىڭ بىلەن كۈندە چېلىشىپ ماهارەت ئۆگەندى. شۇنداق قىلىپ رېھىـــمشاھ

ئىختىيارسىز هالدا دۇنياۋى چېلىشىش قائىدىسىنى ئىگىلەشكە باشلىدى، ئۇ چېلىشىشقا ئائىت روسچە سۆزلەرنىمۇ خېلى ئۆگىنىپ قالدى.

3

ۋاقىت ئۇچقاندەك ئۆتتى، چېلىشىش باشلىنىدىغان ۋاقىتمۇ بولۇپ قالدى. هېكىمبەگ غوجا ساهىبخان سۇپىتىدە مېهمانلاردىن بىر كۈن ئاۋال قوم ئارىشاڭغا چىقتى. ئۇردا چېدىرىغا هېكىمبەگ غوجا، يەنە بىر خاس چېدىرغا رېهىمشاھ، ھەمرا پالۋان، ئورۇس ئۇستام ئورۇنلاشتى. رېهىمشاھ ئارىشاڭنى ئارىلىماقچى بولۇپ چېدىردىن چىقتى. مىڭ — مىڭ ئادەم، ئويمان بايتوقايدىن قاراتام كېمىسى بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ، شەرققە ماڭغاندا قوم ئارىشاڭغا بارغىلى بولاتتى، قوم ئارىشاڭ سەكسەن بەل دەپ ئاتالغان تاقىر تاغقا تۇتىشاتتى.

ئارىشاڭ كاتتا بازارغا ئايلانغانىدى. كەڭرى بىر مەيدان ئاشخانىلار، دۇكانلار، لەپكىلەرگە توشقانىدى. دۇكاندارلارنىڭ «بەررى كاۋاپ»، «ۋاي كېلىڭ»، «ياغ يەيسەن»، «شەكەررى تاۋۇز»، «بىرنى يېسەڭ ئوھ دەيسەن، ئىككىنى يېسەڭ سۇ دەيسەن»، «گۆش گىردە يەيسەن»، «هاي پاقلاننىڭ گۆشى» دەپ ۋارقىراپ خېرىدار چاقىرىشلىرى تۇشمۇ — تۇشتىن ئۇزۇلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. رېهىمشاھ بۇ يېڭى بازارغا سەپسېلىپ ماڭار ئىكەن، ئاددى كىيىنگەن بوۋايلار، ھەرخىل كىيىنگەن ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، باللارنى ئۇچراتتى. ئادەملەر توپلاشقان، كۆلكە كۆتۈرۈلىۋاتقان، سازئاۋازى ئاڭلىنىۋاتقان، ناخشا ئېيتىلىۋاتقان يەرلەرگىمۇ باردى. بۇ دۈگلەك دائىرە هاسىل قىلغانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان مەسخىرىۋازلار، قىزىقچىلار، سازچىلار، مەدداھلار، سېهىرگەرلەر ئۆز هۈنىرىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. بۇ دائىرىلەردە ئومۇمىي كۈلكە، چاۋاك ئاۋازى كۆتۈرۈلەتتى، كىشىلەر شادىمان، ئۇلار كۈلۈشەتتى، چاقچاقلىشاتتى.

رىھىمشاھ چېلىش مەيدانىغىمۇ سەپسېلىپ چىقتى. تۆت بۇرجەك مەيداننىڭ كۈن چىقىش تەرىپىگە سەھنە ياسالغان، سەھنىنىڭ ئۈچ تەرىپىگە گىلەملەر تارتىلغان، چېلىشىدىغان مەيدان ئارغامچا بىلەن قورشالغانىدى.

4

مۇسابىقىنىڭ ۋاقتى — سائىتى توشۇپ، چېلىشىش باشلاندى. رىھىمشاھ ھەمراھ پالۋان بىلەن پالۋانلار تۇرىدىغان سەھنىنىڭ يېقىنىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇراتتى. دەسلەپ چۈشكەن ئىككى پالۋان ناھايىتى چاققان ئېلىشتى. ئۇلاردىن بىرى يەنە بىرىنى يىقىتتى، لېكىن تاغىقىنى يەرگە تەككۈزەلمەي خېلى كۈچىدى، ئاخىر ئۇ رەقىبىنىڭ ئىككى تاغىقىنى يەرگە تەككۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن چېلىشىش باشقۇرغۇچى ئېلان قىلدى:

— ھازىر ئىلى پالۋىنى بىلەن قورغاس پالۋىنى چېلىشىدۇ.

مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. سەھنىدىن يەنە مۇنداق تونۇشتۇرۇش ئاڭلاندى:

— بۇ پالۋانلارنىڭ ئېغىرلىقى 150 كىلوگرامدىن يۇقىرى!

رىھىمشاھ مەيدانغا كىرگەندە، تاماشىبىنلار ئۆز ھېسسىياتىنى يوشۇرۇپ قالالمىدى:

— ئوھوي، مانا پالۋان دېگەن!

— دىۋىدەك يوغان نېمىكەن.

— مېڭىشىنى قارىمامسەن، شىردەك ماڭىدا!

— ھەتتىگىنەي، بىر كۆزى چىقىپ كەتكەنىكەن ئەمەسمۇ!

رىھىمشاھ ئاق پاختا رەختتىن تونچە ياقىلىق، كەشتىلەنگەن كۆينەك، كەڭ ئاق ئىشتان كىيگەن، بېلىگە كەشتىلەنگەن ئۈچ بۇرجەكلىك چۈچىلىق پوتا باغلىغان، پوتىسىغا غىلاپلىق پىچاق، ھەميان، چىش تازىلايدىغان مىسۋاك ئېسىۋالغان پېتىچە مەيدانغا

كىرگەندى. ئۇ كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، چېلىشىش كىيىمى كىيىپ كىرىشنى ئۇنتۇغاندى. رېپىر رېھىمشاھقا:

— چېلىشىش كىيىمىنى كىيىپ كىرىڭ؟ — دېدى.

رېھىمشاھ مەيداندىن چىقىپ، كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، چېلىشىش كىيىمىنى كىيىپ قايتا مەيدانغا چۈشكەندە تاماشىبىنلار چاۋاك چېلىپ كەتتى. رېھىمشاھ رەقىبىگە قارىدى، قورغاسلىق پالۋان تىك تۇراتتى، رېھىمشاھ رەقىبىنىڭ ئۆزىدىن پاكار، دىقماق ۋە مىزغىماس كۆچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدى.

رېپىرنىڭ ئىشارىتى بىلەن قورغاسلىق پالۋان يىلپىزدەك چاققانلىق بىلەن كېلىپ، رېھىمشاھنىڭ تىزى ئاستىغا قول سالدى ۋە ئالدىغا تاتتى، رېھىمشاھ كەسكەن قارىغايدەك گۈپپىدە يەرگە يىقىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ چېلىشىش قائىدىسى بويىچە رېھىمشاھ يېڭىلگەن ھېسابلىناتتى، «تاغىقىڭنى يەرگە تەككۈزمە!» دېگەن ھەمرا پالۋاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغان بولسا، رېھىمشاھ يېڭىلدىم، دېگەن بولاتتى. ھەمرا پالۋاننىڭ گېپى دۇنياۋى چېلىشىشنىڭ قائىدىسىنى ئۇنىڭ ئېسىگە سالدى. ئۇ ئورۇس ئۇستىسىنىڭ ئۆگەتكىنىدەك بىرلا كۆچەپ دۈم يېتىۋالدى. قورغاسلىق پالۋان ئۇنىڭ بويىنىغا بىلىكىنى كىرگۈزۈپ تولغىدى، لېكىن رېھىمشاھنى تولغىيالمىدى. ئۇ پاقىدەك ياتقان پېتى مىدىرلىمىدى. قورغاسلىق پالۋان بارلىق كۈچىنى ئىشقا سالماقتا ئىدى. رېھىمشاھنىڭ قولىقىغا رەقىبىنىڭ پۇشۇلدىغىنى، كېيىن ھاسىرىغىنى ئاڭلاندى. «ھىم، پەيتى كەلدى» دەپ ئويلىغان رېھىمشاھ چاقماق تېزلىكىدە تىزلاندى. ئۇنىڭ پۇتلىرىنى بېسىپ تۇرغان رەقىبىنىڭ پۇتلىرى يەرگە چۈشتى، رېھىمشاھ ئوڭ پۇتىنى ئۇنىڭ سول پۇتىغا چىرمىدى، ئوڭ قولىغا كۈچىنى يىغىپ، رەقىبىنىڭ قولىنى كەينىگە قايرىدى، ئۆزىنىڭ سول قولىنى رەقىبىنىڭ بويىنىغا يۆگەپ، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ بىرلا تولغىۋىدى، رەقىبى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. بىراق، رەقىبى بېشىنى يەرگە تىرەپ، تاغىقىنى تەككۈزمەي، يېرىم ئەگمە شەكىلدە



www.uyghurkitap.com

تۇرۇۋالدى. رېھىمشاھ رەقىبىگە ئۆزىنى تىرەپ ئۆپكىسىنى تولدۇرۇپ تۇرۇپ چوڭ تىنىۋالدى. بۇ ئۇنىڭ كۈچ يىغىۋېلىش پەيتى ئىدى. ئۇ پۈتۈن كۈچىنى كۆكرەك ۋە ئىككى بىلىكىگە يىغدى — دە، رەقىبىنىڭ قورسىقىنى كۆكرىكى بىلەن باستى، بىر قولىدا رەقىبىنىڭ بېشىنى قايرىدى. قورغاسلىق پالۋان بۇ خىل پەم ۋە كۈچكە تەڭ كېلەلمەي، ئىرادىسى بوشاشتى. قاتتىق بېسىش ۋە تېكىنىڭ مۈڭگۈزىنى قايرىپ يىقىتقاندەك بېشىنى قايرىشقا بەس كېلەلمەي قالدى، ئاۋال بېلى، ئاندىن تاغىقى يەرگە تەگدى.

مەيداندىكىلەر قىقىرىدى، ئالقىش، ماختاش سادالىرى قوشۇلۇپ، ئاجايىپ دولقۇنلۇق سادا پەيدا بولدى. رېپېر رېھىمشاھنىڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈردى.

5

بۈگۈن سىيپاپ ياغقان ئۆتكۈنچى يامغۇر مەيداننىڭ چېڭىنى باسقان، ھاۋا سالقىنلىغان ۋە سۈتتەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. بۈگۈن رېھىمشاھ تاشقى موڭغۇلىيە پالۋىنى بىلەن چېلىشىدىغان كۈن ئىدى. شۇڭا تاماشىچىلار ئادەتتىن تاشقىرى ھاياجانغا چۆمگەنىدى، مەيدان شاۋقۇنلايتتى. ئالدىنقى ئىككى كۈندە رېھىمشاھ تۆت پالۋاننى يىقىتقانىدى.

تاشقى موڭغۇلىيە پالۋىنى مەيدانغا چۈشكەندە تاماشىبىنلار ھەيرانۇھەس بولدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئاغزىغا يۈگەن سېلىنغان بولۇپ، ئىككى ئادەم تۆمۈر زەنجىرلىك چۇلۋۇرنى تارتىپ تۇراتتى. يۈگەنلەنگەن پالۋان بولسا، چۇلۋۇرنى سۆرەپ ئالغا ئىلگىرلەيتتى. ئاغزىدىن كۆۋۈك چىقىرىپ پۇركۈيتتى، ئەتراپقا خىرىس قىلاتتى. تاماشىچىلار بۇ پالۋاننىڭ كۈچكە تولغان گەۋدىسىگە، بوغۇم — بوغۇم گۆشلىرىگە قاراپ «قالتىس ئىكەن» دېيىشتى.

رېھىمشاھ رەقىبىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى تۈنۈگۈن

كۆرگىنىدىلا ھېس قىلغان، ئۇنىڭ تەربىيە كۆرگەن، ئېپىقتەك كۈچى بار، نۇرغۇن چېلىشىشلاردا غالىپ بولۇپ كەلگەن پالۋانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. رېھىمشاھ مەيدانغا كىرىشى بىلەن مەيدان گۈرۈلدىدى. رېھىمشاھ رەقىبىنىڭ ئالدىغا بېرىشىغا موڭغۇلىيە پالۋىنى ئاغزىدىكى كۆۋۈكنى رېھىمشاھقا پۈركۈپ خىرىس قىلدى. رېھىمشاھنىڭ تازىمۇ ئاچچىقى كەلدى. ئۇ گۈلدۈرماماندەك ئاۋازدا خىتاب قىلدى:

— ھېلى ھەيۋە قىلغىنىڭغا تويغۇزىمەن.

ئەتراپتىكىلەر موڭغۇلىيە پالۋىنىنىڭ ئەدەپسىزلىكىدىن رەنجىپ ۋاقىراشتى:

— رېھىمشاھ، بۇ موڭغۇل ئېيىقنى يەرگە ئۇر!

— ئۇنىڭ ئەدەپسىزلىكى ئۈچۈن ئەدىبىنى بەر!

رېھىمشاھ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ھەمرا پالۋان، مىسىر — شاھلارنى كۆردى. ئۇ بېشىنى سەل ئېگىپ ماقۇللۇق ئىشارىسى قىلدى. ئۇ دوستلىرىنىڭ مەدەت — تىلەكلىرىدىن روھلىنىپ كەتتى. شۇ ئارىدا رېپىر تاشقى موڭغۇلىيە پالۋىنىنىڭ يوگىنىنى ئېلىۋەتتى، ئاندىن پالۋانلار قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. بىر قەدەمدىن كەينىگە چېكىنىشتى. قوللىرىنى ساڭگىلىتىپ ئېگىشىشتى. مەيدان تىمتاسلىققا چۆكتى. رېپىر:

— باشلاڭلار، — دېدى.

پالۋانلار ئېغاڭلاشتى. رېھىمشاھ رەقىبىنى مۇسابىقە داۋامىدا ئوبدان سىنىغان، ئۇنىڭ ماھارىتىنى كۆرگەن، ئۇنىڭ چەبدەس، يەڭگىلىكىنى بىلگەن، ئۇنى ھە دېگەندىلا كۆتۈرۈپ تاشلىمىسا بولمايدىغانلىقىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇ «ياخۇدا، يامەدەد» دەپ نەرە تارتىپ، رەقىبىنىڭ قولتۇقىنى مۈرىسىگە ئالدى — دە، كۆتۈرۈپ تاشلىدى. بۇ خىل چاقماق تېزلىكىدىكى تۇيۇقسىز ھۇجۇمنى بېشىدىن كۆپ ئۆتكۈزگەن موڭغۇلىيە پالۋىنى يەرگە يېرىم يا شەكلىدە ئېگىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ ئىككى قولى، ئىككى پۇتى يەرنى تىرەپ تۇراتتى. مەيداندا قىقاس



www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈلدى:

— ياشاپ كەت!

— ھۇششەرە!

رىھىمشاھ بۇ قىقاستىن «يەڭدىم» دەپ ھېساپلىسا كېرەك ئەتىمالىم، كۆپچىلىكە قولىنى كۆتۈرۈپ ئېھتىرام بىلدۈردى.

— ھاي بۆككى، رەقىبىڭنىڭ تاغىقى يەرگە تەگمىدى!

ھەمرا پالۋاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ چاغدا رەقىبى ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ رىھىمشاھقا ئېتىلغانىدى. رىھىمشاھ ئۇنىڭغا بېلىنى تۇتقۇزۇپ قويدى، ئۇلار قۇچاقلىشىپ بىر — بىرىنى سىلكىدى. ئوڭ — سولغا كۇچەپ باساق بولۇشتى، رىھىمشاھ رەقىبىنىڭ كۇچتۇڭگۇر پالۋانلىقىنى ھېس قىلدى، رەقىبىنىڭ گۆشى تارمۇشتەك قاتتىق ئىدى. رىھىمشاھ كۇچكە زورلاپ بۇ پالۋاننى يەرگە ئۇرغىلى بولمىغۇدەك، دەپ ئويلىدى. ئۇ ئۆز كۇچىنى ساقلاپ قېلىش پەنتىسىنى ئىشلەتتى، ئۇ ھۇجۇم قىلىشتىن ئۆزىنى قوغداشقا ئۆتتى. رەقىبى ھە دېگەندىلا ئۆزىنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئاتقان رىھىمشاھنىڭ غايەت زور كۇچتۇڭگۇرلىكىنى سېزىپ، چۆچۈپ قالغانىدى. ئۇ رىھىمشاھنى بىخۇتلاشتۇرۇش پەنتىسىنى قوللاندى، ئۇمۇ ھۇجۇم قىلماي مۇداپىئەلىنىش ھالىتىگە ئۆتتى. بۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى پالۋاننىڭ ھەرىكىتى سۇس، زېرىكەرلىك بولدى. تاماشىچىلار ئالدىنقى قېتىمدىكىدەك تېز ھۇجۇم بولۇشىنى، بىر — بىرىنى يەرگە ئېتىشىنى، پومىداقلىشىشىنى سەۋىرسىزلىك بىلەن كۇتەتتى، ئۇلارغا مەدەت بېرىپ ۋاقىرىشاتتى. بۇ مەدەتلىك ۋاقىراشلار پالۋانلارنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى، ئۇلار ھەتتا قېرىشقاندەك سالماق قەدەمدە لەرزان ئېغاڭلىشاتتى. يىراقتىن قارىغاندا ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈۋاتقان ئاكا — ئىنىلاردەك كۆرۈنەتتى.

رىھىمشاھ رەقىبىنىڭ ئۆزىدىن ياش، كۇچتۇڭگۇرلىكىنى ھېسابقا ئالمىسا بولمايتتى، ئەللىك ياشلىق ئادەمنىڭ ئوتتۇز بەش ياشلىق يىگىتنى يىقىتمىقى تەس، ئەلۋەتتە! ئەمما رىھىمشاھتا بىرلا

ئىرادە — رەقىبىنى يېڭىش ئىرادىسى بار ئىدى. ئۇ يېڭىلىشنى خىيالىغمۇ كەلتۈرمەيتتى. يېقىلىشتىن ئارتۇق شەرمەندىلىك بولامدۇ؟ ئۇستازى ھەمرا پالۋان، غەلىبە خۇش خەۋىرى كۈتۈپ تۇرغان يۇرتداشلىرى، ئۆزىنى قوللاۋاتقان تاماشىچىلار ئۇنىڭدىن چوڭ ئۈمىد كۈتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ مۇسابىقىگە قاتنىشىشى ئۈچۈن ئايىماي پۇل خەجلىگەن غىياسىدىن ھېكىم ئالدىدا يېڭىلسە ئۇ قانداق بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ؟! يۇرتىغا قايسى يۈزى بىلەن بارىدۇ، دوستلىرىغا قايسى كۆزى بىلەن قارايدۇ؟ شۈبھىسىزكى، يېڭىلىش باش كۆتۈرەلمەسلىك دېگەنلىكتۇر. رەقىبى رېھىمشاھنىڭ نىمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغاندەك، ئۇنىڭ پۇتىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى، رېھىمشاھ مۆدۈرۈپ كەتتى، رەقىبى ناھايىتى تېزلا ئۇنى تولغاپ بېسىۋالدى. ھېلىمۇ ياخشى، رېھىمشاھ ئوڭ يېنىغا يىقىلدى، ئۇ رەقىبىنىڭ ئۆزىنى ئوڭدا قىلىپ، تاغىقىنى يەرگە تەككۈزۈشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، بىرلا تولغىنىپ، پاقىچە دۈم يېتىۋالدى ۋە قول — پۇتلىرىنى سوزۇپ يەرگە چاپلىشىۋالدى. رەقىبى ئۇنى ئوڭدىسىغا ئۆرۈشكە ئۇرۇنۇپ، پۈتۈن كۈچىنى ئىشلەتتى. ئۇ ئاۋال رېھىمشاھنىڭ سول پۇتىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئوڭ پۇتىنى رېھىمشاھنىڭ چاترىقىغا كىرگۈزدى، ئاندىن رېھىمشاھنىڭ سول قولىنى كۆتۈردى. رېھىمشاھ ئۆزىنىڭ سول پۇت، سول قولىنى ئىتتىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆرۈمەكچى بولغان رەقىبىگە ئىچىدىن قايىل بولدى. ئۇ سول قولىغا كۈچىنى يىغدى، رەقىبىنىڭ قولىنى ئىتتىردى. ئىككى قول بىر — بىرىنى بىر ھازا ئىتتىرىشتى. قوللار گىرەلەشكەن ھالدا بىردە كۆتۈرۈلەتتى، قوللار كۆتۈرۈلگەندە، رېھىمشاھ يانتۇ بولۇپ قالاتتى. قوللار پەسكە چۈشكەندە، رېھىمشاھ يەرگە چاپلىشاتتى.

— چىڭ تۇر!

— بىر ئاز بەرداشلىق بەر!

مەيداننىڭ جىملىقىنى بۇزغان بۇ ئاۋازلار رېھىمشاھنىڭ قۇلىقىغا

كىرمەيتتى. مۇسابىقىنىڭ قائىدىسىدە مۇنداق پاقا بولۇپ يېتىۋېلىش، ئېگىلىپ قورسىقىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇۋېلىشنىڭ ۋاقىت چەكلىمىسى بار ئىدى. رېپېر:

— تۇرۇڭلار، باشقىدىن چېلىشىڭلار! — دېدى.

— باشقىدىن چېلىشىڭلار دەيدۇ! — دەپ ۋاقىرىدى ھەمرا پالۋان.

رېھىمشاھ ئورنىدىن دەس تۇردى، ئۇ رېپېرنىڭ باشلاش ئىشارىسىنى كۆرۈپلا رەقىبىگە شىردەك ئېتىلدى، بىراق رەقىبى ئۆزىنى يانغا ئېلىپلا تۇتقۇزمىدى. ئۇ ئەمدى بىردە رېھىمشاھنىڭ ئالدىدىن، بىردە كەينىدىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ چىشىغا تېگىشكە باشلىدى. رېھىمشاھ كەينىدىن ھۇجۇم قىلغان رەقىبىنى تۇتۇش ئۈچۈن بۇرۇلۇشىغا، رەقىبى ئۇنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ كۈچ بىلەن تارتتى، تاماشىچىلار شۇنچە جىددىيلەشكەنىدىكى، ئۇلار تىنماي تۇرۇشاتتى، مەيدان مازاردەك جىمىپقا چۆككەنىدى. مۇسابىقە باشلانغاندىن بۇيان سەھنىدە خۇشال ئولتۇرغان ھېكىمبەگمۇ جىددىيلىشىپ ئولتۇرالماي قالدى — دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، يەنە ئولتۇردى، چۈنكى رېھىمشاھنىڭ بۇقا بويىنى ئېگىلمىگەنىدى. رېھىمشاھ بېشىنى قاتتىق سىلكىپ، رەقىبىنىڭ ئامبۇردەك قولىدىن ئاجرىتىۋالدى ۋە رەقىبىنىڭ بىلىكىدىن مەھكەم تۇتۇپ بەل تەرىپىگە قايرىدى. رەقىبى قولىنى بوشىتىۋېلىشقا ئۇرۇندى، ئامبۇردەك چىڭ سىققان بارماقلار ئاجرىمىدى. بۇ رېھىمشاھ ئۈچۈن پايدىسىز، بىكار كۈچ سەرپ قىلىش ئىدى، ھەمرا پالۋان چىداپ تۇرالماي:

— قولىنى قويۇۋېتىپ، بېلىدىن تۇت! — دەپ ۋارقىرىدى.

رېھىمشاھ رەقىبىنىڭ قولىنى قويۇۋەتتى. رەقىبى موكىدەك تىنماي، ھەرە ھۇجۇمى پەنتىسىنى ئىشلەتتى. ئۇ بېشى بىلەن ئىتتىردى، چاپۇتلاپ باقتى، رېھىمشاھنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ تارتتى. رېھىمشاھ يەنە ئامالسىز قالدى. بۇنى پۇرسەت بىلگەن رەقىبى رېھىمشاھنىڭ بېلىنى قاماپ تۇتۇپ، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ

www.uyghurkitap.com

كۆتۈردى، رېھىمشاھ تەڭرى تېغىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان قارغايدەك، ئىككى پۇتىنى كېرىپ تۇرغان پېتى قىمىرلىمىدى. بۇ هال خەلقئارالىق چېلىشىش مۇسابىقىسىدە ئالتۇن مېدال ئالغان تاشقىي موڭغۇلىيە پالۋىنىنى چۆچۈتتى. ئۇنىڭ چىڭقالغىنىدىن پۈرۈشۈپ كەتكەن يۈزىدە قاتتىق تەشۋىش ئەكس ئەتتى. ئۇنىڭ تىزى بىلىنەر — بىلىنمەس تىترىدى. ئۇنىڭ ئالاق — جالاق قىلىپ ئىككى يېنىغا قارىغىنىدىن قورقۇش بىلەن غەلبە ئوتتۇرىسىدىكى ئىككىلىنىشىنى سەزگەن ھەمراھ پالۋان ۋارقىرىدى:

— هاي بۆككى، قولتۇقىغا كىرىپ بېشىدىن قايرى!

رېھىمشاھمۇ رەقىبىنىڭ ھالىنى بىۋاستە سەزگەنىدى. ئۇ بېشىنى رەقىبىنىڭ سول بېقىنىغا تىقتى. رەقىبى بولسا، جان — جەھلى بىلەن قولتۇقىنى قىسىۋالدى. ئاندىن ئۇ رېھىمشاھقا بىرەر يېرىنى تۇتقۇزماسلىققا تىرىشتى، ئۇ دوڭغىيىپ، بېلىنى چىقاردى، ئۇزۇن قوللىرىنى سوزۇپ، رېھىمشاھنىڭ پۇتىدىن تۇتماقچى بولدى، ئەمما قولى رېھىمشاھنىڭ تامبىلىنىڭ ئېغىغا تەگدى. ئۇ تامبالنى تۇتقان پېتى قاتتىق تارتتى. تامبال ئېغىغىچە «جارت» قىلىپ يىرتىلدى، رېھىمشاھنىڭ ئەۋرىتى ئېچىلىپ قالدى. نومۇستىن ئىزا بولغان رېھىمشاھنىڭ چېشلىرى كىرىشتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ تۇرقى سۈرلۈك ئىدى، ئۇنىڭ چىرايى قارىيىپ كەتكەن، كۆزلىرى يوغان ئېچىلغانىدى. ئۇ غەزەپلەنسىلا يايلىسى تىك تۇراتتى، يايلىسىنىڭ مويلىرى كۆينىكىگە تەككەن ھامان ئۇنىڭدا غايەت زور كۈچ پەيدا بولاتتى. بۇ كۈچ ئوك قولىنىڭ بارماقلىرىغا يەتتى ۋە بارماقلىرى بەش ئىلمەك تۆمۈر ئارغا ئايلىنىپ، رەقىبىنىڭ ئارتقى قوۋۇرغىسىغا پېتىپ كىردى. ئىككى تال قوۋۇرغىغا پېتىپ كىرگەن تۆمۈر ئارا كۆتۈرۈلدى، ئۇ خۇددى خادا تاشنى كۆتۈرگەندەك رەقىبىنى كۆتۈرۈپ تاشلىۋەتتى. رېھىمشاھنىڭ مۇنداق چېلىشىش مەيدانلىرىدا نەچچە پالۋاننىڭ جېنىغا زامىن بولغان رەقىبى ئوڭدىسىغا چۈشۈپ، بېلى يەرگە تەگدى. ھەمراھ پالۋان رېھىمشاھنىڭ تامبىلىنى كۆتۈرۈپ

ئۇچقاندەك يۇگۇرۇپ كەلدى. ھېكىمبەگنىڭ ئىككى ئوردا پالۋىنى رېھىمشاھنىڭ ئوچۇمىدىكى سۇنۇپ چىققان ئىككى قوۋۇرغىنى تەسلىكتە ئاجرىتىپ ئالدى، ئاندىن ئۇنى جىرغا كۆتۈرۈپ كەلگەن دوختۇرغا بەردى. دوختۇر موڭغۇلىيە پالۋىنىنىڭ سۇنغان قوۋۇرغىسىنى دەرھال ئورنىغا سېلىپ تىكتى، دورا سۇركەپ تاڭدى. دوختۇرنىڭ ياردەمچىلىرى موڭغۇلىيە پالۋىنىنى جىرغىغا سېلىپ ئېتىنىك ئېلىپ كېتىشتى.

شۇنىڭغىچە ئېسىنى يىغالمىغان مەيدان بىردىن چوقان — سۈرەنگە تولدى. سەھنىدىكىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. مەيداننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان خەلق توراپ تۇرغان ئارغامچىلاردىن ئۆتۈپ، كەلكۈندەك دەۋرەپ مەيدانغا كىردى. ئۇلار رېھىمشاھنى ئارىغا ئېلىپ تەنتەنە قىلىشقا باشلىدى، مەيدان قازان قاينىغاندەك قايناپ كەتتى:

— تەڭداشسىز غايەت كۈچكە بارىكاللا!

— ئۇ جاھان پالۋىنىنى يەڭگەن ئالەمشۇمۇل بۆككى بولدى!

— ئۇيغۇرنىڭ جاھان پالۋىنى!

— يەر يۈزىدە تەڭداشسىز پالۋان!

تاماشىبىنلار مانا شۇنداق تەنتەنە قىلماقتا ئىدى. ئىلى ئالىمى تارىخىدا مۇنداق مۆجىزە ۋە شادلىق تەنتەنىسى بولمىغان بولسا كېرەك، تاماشىچىلارنىڭ چىرايىدا ھاياجان ۋە شادلىق نۇرلىرى چاقنايتتى. ئۇلارنىڭ روھى كۆككە يەتكەندەك كۆتۈرۈلگەنىدى.

— شەھىرىمىزگە شان — شەرەپ كەلتۈردۈڭ!

— سېنىڭ شەھرىڭ ئەمەس، پۈتكۈل ئۇيغۇرغا شان — شەرەپ كەلتۈردى!

— ئاي ئاغاينىدار، بىزدىك ۋۇلتىمىزغادا قۇتتى كۈن بولدى. رېھىمشاھ بۆككىدى ئاۋۇلىما ئالىپ كېتەمىن! — دېدى بىر قازاق كىشى.

— ياق، ئاغىينە، ئۇنى غولجا خەلقى ئاۋۋال كۈتىدۇ!

— گەپ بولدى — دە، بۇ، جاپانى ئۇيمانبايتوقايلىقلار تارتسۇنۇ،

شان — شەرەپ سىلەرگىمۇ؟
— ياق، ھەممىگە!
رىھىمشاھنى كۈتۈش تالاش — تارتىشى خېلى داۋام قىلدى. ئاخىر ئويمانبايتوقايلىقلار ھۆررەكلىك قىلىپ، رىھىمشاھنى كۆتۈرگىنىچە كېمىدىن ئۆتكۈزۈپ، تەنتەنە بىلەن توقايلىققا ئېلىپ باردى، بۇ يەردە تاڭ ئاتار مەشرىپى بەردى. رىھىمشاھنى ئەتىسى غولجا شەھىرىنىڭ ئادەملىرى ئېلىپ كەتتى، شەھەر كوچىلىرىدا ئۇنى كۆتۈرۈپ ئايلاندۇردى. پۈتكۈل شەھەر خەلقى كوچىغا چىقىپ تەنتەنە قىلدى. ئاخىر روشەنباغدا كاتتا مەشرەپ بەردى.

رىھىمشاھ پالۋاننى يەنە قانداق ئىشلار كۈتۈپ تۇرغاندۇ؟ بۇنى بىلگىڭىز كەلسە كېيىنكى بابنى ئوقۇڭ.

# 5 — باب دەرد ۋە شادلىق

1

دەرد — ئەلەملەر كېلىدۇ،
ئوغۇل بالانىڭ باشىگە.
سايدا تۈگمەن چۆرگىلەيدۇ،
كۆزدىن ئاققان ياشىگە.

بۇگۈنمۇ تاڭ شەپىقى قىزارغاندا، تاققا چىققان رىھىمشاھ ئۆرە تۇرۇپ، ئۇدۇلىدىكى دۆڭدىكى قەبرىلەرگە قاراپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى، ناخشا تولىمۇ مۇڭلۇق ئىدى. ئۇ ئۆمرىدە مەشرەپتە، ئېتىزدا، سەپەردىمۇ ناخشا ئېيتمىغان، پاراڭغىمۇ گال ئىدى، ھەتتا يېقىن

ئاغىنىسى ھاجىقۇلى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلسا، تۆگىــــگە، دۇنگە ئوخشاتسىمۇ، يا ئاق، يا كۆك دىمەيدىغان رېھىمشاھ ئەجابا بۇگۈن ناخشىچى بولۇپ قاپتۇ؟ دەرد ناخشا ئېيتقۇزىدۇ، ئۇ دەردلىــــك يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن خۇددى بۇلاق سۈيىدەك ئېتىلىــــپ چىقىدۇ. ئۇ ئاجايىپ مۆڭى بىلەن يەنە كۆڭۈلنىڭ تارىنى چېكىدۇ، مۇزدەك قاتقان كۆڭۈلنى ئېرىتىپ، ئادەم روھىنــــى كۆتۈرىدۇ، نەتىجىدە دەردى بار ئادەم يېنىكلەپ قالىدۇ. رېھىمشاھمۇ شۇنداق بولدى، ئۇ نــاخشا ئېيتقانسېرى دىلىدىكى غــەشلىك كــۆتـۈرۈلـۈپ، قايغۇ — ھەسرىتى ئۇنتۇلغاندەك بولدى. ئۇ قولىنى قۇلىقىنىڭ تۈۋىگە قويۇپ بار ئاۋازىدا ناخشا ئېيتقىنى يوق، بەلكــى بوش ئاۋازدا، يىراققا، قوشنىلارغا ئاڭلانمىغۇدەك ئاۋازدا ناخشا ئېيتتى.

رېھىمشاھ بۇگۈن كېچە بىر ئەمەس، ئىككى قېتىم ھاۋانىخاننى چۈشەپ قالدى. مەرھۇمنى چۈشىدە قايتا — قايتا كۆرۈش ئۇنىڭ دىلىنى ئېزىپ، مىسكىن قىلىپ قويدى ۋە قېنىپ ئۇخلىيالمىدى. ئاخىر ئۇ كۈن قىزارغاندا، تاغقا چىقىپ، مۇڭلۇق ناخشا ئېيتتى، خىيال كەپتىرىمۇ ئۆتمۈشكە ئۇچۇپ كەتتى. . .

ھاۋانىخان شارغوجا تۈگمەنچىلىرىنىڭ ئۇستىــــــى روزى تۈگمەنىنىڭ سىڭلىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا — ئانىسى كىچىكلىكىدە ئۆلۈپ كېتىپ، ئاكىسىنىڭ ئالدىدا چوڭ بولغانىدى. ئۇ ئېگىــز بويلۇق، زىلۋا قامەتلىك، سۇمبۇل چاچلىق، بۇغداي ئۆڭلۈك قىز ئىدى. ئۇ ئونبەش ياش ۋاقىتلىرىدىلا يىگىتلەردەك ئات چاپتۇرۇپ ئوينايتتى، ئوما ئوراتتى، خامان تېپەتتى، ھارۋا ھەيدەيتتى. ئــۇ ھــارۋا ھــەيدەپ كېتىۋاتقاندا، رېھىمشاھنى كــۆرۈپ قالسا، چوڭ — چوڭ بۇلاق كۆزلىرى پارقىراپ، يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ كېتەتتى ۋە رېھىمشاھقا كۈلۈمسىرەپ قاراپ قوياتتى. قارىماققا ئۇ رېھىمشاھ ئۆزىنى كۆرۈپ قالغىنى ئۇچۇن خىجىل بولغاندەك كۆرۈنەتتــى. ئەمما، ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ قارىشى يادىن چىققان ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ، رېھىمشاھنىڭ يۈرىكىگە بېرىپ تېگەتتى، تېگەتتى — دە،

قەلبىدە بىر شېرىن تۇيغۇ ئۆركەشلەيتتى، ئۇخچۇيتتى، تېپچەكلەيتتى.

ئۇ رېھىمشاھنىڭ ئون يەتتە ياشقا كىرگەن مەزگىلى ئىدى. لېكىن، ئاخشاملىرى ھاۋانىخاننى خىيال قىلسا، كۆز ئالدىغا كەلتۈرسىلا ئۇيقۇسى قاچىدىغان، ھاۋانىخاننى چۈشەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇنداق قىلىپ، رېھىمشاھنىڭ قەلبىدە «ھاۋانىخان» دىگەن ئىسىم يادلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ھەر قېتىم كوچىدا ئۇچرىشىپ قالغاندا ھاۋانىخاننىڭ تاتلىق كۈلۈمسىرىشىنى «مەن سېنى ياقتۇرىمەن» دىگەن بىشارىتى، دەپ چۈشەنگەن رېھىمشاھ جانلىنىپ كېتەتتى. ئۇ «ھاۋانىخان» ئۇچۇن دەپ زوق بىلەن ئىشلەيتتى. ئۇ ھويلىسىنى گۈلگە چۆمكىدى، ئانىسىنى ئېتىز يېنىغا يېقىن يولاتمىدى. ئۇنىڭ تاختا — تاختا ئېتىزىدا يەلپۈنۈپ تۇرغان ياپيېشىل بۇغدايلار، قوغۇن — قاپاقلار، باراڭ ئەتراپىدا ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈللەر، ياپيېشىل بېدىلىك ئۆتكەن — كەچكەن يولۇچىلارنى بىر قاراشقا مەجبۇر قىلاتتى. ھاۋانىخانمۇ ئۇنىڭ ئېتىزىنى كۆرسە زوقلانغىنىدىن ئاغزىنى ئېچىپلا قالاتتى. بىر قېتىم ئۇ رېھىمشاھنىڭ قوغۇنلۇقىغا كەلگەنىدى، ئۇ ئالدىغا قوغۇنلۇقتىن تەلپۈنۈپ چىققان رېھىمشاھقا يەرگە قارىغان پېتى:

— ئاكام، قوغۇن ئېلىپ كەل دىگەنىدى، — دىيەلىدى.

رېھىمشاھنىڭ كۆزى ئوت بولۇپياندى، ئاغزىغا گەپمۇ كەلمىدى، ئۇ تەسلىكە دۇدۇقلىدى:

— قوغۇن سىز — سىزدىن ئاي — لانسۇن! بۇ قوغۇنلارنى سىزنى دەپ تېرىدىم. خا — خالىغىنىڭىزچە ئۇ — ئۈزۈپ چىـقىڭ!

ھاۋانىخان ئوتلۇق كۆزلىرىنى رېھىمشاھقا بىر تىكتى — دە، يەرگە قارىغىنىچە قوغۇنلۇققا كىرىپ كەتتى، رېھىمشاھ ئۇنىڭ كەينىدىن كىردى. ھاۋانىخان ئۇ — بۇ قوغۇننى تۇتۇپ، پۇراپ كۆرۈپ:

— پىشماپتۇ، — دېدى.



www.uyghurkitap.com

— بۇ — بۇگۈنكى ئىسسىقتا قەندەك پىشتى، — دېدى رېھىمشاھ.

— بۇگۈنكى ئىسسىق قوغۇنىڭىزنى پىشارسىمۇ ئۆزىڭىزنى پىشىرالمايتۇ، — دەپ كۈلدى قىز.

رېھىمشاھ نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلمەي، راسا مەي باغلاپ پىشقان كۆكچىدىن ئىككىنى ئۈزۈپ قىزغا سۇندى. قىز كۆكچىنى ئېلىپ پۇرىدى ۋە قولتۇقىغا قىسىپ ماڭدى. چوڭ يولغا چىقىۋېلىپ، رېھىمشاھقا كۈلۈپ باقتى — دە:

— سىز تېزرەك پىشىڭ، تېخى سويما ئىكەنسىز، — دەپلا ۋىلىقلاپ كۈلۈپ يۈگۈردى.

— ھاۋانىخان، ئەتە كېلىڭ، — دەپ ۋارقىراپ قالدى ئەمدى گەپنىڭ تېگىگە يەتكەن رېھىمشاھ، — ئەتىگىچە پىشىپ كۆيۈپ قالىمەن.

ئەتىسى ئەمەس، ئۆگۈنى كەلدى قىز. ئۇ كەلگەندە رېھىمشاھ پايپېتەك بولۇپ، باراڭغا باشلىدى. تاڭ سۈزۈلگەندە ئۈزۈپ قويغان گۈلاۋا قوغۇندىن بىرنى تىلدى. ئۇ بەش قوغۇننى باراڭغا ئەكىرىپ قويغانىدى، ھاۋانىخان تىلنى يارغۇدەك بۇ قوغۇننى تويغۇچە يېدى. رېھىمشاھنىكى تارتىنىش نەلەرگىدۇر غايىب بولدى، ئۇ قىزغا چاقچاق قىلدى، لېكىن قىز قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقۇزمىدى. ئىككى كۈنگىچە قىز يوقاپ كەتتى، ئۈچىنچى كۈنى كۆز باغلانغاندا كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن باراڭدا يىگىت بىلەن قىزنىڭ بېسىق كۈلكىسى ئاڭلىنىدىغان بولدى.

يەنە بىر كۈنى قىز قۇرۇق كېلىۋېرىشتىن تارتىنىدىمۇ، رېھىمشاھقا يېپەكتىن گۈل چېكىلگەن قولياغلىقنى سۇندى، رېھىمشاھ قولياغلىقنى قوشۇپ ئۇنىڭ نازۇك قولىنى تۇتتى، قىز قولىنى تارتىۋالمىدى. شۇ كۈندىن تارتىپ ئۇلار باراڭ ئىچىدە ھەشقىپېچەكلەردەك چىرمىشىدىغان بولدى، ئۇلار سىرلىق ئايدىڭ كېچىلىرى بىللە بولۇپ سۆزلىشەتتى، ھاۋانىخان كۈندىن — كۈنگە

ئايدەك ئېچىلدى، باراڭدىن ئۇنىڭ قوڭغۇراقتەك زىل كۈلكىسى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇلار «ۋىتۋالداق — ۋىخ... ۋىخ... ۋىتۋالداق» قىلىپ سايرىغان بۆدۈنىلەرنىڭ ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ سايرىشاتتى، «كاككۇك» دېگەن ئاۋازغا تەڭكەش قىلىپ سۆيۈشەتتى...

بۇ ئاشىق — مەشۇقلارنىڭ باراڭدا چىرمىشىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ قالغان مىسىرشاھ دوستى ھەققىدە پىتنە — پاسات چىقىپ قالمىسا بولاتتى، دەپ ئەندىشە قىلىپ يۈردى. ئەلى دېھقانلار قوزغىلىڭى دەۋرىدە كۈرە ئېلىنغاندىن كېيىن ھاسانشاھمۇ ھايات قالغان لەشكەرلىرىنى باشلاپ شارغوجىغا قايتىپ كەلدى. ھاسانشاھ كېلىپ ھەپتىدىن كېيىن مىسىرشاھ ئۇنىڭ ئالدىغا كىردى. ئوغلى ئۆيلىنىمەن، دىسە خۇش بولمايدىغان ئاتا — ئانا بولمىسا كېرەك. ھاساشاھ روزى تۈگمەنچىگە دەررۇ ئەلچى كىرگۈزدى. ئەلچىلەر بىر نەچچە قاتىنىغاندىن كېيىن توي كۈنى بېكىتىلدى.

بۇ كۈنى ھاۋا ئىللىق، قۇياش نۇرى پۈتكۈل شارغوجىنى نۇرى ۋە ھارارىتىدىن بەھرىمەن قىلماقتا ئىدى، ئېتىزلار بۇغدايدىن بوشاپ قالغانىدى. شارغوجىلىقلار توي قىلىنىشنا يېزىدىكى ئەر — ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى تويغا چاقىراتتى. ئاياللار سۈت، ماي قۇيۇپ ئەتكەن توقاچلارنى يېقىپ كېلەتتى. رېھىمشاھ بىلەن ھاۋانىخانىنىڭ تويى ناھايىتى قىزىدى، بولۇپمۇ ئوتتۇز ئوغۇل ئولتۇرۇشى ھەممىدىن بەك قىزىدى. مىسىرشاھ رېھىمشاھنى ئولتۇرغۇزغانىدى، مىسىرشاھ قوي سويۇپ داستىخاننى مول تەييارلىغانىدى، يىگىتلەر كۈندۈزى ھاسانشاھ تاشلاپ بەرگەن ئوغلاقنى تارتىشىپ، ناماز دىگەر ۋاقتىدا ھاسانشاھنىڭ ئۆيىگە تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇز ئوغۇل ئولتۇرۇشى باشلىنىپ كەتتى. چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن تەمبۇر، دۇتتار، داپلار جاراڭلىدى، ئومۇمى سازدىن كېيىن، ناخشا باشلاندى، يەك نەپەس، ئومۇمى نەپەس ناخشىلار ئېيتىلدى، ئاندىن تاماق تارتىلدى. تاماقتىن كېيىن يەنە ناخشا باشلاندى:

لەيلى مەجنۇنتال ئېگىلدى،
يار ئېگىلمەيدۇ ماڭا.
يا كېلىپ ئالغىن بۇ جاننى،
يا كۆڭۈل بەرگىن ماڭا.

لەرزان يامغۇر ياغسا سىم—سىم،
يەرلەر يېشىل يول بولۇر.
مەن يارىمنى كەلتۇرسەم،
ئۆينىڭ ئىچى گۈل بولۇر.

— ئالامەت، ئەتە رېھىمشاھنىڭ ئۆيى گۈل بولىدىكەن — دە!
— قىزىلگۈلدەك پۇراق چاچىدۇ دەڭلا! — دېيىشتى ياشلار چاقچاق قىلىپ.
ناخشىدىن كېيىن بېيىت ئېيتىشتى، مىسىرشاھ باشلاپ بەردى:

چىللە باراڭ ئىچىدە،
خوپ ئۇيىنغان قارا كۆز.
ئاندا — مۇندا گەپ قىلىپ،
گوللاپ قويغان قارا كۆز.

— رېھىمشاھنى بارىڭدا راسا گوللاپتىكەن—دە!
— ۋاھ — ھا — ھا! قىخ — قىخ!
— رېھىمشاھ، سەن بۇگۈن يىگىت بولدۇڭ، قېنى، ھاۋانىخانغا ئېيتقان بېيىتىڭنى ئېيتىپ بېرە، — دېدى مىسىرشاھ.
— قېنى ئاڭلايلى، ئېيتە ھۇي دۆپىرى.
رېھىمشاھ قىزاردى. دوستلىرىنىڭ تەلىپىنى يەردە قويغۇسى كەلمەي، بېيىت ئېيتىشقا باشلىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورىستلى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يار يولىغا سەپ سېلىپ،
خۇش ئوينىغان قارا كۆز.
بويى ئۆسۈپ، ئات مىنىپ،
قوش هايدىغان قارا كۆز.

— نەق هاۋانىخانىنىڭ تەرىپىنى قىلدى، — دېدى بىرەيلەن.
— تىنچ، ئاڭلا، — دېدى جاماشاھ.
رېھىمشاھ سەل ئويلىنىۋېلىپ يەنە ئېيتتى:

جەدە ئاتقا مىنگەندە،
ياندۇرۇپ ئۆتۈك قارا كۆز.
قۇلاق سېلىپ گېپىمگە،
قاندۇرۇپ ئۆتۈك قارا كۆز.

— ئالامەت، ئەتىگىچە چىدا!
— ۋاھ — ھا — ھا!
كۈلكە — چاقچاق يەنە باشلىنىپ كەتتى. هاجىقۇلىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى، ئۇ جاماشاهنى قورايغا ئوخشايتتى. ئولتۇرۇش يېرىم كېچىگىچە سۈرۈلدى. مىسىرشاھ ئۆزۈرخاھلىق سۆزىدىن كېيىن مۇنداق جېكىدى:

— ئاغىنىلەر، ئەتە تاڭ ئاتقان هامان روزىكامىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، توي چېيىغا قارىشىپ بېرىشنى ئۇنتۇماڭلار. جاماشاھ يەنە كۆن چۈشكىچە ئۇخلىماي، سەھەر قوپ. سەن داستىخانچىلىق قىلىسەن.

ئەتىسى كەچلىكى ئوتتۇز ئوغۇل رېھىمشاهنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ كوچىغا چىقتى. ئۇلار داپ چېلىپ، «ئاي — هاي ئۆلەڭ» ئېيتىپ، روزى تۈگمەنىنىڭ قورۇسىغا باردى. نىكاھ قۇتبىسى ئوقۇلغاندىن

كېيىن قايتىشتى.

شار غوجىلىقلار قىزنى گىلەم ياكى پالازغا سېلىپ، يىگىت ھۇجرىسىغا كۆتۈرۈپ ئاپىراتتى. يىگىتلەر روزى تۇگمەن بەرگەن گىلەمنى ئېلىپ، مەيلىس[1] ئۆتكۈزۈلگەن ئۆيگە باردى. ھاۋانىخاننى گىلەمگە سېلىپ، تۆت ئادەم گىلەمنىڭ تۆت بۇرجىكىدىن كۆتۈرۈپ، رېھىمشاھنىڭ ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ قويدى.

2

رېھىمشاھ شۇ شېرىن كۈنلىرىنى ئەسلەپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، يۈرەك تارلىرى ئوينىدى، ئۇنىڭ كۆزى ھاۋانىخاننىڭ قەبرىسى يېنىدىكى قەبرىگە چۈشتى. شۇ ھامان ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى بۇ قەبرە ئىچىدىكى ئوغلىغا قاراپ ئۇچتى.

رېھىمشاھ توي قىلىپ ئۈچ يىلغىچە پەرزەنت كۆرمىدى، تۆتىنچى يىلىغا ئۆتكەندىلا پەرزەنت كۆردى. يەنە كېلىپ قانداق پەرزەنت دەڭ، نەسىل ئالاھىدىلىكىنىڭ مۇقەررەرلىكى بولسا كېرەك، بوۋاقمۇ خۇددى رېھىمشاھقا ئوخشاشلا چوڭ تۇغۇلدى. ھاسانشاھ، سالامەتخان، ھېۋىزىخانلار يەنە ھەيران بولۇپ ياقىسىنى تۇتۇشتى، ھېۋىزىخان بوۋاقنى يۇيۇۋېتىپ بوۋاقنىڭ گەجگىسىدىن قۇيرۇقىغىچە سوزۇلغان ئات يايلىسىنى كۆردى:

— خۇدايا توۋا، ئاتىسىغا ئوخشاشلا! — دېدى ئۇ.

رېھىمشاھ خۇشاللىقىدىن نىمە قىلارىنى بىلمەي قالدى، ئۇ دادىسىغا: «بۇ بالىنى قۇدرىتى ئاللا بەردى، ئىسمى رۇسۇلشاھ بولغاي» دېدى. ھاۋانىخان بولسا قايتا پەرزەنت كۆرمىدى، رۇسۇلشاھ دادىسىغا ئوخشاش تىنىم تاپماس بالا بولدى. ئەمما، دادىسىدەك قوي — موزاي ۋە قورام تاشلارنى كۆتۈرۈپ يۈرمىدى.

---

[1] مەيلىس — تويى بولغان قىزنى ئولتۇرغۇزۇش، دىگەن مەنىدە.

پەرزەنتنى تولىمۇ ئەتىۋارلاپ كەتمىسە بولغۇدەك، رۇسۇلشاھ ئون ياشقا كىرگەندە، ئۇشتۇمتۇت ئاغرىپ قالدى، رېھىمشاھ ئۇنى تېۋىپلارغا كۆرسىتىپ بىلدىكى، «رۇسۇلشاھقا كۆز تەگكەندى» بۇ چاغدا رېھىمشاھقا تۇمار پۇتۇپ بەرگەن ھېۋىزىخان ئانا يوق، دائىم كۆز — قۇلاق بولۇپ تۇرىدىغان سالامەتخان ئانا يوق، دادىسى ھاسانشاھنى بولسا، چاررۇسىيە جاللاتلىرى ئېتىپ ئۆلتۇرگەندى. ئەگەر ئۇلار ھايات بولغىنىدا، رۇسۇلشاھقا كۆز تەگمەسمىدىكىن. رۇسۇلشاھنىڭ ئۆلۈمى ھاۋانىخانغا ئېغىر كەلدى.

— رۇسۇلشاھ، نەدىسەن؟ — دەپ يىغلاپلا يۈردى ئانا.

بىر كۈنى رېھىمشاھ ھويلىسىغا كىرىپ تۇرۇپلا قالدى، ھاۋانىخان ئالما دەرىخىنىڭ ئۇچىغا قاراپ ۋارقىراۋاتاتتى:

— ھاي رۇسۇلشاھ، يەرگە چۈشكىن بالام، يىقىلىپ كېتىسەن، دەيمەن، نىمىشقا گېپىمنى ئاڭلىمايدىغاندۇ؟

رېھىمشاھنىڭ يۈرىكى تارسىدە قىلىپ قالدى، باغرى ئېزىلدى. ئۇ ھاۋانىخاننى قۇچاقلاپ، باش — كۆزىنى سىلىدى، تەسەللى بەردى. ھاۋانىخان شۇندىلا ئېسىنى يىغدى ۋە پاخشىدە ئېتىلىپ كەتتى. . .

— رۇسۇلشاھ، قوپقىن بالام. . .

رېھىمشاھنىڭ قۇلىقىغا ئانىسىنىڭ «قوپقىن بالام» دېگەن ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇ ئۆندەرەپ تۇرۇپ كەتتى، كۆزلىرىنى ئۇگىلىدى. كۆردىكى، سۆزلەۋاتقان ئانىسى ئەمەس، خوتۇنى ئىدى، ھاۋانىخان ئۇنىڭ يېنىغا ئۆرۈلۈۋالغانىدى، ئۇ تىنماي:

— تۇرغىن ساقام، ۋاخ بوپ كەتتى، چېيىڭنى ئىچىپ مەكتىپىڭگە بارغىن! — دەۋاتاتتى.

رېھىمشاھ خوتۇنىنىڭ كۆزىنى ئاچماي، قولىنى ئۇنىڭ تەرەپكە سوزۇپ، ئۇيقىلىق ھالدا ئوغلى ھايات ۋاقتىدا ياتىدىغان يەرنى تۇرىتكىلەۋاتقىنىنى كۆردى. رېھىمشاھنىڭ كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلدى، ئۇ بۇ ھالنى كۆرۈپ چىدىيالمىدى — دە؛

— ھاۋانىخان، كۆزۈڭنى ئاچ! — دەپ توۋلىدى.
ھاۋانىخان كۆزىنى ئاچتى ۋە:
— رۇسۇلشاھ نېمىشقا ئويغانمايدۇ؟ — دەپ يىغلاپ كەتتى.
— ئوغلىمىز ئويغىنىدۇ، باقى ئالەمدە ئويغىنىدۇ...
— ئاھ خۇدا ئۇنىڭ كۆيۈك ئوتى يۈرىكىمنى كۆيدۈرىۋاتىدۇ.
— سەبىر قىلايلى، بۇ ئىككىمىزگە كەلگەن قازا، قازاغا رىزا بولماق كېرەك.
ھاۋانىخان ئوغلى ياتىدىغان يەرگە ئۆزىنى ئېتىپ پەريات چەكتى، بۇ كۆرۈنۈش رېھىمشاھنىڭ يۈرىكىگە مەھكەم ئورناپ كەتتى. ئەمدى ئۇ ھاۋانىخاندىن ئەنسىرەپ قالدى. ئۇ مىسىرشاھتىن مەسلىھەت سوراپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىردى. مىسىرشاھنىڭ ئانىسى ئۇنى كۆرۈپ ھال سورىدى:
— بالام، ھاۋانىخانىنىڭ ھالى نېچۇك؟
رېھىمشاھ ھاۋانىخانىنىڭ بالا دەردىدە سارائ بولاي دەپ قالغىنىنى سۆزلەپ بەردى. موماي مەسلىھەت بەردى:
— بالا دەردى يامان، رۇسۇلشاھنىڭ كۆيۈك ئوتىنى بېسىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قەبرىسىدىن بىر چىمدىم توپا ئەكىلىپ ھاۋانىخانغا يىگۈزىۋەت، بۇنىڭغىمۇ بېسىلمىسا رۇسۇلشاھنىڭ قەبرىسىنى كۆرسەتكىن.
رېھىمشاھ مومايىنىڭ دېگىنىنى جان دەپ بېجىردى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ھاۋانىخان سۆزدىن قالدى. بۇ جىمخورلۇق رېھىمشاھقا يېڭى ئەندىشە ئېلىپ كەلدى. تۆت يىلدىن كېيىن بۇ ئەندىشە رېئاللىققا ئايلاندى. بالا ئوتى ھاۋانىخانىنى تىك چۈشۈردى. رېھىمشاھ قان يۇتۇپ يىغلىدى.
رېھىمشاھنىڭ خىيال يىپلىرى مۇشۇ دەقىقىگە كەلگەندە تارىسىدە ئۈزۈلدى، ئۇ مەيدىسىنى ئېچىپ پىغان چەكتى: «ئاھ خۇدا، يۈرىكىم مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان قايغۇ ئىسكەنجىسىدە سوقار — مۇ؟!» بۇ راست ئىدى، ئۇ خوتۇنىدىن ئايرىلىپ، شۇنچە چوڭ

قورۇسىدا يەككە — يېگانە ياشاپ يۈردى. قايغۇ — ھەسرەت چېكىپ، كىيگىنى كېپەن، يېگىنى زەھەر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە تاش يۇمىلاتقان تاغقا ئەمەس، جىگەر پارىلىرى ياتقان دۆڭگە چىقىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ، تەسەللى بەرگەن مىسىرشاھقا ئۇ ھەسرەت بىلەن ئىچ — قارنىنى تۆكتى:

— تىكەندەك بىر تال ئوغلۇم، ئەڭ سۆيۈملۈك ھەمراھىمدىن ئايرىلغىنىمنى بىلىسەنغۇ. رۇسۇلشاھ مېنىڭ پۇشتۇمغۇ، ئۇنىڭ قېنى مېنىڭ قېنىمغۇ، ئۇ ئىسسىق يۈرسە مەن توڭلىمايتتىم، ئۇ توق يۈرسە، مەن يېمىسەممۇ توق يۈرەتتىم، ئۇ كۈلسە كۈلەتتىم، يىغلىسا يىغلايتتىم، ئۇ مېنىڭ ئەڭ چوڭ بەخت قۇشۇم ئىدى. مېنى شادلاندۇرىدىغان شۇ ئۈمىد چىرىغىم قېنى، مېنى كېچە — كۈندۈز پەپىلەيدىغان غەمگۇزار پارەم قېنى!؟

رېھىمشاھ بىرلەھزە جىم بولدى، ئاندىن سۇس ئاۋازدا:

— ئەمدى ھايات كەچۈرۈشنىڭ تەمى قالمىدى بولغاي، — دېدى.

مىسىرشاھ قاتتىق ئويلىنىپ قالدى، ئۇ ئەلۋەتتە دوستىغا قوش مۇسىبەتنىڭ تولىمۇ ئېغىر كەلگىنىنى بىلەتتى. رېھىمشاھنىڭ بىرتال ئوغلى ئۇنىڭ يۈرەك باغرىنى لەختە — لەختە قان قىلىپ ئۇ دۇنياغا كەتتى، ھاۋانىخان — ئۇنىڭ ھەمرىيى، يۆلەنچۈكى بالىنىڭ ئوتىدا تولا يىغلاپ بىر تېرە، بىر سۆڭەككە ئايلىنىپ جان بەردى، ئۇ بۇ دۇنيادا تىكەندەك يالغۇز قالدى. شۇنچە ئېغىر غەم — قايغۇغا چىدىماق ئاسانمۇ؟ بۇ دەردكە چىدىمىغان رېھىمشاھ ھاۋانىخاننىڭ جىنازىسى ئالدىدا:

— ئون تۆرت كۈنلۈك ئاي ئىدى يۈزۈڭ، سەن بېغىمنىڭ قىزىلگۈلى ئىدىڭ، تۇپراققا ئاغۇشتە[1] بولدى ئاھۇ كۆزۈڭ. گۈل يۈزۈڭ كۈل بولدى، پەقىر ئېرىڭ قۇل بولدى، — دەپ پەريات چېكىپ يىغلىدى.

---

[1] ئاغۇشتە — ئارىلاشتى دېگەن سۆز.

رىھىمشاھ ھاۋانىخاندىن ئايرىلغاندىن كېيىن تېخىمۇ قاپ يۈرىدىغان، ھېچكىمگە ئارىلاشمايدىغان، ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئوۋغىمۇ رايى بارمايدىغان بۇرۇقتۇرما ھالەتتە ياشاشقا باشلىدى. مىسىرشاھ ئۇنىڭغا «جاھان ئۇنىڭغا بولدى قاراڭغۇ كېچە» دەپ ئېچىندى. رىھىمشاھ ئەنە شۇ قاراڭغۇ كېچە بۇرۇقتۇملىقىدا بىر يىلنى ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ رەڭگى — رۇخسارى سارغايدى، رىھىمشاھقا دائىم يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان مىسىرشاھ ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم شۇنداق نەسىھەت قىلدى:

— ئاداش، بىر ئادەم بۇ پانى دۇنيادا مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرسىمۇ بەرىبىر ئۆلىدۇ، ئۆلۈم ياش — قېرىغا باقمايدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، لوقمان ھېكىم مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرگەنىكەن. ئۇ بىر كۈنى چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە «سېنى ئەتە يىلان چېقىپ ئۆلتۈرىدۇ» دىگەن ۋەھيي كەپتۇ. لوقمان ھېكىمنىڭ يەنە ياشىغىسى بار ئىكەن، شۇڭا ئۇ ئېتىغا مىنىپ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىۋاپتۇ. ئۇ سۇدا يىلان بولمايدۇ، دەپ ئويلاپتىكەن. لوقمان ھېكىم شۇنداق كۈنگە قارىسا جۈمە نامىزى ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ. ئۇ تاھارەت ئېلىپ ئات ئۈستىدە سەجدىگە باش قويۇپتۇ. ئات يايلىسى ئارىسىدىن بىر يىلان چىقىپ، لوقمان ھېكىمنىڭ پېشانىسىدىن چېقىۋاپتۇ. لوقمان ھېكىم شۇ ھامان ئۆلۈپتۇ. مانا ئاداش، ئۆلمەيدىغان ئادەم يوق. شۇڭا سەبىر قىل، سەبىرلىك راخمانلىقتۇر، قەددىڭنى رۇسلا، «تىرىلمەك ھەق، ئۆلمەكمۇ ھەق» دىگەن ھۆكۈمگە ئەمەل قىل. سەن شۇنچە ئېغىر — بېسىق، سەبىر — چىداملىق ئادەم ئىدىڭ، ئۆزۈڭنى ئۇنداق تاشلىۋەتمە.

— ئەمىسە قانداق قىلاي؟ — دېدى رىھىمشاھ تىرىكىپ.

— بۇنداق قايغۇرىۋەرسەڭ ئۆزەڭنى كاردىن چىقىرىسەن، شۇڭا ئۇ مەرھۇملارنى تولا خىيال قىلما، كۆڭلۈڭ خوش بولىدىغان ئىشلارنى قىلىپ يۈر. سەن تېخى قېرىپ ھالىڭدىن كەتكىنىڭ يوق. كونىلار ئېيتقاندەك «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» بولىدۇ.

رېھىمشاھ ئۇندىمىدى، ئەمما مىسىرشاھنىڭ توغرا مەسلىھەتى ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. مىسىرشاھ ئۇنى بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندە تاماققا چاقىردى. مىسىرشاھ «خوتۇنى يوقنىڭ خۇدى يوق» دېگەن قاراشتا ئىدى، شۇڭا تاماقتىن كېيىن ئۇياقتىن — بۇياقتىن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى ۋە مۇنداق بىر تەكلىپنى بەردى:

— ساڭا بىر لايىق تاپتىم. ھاۋانىخاننىڭ چىرىغىنى ياندۇرار، دېگەن ئىشەنچىم بار. ئۇ تەرتىپكە سۇ بېرەلەيدۇ. قانداق دەيسەن؟

رېھىمشاھ يا ئاق، يا كۆك دېمىدى، يەرگە قاراپ ئولتۇردى. مىسىرشاھ يەنە زورلىدى:

— ماڭا قارا ئاداش، ئۆي دېگەندە خوتۇن بولمىسا بوران چىقىدۇ. مەن تاپقان لايىق تاماققا، ئۆي ئىشىغا ئۇستا. ھاۋانىخان سېنىڭ قىيامەتلىك جوراڭ، بۇ يېڭى لايىق بولسا پەقەت بۇ دۇنيادىلا ساڭا خىزمەت قىلىدۇ، خالاس.

رېھىمشاھقا ئاغىنىسىنىڭ «ھاۋانىخان قىيامەتلىك جوراڭ» دېگەن گېپى ياقتى. گۆش پىشۇرۇشتىن باشقا تاماق ئېتىشنى، چىغ سۇپۇرگىدە ئۆي سۇپۇرۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان رېھىمشاھ يالغۇز قالغاندىن كېيىن ئاچ — توق قېلىپ كۆپ قىينالغانىدى. قولۇم — قوشنىلىرى بىلەن مىسىرشاھنىڭ ئايالىغۇ ئۇنىڭ نېنىنى يېقىپ، كىرىنى يۇيۇپ بېرىۋاتىدۇ، ئانچە — مۇنچە تاماق سۇنۇۋاتىدۇ، لېكىن بىر ئۆمۈر باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ ياشىغىلى بولمايدۇ — دە، شۇڭا ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ سورىدى:

— تاپقان لايىقىڭ كىم؟

— توختاخۇننىڭ سىڭلىسى گۈلەۋزە!

— ھە، ئۇ تېخى قىزغۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېتىزغىمۇ، تالا — تۈزگىمۇ چىقمايدىغان بىر قىز.

— بۇ دېگىنىڭ دۇرۇستۇر، سەن ئەمدى ھاۋانىخاندەك پۇتۇڭغا پۇت، قولۇڭغا قول بولىدىغان ئەر يىگىتتەك خوتۇن تاپالمايسەن، گۈلەۋزە نازۇك ئۆسكەن قىز، ئەمما ئۆي ئىشىغا پىشقان، قولى

گۈل، — دەپ مىسىرشاھ لايىقىنى ماختاشقا ئۆتتى، — ئۇنىڭ ئاپئاق بارماقلىرىغا مەشۇت يىپ بويسۇنىدۇ، ئۇ مەشۇت يىپلاردىن چىرايلىق كەشتىلەرنى توقۇيدۇ. ئەتكەن تاماقلىرى ئېغىزدا قالىدۇ.

— ماختا، ئۇچۇر.

مىسىرشاھ بۇ گەپتىن رېھىمشاھنىڭ ماقۇل بولغانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئەتىسىلا توختاخۇننىڭ ئالدىغا ئەلچى بولۇپ باردى. ھەپتىدىن كېيىن توي ئۆتكۈزۈلدى.

توي بولۇپ ئىككى يىلغىچە گۈلەۋزە رېھىمشاھقا ئامراقلىق قىلدى، مېھىر — مۇھەببىتىنى تەقدىم قىلدى. كېيىن گۈلەۋزىدە يېڭى خۇي پەيدابولدى. «يەر بۇزۇلسا بۇدۇشقاق بولۇر، خوتۇن بۇزۇلسا ئۇرۇشقاق بولۇر» دېگەندەك، ئۇ تۇرۇپلا چېچىلىپ كېتەتتى، يوقىلاڭ ئىشلار ئۈچۈن كوتۇلدايتتى، قەدەمدە بىر تاپا — تەنە قىلاتتى، رېھىمشاھنىڭ ئالدىغا تاماقنى دوككىدە قوياتتى — دە، ئاغزى ئېچىلاتتى. رېھىمشاھ بۇنداق چاغلاردا ئۇشۇقچە گەپ قىلماي، ئالىيىپ قاراپ قوياتتى. تېرىكسە جېدەلنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. بۇ خىل خۇيلار رېھىمشاھنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتۇشقا باشلىدى. گۈلەۋزىنىڭ تۇغمىغىنى رۇسۇلشاھنىڭ دېگىدا پۇچىلىنىپ يۈرگەن رېھىمشاھقا تېخىمۇ ئېغىر كەلدى. ئۇنىڭ گۈلەۋزىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەي، ئۈيىدىن بىزار بولۇشقا باشلىدى، ئۇ ئاشلىقنى يىغىپ، مالنىڭ قىشلىق غېمىنى قىلاتتى — دە، ماللىرىغا قاراپ قويۇشنى مىسىرشاھقا تاپشۇرۇپ، بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى. ياركەنت، قاراقول، چېلەك قاتارلىق جايلارغا بېرىپ غەمدىن خالاس بولاتتى. گۈلەۋزە ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىۋالاتتى. مۇشۇنداق قىرتىڭ — سىرتىڭ بولۇپ يەنە بىر يىلنى ئۆتكۈزۈشتى. گۈلەۋزە بويىنىنى تېخىمۇ كۆپتۈرۈۋالدى. رېھىمشاھ ئاچچىقىدا ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ بېزىنى ئېلىپ قويدى. بۇ گۈلەۋزىنى تۇزەش ئەمەس، بەلكى كۆكەمىلىكىنى ئاشۇردى. بۇنىڭغا چىدىمىغان رېھىمشاھنىڭ ئاغزىدىن «تالاق قىلدىم» دېگەن سۆز چىقىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تورى ئادرېسى

## 3

يازنىڭ گۈزەل چاغلىرى رېھىمشاھنىڭ ھايات لەززىتىنى سۈرىدىغان چاغلىرى. ئۇ سۈبھى كۆتۈرۈلگەن چاغدا ئورنىدىن تۇراتتى، تاش چۆرىدىگەن تاغقا چىققۇچە ساپ ھاۋانى ئاچكۆزلەرچە سۈمۈرەتتى. ئۇ تاغ بېشىدىكى چىملىقتا ئولتۇرۇپ قۇياشنىڭ قىزىرىپ چىقىشىنى كۈتەتتى. ياپيېشىل، كەڭ يايلاق، ئېگىز تاغلار، ئېدىرلار، ئورمانلارنى تاماشا قىلاتتى. بۇلارنىڭ گۈزەللىكىگە مەھلىيا بولاتتى. ئاندىن جىلغىغا چۈشۈپ تاغ سۈيىدە يۇيۇناتتى، بەزى كۈنلىرى چۆمۈلەتتى. ئۇنىڭ ناشتىسىمۇ مۇشۇ تاغ سۈيى ئىدى. ئۇ مۇزدەك سوغۇق سۇنى ئوچۇملاپ ئىچەتتى. تاغ شامىلىغا مەيدىسىنى ئېچىپ تۇتۇپ بېرەتتى. ئۇ ھاياتلىقنىڭ لەززىتى مۇشۇ دەپ بىلەتتى. ئۇ تەبىئەتكە مۇشۇنداق يېقىن دوست ئىدى، تەبىئەتمۇ ئۇنى ئۆز ئوغلۇم، دەپ پەپىلەيتتى.

رېھىمشاھ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچكەندىن كېيىن ئانىسى تېرىپ يېتىشتۈرگەن، ھاۋانىخان كۆز قارىچۇغىدەك پەرۋىش قىلغان گۈللۈككە ئىشلەپ قوياتتى. ئۇ بۇ گۈللەرنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ ئېلىپ، ھاۋانىخان، رۇسۇلشاھلارنىڭ قەبرىسىگە كۆچۈرەتتى، ھەپتىدە ئىككى قېتىم يوغان قاپاقتا سۇ ئېلىپ چىقىپ بۇ گۈللەرنى سۇغۇراتتى. كۆپ ئۆتمەي بۇ گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ كېتەتتى.

## 4

— قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد، ئاللاھۇ سەمەد، لەم يەلد ۋالەم يۇلەد، ۋالەم يەكۇللاھۇ كۇھۇۋەن ئەھەد.

رېھىمشاھ قارى ئەمەس، بۆككىسى، مەدرىستە ئۆگەنگەن بۇ

ئايەتلارنى كۆندە ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ قىرائەت قىلىش ئىقتىدارى يوق، ئەمما شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاۋازى قارىلارنىڭ قىرائىتىدىنمۇ مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك ئاڭلىناتتى، چۈنكى ئۇنىڭ قىرائىتىگە مۇڭى، كۆز يېشى قوشۇلۇپ كەتكەنىدى.

— ھىم، رېھىمشاھ ئالمۇتىدىن كېلىپلا قەبرىستانلىققا چىقىپتۇ — دە، — دېدى دوستىنىڭ قىرائەت ئاۋازىنى ئاڭلىغان مىسىرشاھ سېير سېغىنۋاتقان خوتۇنىغا.

رېھىمشاھ قىرائەت قىلىپ بولۇپ گۈللۈككە سۇ چاچتى. قاپاقلارنىڭ ئۇچلۇق تۇمشۇقىدىن چۈشكەن سۇ بىلەن تەڭ رېھىمشاھنىڭ بولاقتەك ئېتىلىپ چىققان ئىسسىق يېشى قوشۇلۇپ، سولۇشۇپ قالغان گۈللەرگە جان كىرگۈزدى. رېھىمشاھ خوتۇنى بىلەن ئوغلىغا جان كىرىپ تىرىلىپ قالغاندەك سۆزلەپ كەتتى: «ئەي مېنىڭ ھاۋايىم، جان — جىگەر پۇشتۇم، مەنمۇ يېنىڭلاردا يېتىپ، بۇ دۇنيانىڭ ھەسرەت — نادامەتلىرىدىن قۇتۇلغۇم بار، ئەمما سىلەرنى كىم يوقلايدۇ، بۇ گۈللەرنى كىم باقىدۇ؟»

شارغوجىنىڭ ئاجايىپ چىرايلىق سەھەر ۋاقتى ئىدى. قۇياش ئۇپۇقتا ئاستا كۆتۈرۈلىۋاتاتتى. تاغ تەرەپتىن سوققان سالقىن كۆز شامىلى شارغوجىنىڭ كوچىلىرىنى كېزىپ، ئىشىكلەرنى قېقىپ يۈرەتتى. كىشىلەر ئىشىكلىرىنى ئېچىپ چىقىشتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسىز قەبرىستانلىقتا ئاھ ئۇرۇپ ئولتۇرغان يوغان ئادەمگە چۈشتى. مىسىرشاھ دوستىنىڭ نېمە خىياللاردا ئولتۇرغىنىنى بىلمەيتتى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ بىر نۇقتىغا كۆزىنى تىككىنىچە ئولتۇرغىنىدىن، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ياخشى — يامان كۈنلىرىنى، خۇشاللىق ۋە قايغۇلىرىنى ئەسلەۋاتقانلىقىنى قىياس قىلدى. رېھىمشاھ تولىمۇ سولغۇن كۆرۈنەتتى. ھەسرەت — نادامەت دېڭىزىدا ئۈزۈپ، ياش تۆكەتتى، ئۇنىڭ قەلبىدە بىر ئارمان يالقۇنجايتتى. ئەمما ئۇنىڭ يالقۇنلىرى ئازابلىق ئىدى. ئۇ ئاخىر ئۇلۇغ — كىچىك تىنىپ، ھەسرەت بىلەن نىدا قىلدى:

— ئاھ خۇدا، ئەجدادىمىزنىڭ ئۇرۇقى مېنىڭ بىلەن ئاخىرلىشارمۇ!؟

رېھىمشاھ پەرزەنتلىك بولۇشنى، بولغاندىمۇ ئوغۇللۇق بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى، لېكىن بۇ ئارزۇسى ئارزۇ پېتى قېلىۋەردى. شۇڭلا ھەر كۈنى قەبرىستانلىققا بېرىپ، گويا ئۆلگەن ئادەم تىرىلىدىغاندەك رۇسۇلشاھنىڭ قەبرىسىدىن چىقىشىنى كۈتەتتى. قەبرىگە قولىقىنى يېقىپ تىڭشايتتى، خۇداغا نالە قىلىپ يىغلايتتى.

5

مىلادىيە 1912 — يىل 1 — ئاينىڭ 5 — كۈنى. رېھىمشاھ شارغوجىلىق ئالتە دېھقان بىلەن بىللە غەللە — پاراق ئۇچۇن تاپشۇرىدىغان بۇغدايلىرىنى چانلارغا بېسىپ يولغا چىقتى. ئۇ باشقىلارغا ئوخشاش چانىسىدىكى تۆت تاغار بۇغداينىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇۋالغانىدى. ئاتلار چاننى بىر خىل سوك — سوك مېڭىشىدا سۆرەپ كېتىۋاتاتتى. چانا يول يۈزىدە، قېلىن ياغقان قار قاتقانلىقتىن سىلىق غىرىلدايتتى، بۇنداق سىلىق مېڭىش چاندىكىلەرنى بۆشۈكتەك تەۋرىتىپ ئۇيقۇسىنى كەلتۈردى. بۇنداق قاتتىق سوغۇقتا ئۇخلاپ قالغان كىشىنىڭ توڭلاپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ، شۇڭا ئۇلار ئۇخلاپ قېلىپ توڭلاپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەپ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. ئارىلاپ — ئارىلاپ ئاتلارغا «چۇھ جانىۋار» دەپ ۋارقىراپ قوياتتى، قامچىسىنى ئاتنىڭ دۈمبىسىدە ھاۋىلىتىپ قاس چىقىراتتى. سوغۇق جاراڭلاپ تۇراتتى. قىرو باغلاپ كەتكەن چاندىكى ئادەملەرنىڭمۇ ساقال — بۇرۇتىنى قىرو قاپلىغان، ھەتتا قاش — كىرپىكلىرىمۇ ئاپئاق بولۇپ كەتكەنىدى. رېھىمشاھ تۈكۈرۈۋىدى، چاننىڭ شوتىسىغا چۈشكەن تۈكۈرۈكى مۇز بولۇپ قاتتى.

— ھاي بۇرادەرلەر، — كەينىگە قاراپ توۋلىدى ئۇ، — ئۇخلاپ

قالماڭلار، بەك سوغۇق كۈنى يولغا چىقىپ قاپتۇق.

— ئۆلمىمىز!

دەريا بويىغا بېرىشىغا رېھىمشاھنىڭ يۈزىگە ئاچچىق سوغۇق شامال ئۇرۇلدى. ئۇ بۇرنىنى ئۇششىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن يۈزىنى جۇۋىنىڭ ياقىسىنىڭ ئىچىگە تىقتى. دەريا يۈزىنى قېلىن مۇز قاپلىغانىدى. ئۇلار چانىلىرىنى مۇز ئۈستىدىن ماڭغۇزۇپ دەريادىن ئۆتۈپ كەتتى.

رېھىمشاھلار باياندايى سېپىلغا بېرىشىغا ساقچىنىڭ شازىچىسى:

— بىزنىڭ تۆرخان[1]توشتى، بۇغداينى كۆرە تۆرخانغا ئاپىرىپ تۆكۈڭلار، — دېدى.

رېھىمشاھنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلىدى، شازىچى ئۇنىڭ دېۋەيلەپ كەلگىنىنى كۆرۈپ، ئالدىراپ دەرۋازىنى ياپتى. رېھىمشاھ ئىلاجسىزلىقتىن يېزىلىقلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، باياندايدىكى دەڭگە چۈشتى، ئەتىسى باش توخۇدا كۆرەگە قاراپ ماڭدى.

6

رېھىمشاھلار كۆرە قەلئەسىگە خېلى يورۇق يېتىپ باردى. بىر دەڭگە چۈشۈپ، ئاتلىرىنى چالدۇردى، ئۆزلىرىمۇ ئوبدان ئوزۇقلىنىپ ئارام ئالدى. ئەتىسى كۆرە سېپىلغا قاراپ ماڭدى. كوچىلاردا ئادەم يوق دېگۈدەك ئىدى. چېرىكلەر قورالىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. رېھىمشاھلار ساقچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، دەرۋازىنىڭ ئېتىكلىك ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇلاردەرۋازا ئالدىدىكى قاراۋۇللاردىن ساقچى دەرۋازىسىنى قاچان ئاچىدۇ، دەپ سورىغاندى، گېپىنى ئۇختۇرالمىدى، ئامالسىز ساقلاپ تۇردى. ساقلا — ساقلا دەرۋازا ئېچىلمىدى. كۈنمۇ قايرىلدى، پېشىن ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى.

---

[1] تۆرخان — ساقچى.

يەنە ساقلاپ تۇرسا كەچمۇ كىرىدۇ، سېپىل دەرۋازىلىرى تاقالسا ئۇلار نەدە ياتىدۇ؟ ئۇلار ئامالسىز قايتىشتى. كوچىلاردا پۇقرا ئەمەس، چېرىكلەرمۇ كۆرۈنمىدى. دۇكانلار ئېتىك، كوچىلار چۆلدەرەپ قالغانىدى. ئۇلار دەڭگە قايتىپ كېلىۋىدى، دەڭ دەرۋازىسىمۇ ئېتىك بولۇپ چىقتى. كوچىدا قالغىنىنى سەزگەن رېھىمشاھ يولداشلىرىنىڭ كېچىدە تالادا قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، سېپىلنىڭ سىرتىغا چىقىۋالماق بولدى. ئۇ ئېتىنى كۇرەنىڭ غەربى دەرۋازىسى تەرەپكە ھەيدىدى. شۇ ئارىدا كەچمۇ كىرىپ قالدى. رېھىمشاھلار تېخى دەرۋازىدىن چىقىشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى، قوماش قورۇغاندەك مىلتىق ئاۋازى ياڭراپ كەتتى، ئات ئۈركۈپ قاچتى، رېھىمشاھ كۈچلۈك بارماقلىرى بىلەن بوجىنى قاتتىق تارتتى، ئېتى توختىدى. ئۇ كەينىگە قارىدى، يولداشلىرى كۆرۈنمىدى.

— ھەي چەنتۇ، لەي، لەي، — دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى.

رېھىمشاھ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى. بوينىغا قىزىل لاتا باغلىۋالغان چېرىكلەرنى غۇۋا كۆردى. ئۇلار تام ياقىسىدا دەرەخلەرنى دالدا قىلىپ مىلتىق ئېتىۋاتاتتى. رېھىمشاھ قولىنى بېرى كەل، دەپ ئىشارە قىلىۋاتقان چېرىك يېنىغا «نېمە ئىش؟» دېگەنچە قىلىپ باردى. بىر چېرىك ئۇنىڭغا ئۇيغۇر تىلىنى بۇزۇپ سۆزلىدى:

— بىزدە شۇي جۇنگوەن دەيدۇ، ماۋۇ تاغار ماۋۇ جايغا قويىدۇ، شۇ.

— بۇ ساڭغا تۆكىدىغان دەن، — دېدى رېھىمشاھ چېرىكنىڭ سۆزىنى تەستە چۈشىنىپ.

— ھەي ئاكاڭىزا، ھازىر شۇ گېمىڭ[1] بولدى شۇ. گېمىڭ مەنچىڭ خانىنى يوقاتتى شۇ. بىيىپىڭدا مەنچىڭ خان يوق بولدى، — دەپ چېرىك قولىنى بوينىغا ئاپىرىپ بوغۇزلىغانىنى ئىشارە قىلدى، — سەن شۇ دەن بەرمەيدۇ.

[1] گېمىڭ — خەنزۇچە، ئىنقىلاب دېگەن سۆز.

بۇ ئەسكەرنىڭ دېگىنى راست ئىدى، بۇ 1912 — يىلى 1 — ئاينىڭ 7 — كۈنى كەچتىكى ئىش بولۇپ، ئىنقىلابىي ئەسكەرلەر كۆرە قەلئەسىنىڭ شىمالىدىكى قورال ئامبىرىغا ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى. بۇ ئامبارنى قوغداۋاتقان يېڭى مانجۇ باتالىئونى رېشاتكىنى توساق قىلىپ قوغدىنىۋاتاتتى. رېھىمشاھ ئۆزى بىلەن سۆزلەشكەن ئەسكەردىن ئەھۋالنى چالا — پۇچۇق ئۇقتى. ئۇ مەنچىڭ خانىنىڭ ئاغدۇرۇلغىنىنىلا بىلدى ۋە يەنە بۇلارنىڭ خەلقنىڭ ئىلىكىنى شوراپ، قېنىنى تۆككەن ئىلى جىياڭجۈنىنى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنى يوقىتىدىغىنىنى بىلدى، مۇشۇنچىلىك بىلگىنىلا ئۇنىڭغا كۇپايە ئىدى. ئۇ مۇزلىغىنىنمۇ، ۋەھىمىنىمۇ، قورسىقىنىڭ ئاچقىنىنىمۇ ئۇنتۇدى، ئۇ ئۆزىچە:

— ۋاھ، مۇنداق بولسا، مەنمۇ قاتنىشىمەن، دادامنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەن ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

رېھىمشاھ بۇغداي قاچىلانغان بىر تاغارنى قولتۇقىغا قىسىپ، ھېلىقى ئەسكەرگە قارىدى، ئەسكەر دوم يېتىپ مىلتىق ئېتىۋاتقان ئىككى ئەسكەرنى قوپۇرۇپ، «مەيەرگە قوي» دېدى، رېھىمشاھ قويدى، قالغان تاغارلارنىمۇ ئەسكەرلەرگە توساق قىلىپ تىزىپ بەردى. ئەسكەرلەر تاغار تۆپىسىگە مىلتىقنى قويۇپ قارىغا ئالدى.

—ياكشى، ياكشى! — دېدى بىر ئەسكەر ۋە خەنزۇچە سۆزلەپ بىر نېمىلەرنى دەپ كەتتى.

رېھىمشاھ ئۇيغۇرچىنى چالا بىلىدىغان ئەسكەرگە سوئال نەزىرىدە قارىدى. ئۇ ئەسكەر:

—بۇ شۇيجۇنگۇەن، سېنى ياكىشى، باتۇر، دەۋاتىدۇ، — دېدى.

رېھىمشاھ يولداشلىرىدىن ئەنسىرىدى، ئۇ چانىسىنى ھەيدەپ ئۇلارنى ئىزدىدى، ئۇ ئوق ئاۋازى چىقمىغان، چېرىكلەر يوق ئارقا كوچىنى ئايلاندى. ئۇ ئاخىر جەنۇبى دەرۋازىدىن يولداشلىرىنى تاپتى، ئۇلارنى ھېلىقى يەرگە — جەڭ مەيدانىغا باشلاپ باردى، بۇغداي

قاچىلانغان تاغارلارنى ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا توساق قىلىپ تىزىپ بەردى، ئاندىن ئۇلار ئات — چانىلىرىنى ئارقا كوچىغا ھەيدەپ باردى. رېھىمشاھ بىر ئۆينىڭ دەرۋازىسىنى قاقتى، ئۆيدىن:

— كىم ئۇ؟ — دېگەن ئۇيغۇرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— شارغوجىدىن دەن تۆككىلى كەلگەن دېھقانلار، دەڭلەر ئېتىلىپ كېتىپ تالادا قالدۇق، رەھىم قىلىپ بىر كېچە قوندۇرساڭلار، — دەپ يالۋۇردى رېھىمشاھ.

ئۆي پەنجىرىسى يورىدى، ئىشىك «غىچ» قىلىپ ئېچىلدى، بىر كىم چىقىپ دەرۋازا يوچۇقىدىن قارىدى ۋە ئۇلغۇرنى شاراقشىتىپ ئالدى. رېھىمشاھلار ھويلىغا كىردى، ئوڭ تەرەپتىكى ئېغىلغا ئاتلارنى باغلاپ بېدە تاشلاپ بەردى، ئۆي ئىگىسى ئوتتۇز ياشلاردىن ئاشقان كىشى ئىدى، ئۇ رېھىمشاھلارنى پىشايۋانلىق ئۆينىڭ سول تەرىپىدىكى بىر ئۆيگە باشلىدى. مەشتىكى قىزىل ئوت رېھىمشاھنىڭ كۆزىگە بېغىدىكى قىزىل گۈلدەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ يولداشلىرى مەشكە يېپىشتى. ئۇلار نەچچە پىيالە قايناق سۇ ئىچكەندىلا ئاندىن ئىسسىنىشتى، جۇۋىلىرىنى سېلىشىپ ئازادە ئولتۇرۇشتى. رېھىمشاھنىڭ ھەمرالىرى ھە دېگەندىلا ئۇخلاپ قالدى. رېھىمشاھ ئەسكەردىن ئاڭلىغانلىرىنى دەپ بەرگەندىن كېيىن ئۆي ئىگىسى باشقىدىن جانلاندى. ئۇ:

— بۇ چوڭ ئىش ئاكا، ئاخىرى ئۆز ئىچىدىن قوزغىلىپتۇ — دە، ئەلا پالۋان كۈرەگە ھۇجۇم قىلغاندىچۇ قاراڭ، دادامۇ سادىر پالۋانغا شىمالى دەرۋازىنى ئېچىشقا ياردەم بەرگەن، ئۇلار سېپىل ئۈستىگە چىقىپ، دەرۋازىنى قوغداۋاتقان چېرىكلەر بىلەن ئېلىشقاندا دادام شېھىت بولغانىكەن، ئەمدى ئەنتىنى ئالىدىغان پەيتى كەپتۇ، — دېدى.

— ۋاھ، شۇنداقمۇ، ئۇنداقتا ئىككىمىزنىڭ ئىنتىقام ئالىدىغان پەيتى كەپتۇ — دە، — دەپ رېھىمشاھمۇ دادىسىنىڭ قوزغىلاڭغا قاتناشقان ۋە شېھىت بولغان ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى، — يۇر ئۇكا،

بىزمۇ بىرىپ ئۇلۇغ ئىشقا ھەمدەم بولايلى.

— سىز قېرىپ قاپسىز ھەم چارچاپسىز، ئارام ئېلىڭ.

— نېمە دەۋاتىسەن، قېرىپ قاپسىز، دېدىڭمۇ؟ ماڭا قارا بالا، سېنى مۇنۇ چىمەلتىكىم بىلەن تاك ئەتسەملا ئۆزەڭنى بىلمەي ئون كۈن ياتىسەن جۇمۇ، خەلقىمنى ئۇزاق ۋاقىت بوزەك قىلغان مەلئۇنلارنى ئاسماننىڭ قەھرىگە تاشلايمەن!

— ئەمىسە كەتتۇق، — دېدى يىگىت پاختىلىق چاپىنىنى كىيىۋېتىپ.

رېھىمشاھمۇ جۇۋىسىنى قولىغا ئالدى. ئۇ يولداشلىرىنى ئويغاتماقچى بولدى، تۇرۇپلا يالتايدى، ئۇخلىۋالسۇن، ھېرىپ كەتتى، دەپ ئويلىدى. يىگىت:

— بۇلارمۇ بارامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇلار ئىسسىق ئۆيگە كىرىپلا ئېزىلىپ كەتتى، ئۇخلاۋەرسۇنلا.

رېھىمشاھ يولدا يىگىت بىلەن كېتىۋېتىپ يىگىتتىن سورىدى:

— بالام، راستىنىلا ئىلى جىياڭجۈننى ئاغدۇرارلارمۇ؟

## 7

رېھىمشاھ بۇ سوئالىغا نۇرمەمەت ئىسىملىك بۇ يىگىتتىن جاۋاپ ئالالمىدى. كېيىنرەك جاۋاپ تاپتى.

1911 — يىلى ( شۇەنتۇڭنىڭ 3 — يىلى ) 10 — ئاينىڭ 10 — كۈنى ۋۇچاڭ شەھرىدە تۇنجى توپ ئاۋازى ياڭرىدى، بۇ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ توپ ئاۋازى ئىدى. بۇ خەۋەر ھەرقايسى ئۆلكە، ئايماقلارغا يەتكەندىن كېيىن، مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ زۇلمىنى يەتكىچە تارتقان ھەر مىللەت خەلقى ئارقا — ئارقىدىن كۆتۈرۈلۈپ ئاۋاز قوشتى. چىڭ ئوردىسى گۇمران بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى.

ئەسلىدە ۋۇچاڭ شەھىرىدىكى «دېچۇژخۇي» تەشكىلاتى 1906 – يىلى مەنچىڭ خانىنىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. مەنچىڭ ھۆكۈمىتى بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىنقىلابچىلىرىدىن فېڭ تېمىن، فېڭ داشۇ قاتارلىقلارنى تۇتۇش ئۈچۈن ئىزدىدى، بۇ چاغدا بۇ پارتىيىنىڭ يەنە بىر ئادىمى ياڭ زەنشۇ بىلەن قويۇق ئالاقە قىلىپ تۇرغانىدى. ياڭ زەنشۇ ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى فۇسەن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن، «ئىتتىپاق» دېگەن تەشكىلاتقا قاتناشقان، مەنچىڭ ئوردىسىدا! ۋەزىپە ئۆتەۋاتقاندىمۇ ئىنقىلاۋى پائالىيەت بىلەن مەخپى شۇغۇللانغانىدى. 1907 – يىلى ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ جياڭجۈنى چاڭ گېڭ چىڭ ئوردىسىنىڭ جەنۇب، شىمال ئىككى ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئىلىغا يۆتكەپ، ئىلىدا مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇشنىڭ ئاساسىي كۆچى قىلىش بۇيرۇقىنى ئالدى. ئۇ بۇ قوشۇننى تەشكىللەشكە ياڭ زەنشۇنى مەسئۇل قىلدى. ياڭ زەنشۇ فېڭ تېمىن، فېڭ داشۇ قاتارلىقلارنى قىسمىغا قوشۇپ، 1908 – يىلى 7 – ئايدا ئىلىغا ئېلىپ كەلدى. ياڭ زەنشۇ تاللىۋالغان كوماندىر – جەڭچىلەر خۇبېي قۇرۇقلۇق ئارمىيە 8 – شەھەر مۇداپىئە قىسمىدىن بولۇپ، ئادىمى 640 نەپەرگە يېتەتتى. قىسىم پىيادە ئەسكەرلەر، زەمبىرەكچىلەر، دالا زەمبىرەك ۋە قۇرۇلۇش قىسمىدىن تەشكىل تاپقانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىلى رايونىدىمۇ ئىنقىلابچىلارنىڭ پائالىيىتى پەيدا بولدى. فېڭ تېمىن مەخپى ھالدا «شىنجاڭ – ئىلى ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتى» نى تەشكىللەپ ۋە ئۇنىڭغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئىنقىلابى كۈچلەرنى قۇدرەت تاپقۇزدى. ئىنقىلابچىلار ئارمىيە، ھۆكۈمەتتىكى ھەر قايسى ئورگانلار ياكى سودا ساھەلىرىگە تارقالدى، ئىدارە – مەكتەپ، سودا ساھەسى ياكى مىللى، دىنى ساھەلەرگە چوڭقۇرلاپ كىرىپ، ھەر ساھە زاتلىرى بىلەن چوڭقۇر ئالاقە باغلىدى. 1909 – يىلى بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈۋەنى، بىر پىيادە ئەسكەرلەر تۈۋەنى، بىر توپچىلار ئەترىتى، بىر ساپىيورلار يېڭىدىن تەركىب تاپقان 2400 دىن كۆپرەك كوماندىر – ئەسكىرى

بار ئىلى ئارىلاشما يېڭى ئارمىيىسى رەسمى تەشكىللەندى.
ئىلى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى فېڭ تېمىن خۇبېي ۋۇچاڭلىق بولۇپ، ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنىڭ پەننى بىلىم ئاشۇرۇش ئورنى — كۇندىلىك بىلىم جەمئىيىتىنىڭ غوللۇق ئەزاسى، ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتى خۇبېي شۆبىسىنىڭ رىياسەتچىسى ئىدى. ئۇ ئارمىيە بىلەن ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن، يېڭى ئارىلاشما ئارمىيىنىڭ شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، ئىنقىلابچىلارنىڭ سىياسى رەھبىرى بولدى. 1910 — يىلى 3 — ئاينىڭ 25 — كۈنى يېڭىدىن نەشىر قىلىنغان «ئىلى بەيخۇا گېزىتى» (ئۇيغۇرچە ئىسمى «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ گېزىتى») گە باش مۇھەررىر بولۇپ، خەنزۇچە، مانجۇچە، موڭغۇلچە، ئۇيغۇرچە تۆت خىل يېزىقتا گېزىت چىقاردى. گېزىتتە دۆلەتنى مۇنقەرىزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىگىلىك هوقۇقىمىزنى قايتۇرۇۋېلىش خىتاپ قىلىندى. ئىنقىلاپچىلار خۇيزۇ چوڭ مەسچىتىدە دۆلەتنى مۇنقەرىزلىكتىن قۇتقۇزۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى.
چىن خاندانلىقى ئارقا سەپنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، خاڭجۇ جياڭجۈنى جى رۇي بىلەن ئىلى جياڭجۈنى گۇاڭ فۇنىڭ خىزمىتىنى ئالماشتۇردى. جى رۇي خاننىڭ تۇغقىنى بولۇپ، ئىنتايىن جاھىل، تەكەببۇر ئادەم ئىدى. ئۇ ئىلىغا كېلىش سەپىرىدە شەنشى — گەنسۇنىڭ ۋالىيسى چاڭ گېڭ، شىنجاڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا قاتارلىقلار بىلەن پادىشاھ شۆھنتۇڭنى غەربكە كۆچۈرۈپ، ئىنقىلاپ ئېقىمىغا قارشى تۇرۇشنى مەخپى پىلانلىدى. جى رۇي 1911 — يىلى 11 — ئاينىڭ 15 — كۈنى كۇرەگە كەلدى. 12 — ئاينىڭ 17 — كۈنى «ئىلى بەيخۇا گېزىتى»نى توختىتىش بۇيرۇقى چىقىرىپ، جامائەت پىكرىنى ئىسكەنجىگە ئالدى. چۈنكى بۇ گېزىت مەنچىڭ خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بارغانىدى، جى رۇي شىنخەي ئىنقىلابى ئىلىدىمۇ قوزغىلىشى مۇمكىن، دىگەن گۇماندا بولدى. ئۇ ئاۋۋال ياڭ زەنشۇ

www.uyghurkitap.com

ۋە ئۇنىڭ ئارمىيىسىدىن گۇمانلاندى. ئۇ كۆپ باش قاتۇرۇپ، ياڭ زەنشۇ ئارمىيىسىنى تارقىتىۋېتىشنى، كوماندىر — جەڭچىلەرنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە قايتۇرۇشنى قارار قىلدى.

— جانابىي جياڭجۇنى، — دېدى ياڭ زەنشۇ ئارمىيىسىنى تارقىتىۋېتىش بۇيرۇقىنى ئالغاندىن كېيىن جى رۇيغا، — بۇيرۇقلىرىنى بېجىرىمەن، ئەمما ئەسكەرلەرنىڭ جۇۋا — شالۋۇرلىرىنى سالدۇرىۋالمىساق، ھازىر ھاۋاسوغۇق، ئۇلار جۇۋا — شالۋۇر كىيمىسە يولدا توڭلاپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئىجازەت بەرگەيلا، ئۇلار ئەڭ بولمىغاندا، تەلكە تاغلىرىدىن ئۆتۈۋالغاندىن كېيىنمۇ جۇۋىلىرىنى سالدۇرۇۋالساق.

—بولمايدۇ، ئۆلەمدۇ، تىرىلەمدۇ، كارىڭىز بولمىسۇن! — دېدى دېدى جى رۇي.

— ئەمىسە جانابلىرى، — دېدى ياڭ زەنشۇمۇ كەسكىنلىك بىلەن، — مەنمۇ خىزمىتىمدىن ئىستىپا بېرىمەن.

جى رۇينىڭ ئۆكتەملىكىگە بارلىق كوماندىر — جەڭچىلەر غەزەپلەندى، پۇقرالار ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلدى. ياڭ زەنشۇ بۇنى پۇرسەت دەپ بىلدى، ئۇ فېڭ تېمىن، خاۋكېچۈەن، لى فۇخۇاڭلارنى ئىشقا سالدى، ئۇلار قوزغىلىش تەييارلىقىنى قىلدى، جەنۇبىي قورال — ياراق ئامبىرىنى باشقۇرىدىغان خۇاڭ لىجۇڭ ئىنقىلاپ سېپىگە مەخپى كىرگەندى، شۇڭا ئىش پايدىلىق تەرەپكە يۈزلەندى. فېڭ داشۇ، ماللىشا قاتارلىقلار ئىلىدىكى دىنى زاتلار، يۇقىرى قاتلام ئەربابلىرىدىن ھېكىمبەگ غوجا، ھۇسەنباي ھاجىم، باۋدۇنباي مۇسابايېۋلار ۋە باشقا زىيالىلار بىلەن ئالاقىلاشتى، تىنىيەن شۇ «گىلاۋخوي» تەشكىلاتىنىڭ كاتتىۋېشى شۇي كەيتەي بىلەن مۇناسىۋەت باغلىدى، لى فۇخۇاڭ يېڭى ھەربىي قىسىملار بىلەن ئالاقىلاشتى، ياڭ زەنشۇ مەسلىھەتچى ئامباللىق ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ شۇي كەيتەينى يېڭى يۈەنجۈن قىسمىنىڭ تۇەن كوماندىرلىقىغا مەخپى تەيىنلىدى. يېڭى — كونا مانجۇ يېڭىدىن باشقا ھەربىي

قىسىملارنىڭ كوماندىر — جەڭچىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى «گىلاۋخۇي» تەشكىلاتىغا كىرگەنىدى، بۇ ئەھۋال ئىنقىلابقا پايدىلىق ئىدى.

ئىنقىلابىي پارتىيىدىكىلەر يەرلىك خەلققە مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ مۇستەبىت زۇلۇمىنى ئېچىپ تاشلىدى، تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، مەنچىڭ خاندانلىقىنى ئاغدۇرمىغىچە سىنىپى زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇمدىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغىنىنى چۈشەندۇردى. بۇ خىل تەرغىبات، تەييارلىقلار بىلەن كۆتۈرۈلۈش پۇرسىتى پىشىپ يېتىلگەنىدى. قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىش ئورگىنى قۇرۇلۇپ، لى فۇخۇاڭ باش قوماندانلىققا تەيىنلەندى. ئۇ فېڭ تېمىن بىلەن قوزغىلاڭنى بىرلىكتە پىلانلىدى، ئۇلار 69 كىشىلىك پىدائىيلار تەشكىللىدى. بايراق ۋە مۇراجەتنامىنى ئىشلىدى. ئىنقىلابچىلار خۇاڭ لىجۇڭ باشقۇرغان جەنۇبىي قورال — ياراق ئىسكىلاتىدىن يوشۇرۇن ھالدا قورال، ئوق — دورا يۆتكىدى. 1912 — يىلى 1 — ئاينىڭ 7 — كۈنى ئىنقىلابچىلار كۇرەنىڭ جەنۇبىي قوۋۇقى سىرتىدىكى توپچىلار كوماندىرى خۇۋنىيۇەنىنىڭ تويىنى تەبرىكلەشنى باھانە قىلىپ، كېچە سائەت 12 دە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى، «غەلىبە» دېگەن سۆزنى پارول قىلىشنى، قوزغىلاڭغا قاتنىشىدىغانلار دۇڭگۇەن مەكتىپى مەيدانىغا يىغىلىشنى مەخپىي قارار قىلدى. مۇشۇنداق جىددىي پىلان تۈزۈلۈۋاتقاندا، خائىنلارنىڭ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارلاپ قويغانلىقى بايقىلىپ، پارول دەرھال «جۇمھۇرىيەت» كە ئۆزگەرتىلدى. قوزغىلاڭ ۋاقتى سائەت 8 گە سۈرۈلدى. جى رۇي بۇ ئىشتىن قوزغىلاڭ پارتلاشتىن ئىلگىرى خەۋەر تاپتى، ئۇ ئىلىدا 50 نەچچە يىڭ مەنچىڭ قوشۇنى بار، ئۇلارنىڭ ئوق — دورىسى يوق يېڭى ئارمىيەنى باستۇرۇشقا قۇدرىتى يېتىدۇ، دەپ ئويلىدى. ئۇ قوزغىلاڭنىڭ پات ئارىدا پارتلىشىدىن خەۋەر تېپىپ، ئالمان — تالمان ئەسكەر يۆتكەپ، مۇداپىئە كۆردى ھەمدە ھەربىيلەرنىڭ تۇتۇپ قالغان ئىش ھەققىلىرىنى تولۇقلاپ بېرىش ئارقىلىق قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى پارچىلاشقا ئۇرۇندى.

بۇ ھالقىلىق پەيتتە، لى فۇخۇاڭ ئىنقىلابىي ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلىپ، گازارمىدىن بۆسۆپ چىقىپ، شەھەردىكى پىستىرما جەڭچىلەرنىڭ ماسلىشىدا كۇرەنىڭ شەرقى قوۋۇقىنى ئىشغال قىلدى. ھەر مىللەت كوماندىر — جەڭچىلەردىن تەركىب تاپقان پىدائىلار تۆەنى شەرقى قوۋۇقتىن ئارقا — ئارقىدىن كۇرەگە قاراپ ئاقتى. فېڭ تېمىن باشلىغان قىسىم جەنۇبى ئىسكىلاتنى ئىشغال قىلدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ھەربى ۋە خەلق قورال — ياراغ، ئوق — دورىلارغا ئىگە بولدى. ئاندىن ئەسكەرلەر ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ يۈرۈش قىلدى، ئىككى يولغا بۆلۈنگەن ئەسكەرلەر ئايرىم — جياڭجۈن مەھكىمىسىگە ۋە شىمالى قورال — ياراق ئىسكىلاتىغا ھۇجۇم قىلدى، يەنە بىر يولغا يۈرۈش قىلغان ئەسكەرلەر جى رۈيگە ياردەمگە كەلگەن قوشۇنغا توسۇپ زەربە بەردى. خاۋ كېچۈەن باشلىغان قىسىمنىڭ جياڭجۈن مەھكىمىسىگە قىلغان ھۇجۇمى ئىنتايىن شىددەتلىك بولدى، جى رۈينىڭ مۇھاپىزەتچى قىسىمى قوۋۇقنى تاقىۋېلىپ، قاتتىق قارشىلىق قىلدى. شۇڭا جياڭجۈن مەھكىمىسى ئوت قويۇپ ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق ئىشغال قىلىندى. جى رۈي تامدىن ئارتىلىپ قېچىپ، كونا مانجۇ يېڭىنىڭ سول قانىتىدىكى ئامبال يامۇلىغا يوشۇرۇندى. فېڭ داشۇ، لى مېڭبياۋلار قوشۇننى باشلاپ بېرىپ يامۇلنى بېسىۋالدى. كونا مانجۇ يېڭىدىكى كوماندىر — ئەسكەرلەر بىتەرەپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. فېڭ تېمىن قاتارلىقلار پىدائىلار تۆەنىنى باشلاپ، شىمالى ئىسكىلاتقا ھۇجۇم قىلغاندا، يېڭى مانجۇ يېڭىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. قايتا — قايتا ھۇجۇم قىلغاچقا ئارمىيە — خەلقتىن نۇرغۇن ئادەم تالاپەتكە ئۇچرىدى. ھەر قايسى يۆنىلىشلەردىن ئارمىيە، خەلق ئارقا — ئارقىدىن ياردەمگە كەلدى. ۋېي مىشاھ بىلەن نۇرمەمەتلەر ئەنە شۇ ياردەمگە كەلگۈچىلەر سېپىدە ئىدى.

8

رېھىمشاھ بىلەن نۇرمەمەت كەلگەندە، جەڭ راسا قىزىپ كەتكەندى، كوماندىر شوي كەيتەي رېھىمشاھلارنى ياردارلارنى ئارقا كوچىدىكى تىببى پونكىتقا توشۇشقا بۇيرۇدى. نۇرمەمەت خەنزۇتىلىدا شوي كەيتەيگە:

— مەن جەڭ قىلىشقا كەلگەن، ماڭا قورال بېرىڭ، — دېدى.

— ئەۋۇ ياردارنىڭ مىلتىقىنى ئېلىڭ، — دېدى شوي كەيتەي.

نۇرمەمەت رېھىمشاھ كۆتۈرۈپ ماڭغان ياردارنىڭ مىلتىقىنى ئالدى، ئۇنىڭ يېنىدا ياتقان ئەسكەر نۇرمەمەتكە ئوق سېلىش، زاتۇۋورنى قايرىش، قارىغا ئېلىش ۋە تەپكىنى بېسىشنى ئۆگىتىپ قويدى. ياردارلارنى توشۇش يەنىلا رېھىمشاھقا قالدى. ئۇ بىر ياردارنى لىككىدە كۆتۈرۈپ، خۇددى بوۋاقنى كۆتۈرگەندەك، ئاۋايلاپ ئېلىپ كەتتى، ئۇ ياردارلارنى توشۇپ بولدى. جەڭنىڭ سۈرۈلۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن شوي كەيتەي:

— ئەي باتۇر تاغا، قوم توشۇڭ، — دېدى.

نۇرمەمەت رېھىمشاھقا شوي كەيتەينىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى. رېھىمشاھ ئارقا كوچىلاردىن قوم قاچىلانغان تاغارلارنى كۆتۈرۈپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇ بىر تاغار قومنى نۇرمەمەتنىڭ ئالدىغا قويۇشىغا يۇگۇرۇپ كەلگەن چاپارمەن:

— جۇشەنچېن، لىيۇچېنسەنلەرگە ئوق تېگىپ ئۆلدى، — دېدى.

شوي كەيتەي قاپىقىنى تۈردى. ئۇ قول ئاستىدىكى ئىككى كوماندىرغا مۇنداق دېدى:

— مىڭ كوتەي چاتاق قىلىۋەرسە بىزگە يامان بولىدۇ، سېپىل سىرتىدىكى مانجۇ، موڭغۇل مۇنتىزىم قوشۇنى، سۇيدۇڭ مۇداپىئە يىغىندىكى مەنچىڭ قوشۇنلىرى ھۇجۇم قىلىپ، ئامباردىكى قورال — ياراقلارنى قولىغا كىرگۈزۈۋالسا قوشۇنىمىز خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

ئۇنىڭ كېيىنكى تۇگىشىگە ياڭ زەڭشۇ، فىڭ شىمىنلار كەلدى،
شۇ كەيتەي ئۆز مۇلاھىزىسىنى ئۇلارغىمۇ دەپ بەردى.
— ئەمىسە، — دېدى فىڭ تېمىن، — يىگىرمە تۆت كالىبىرلىق
زەمبىرەك بىلەن شىمالى قورال ئامبىرىنى توپقا تۇتساق بولغۇدەك.
كىرسىن چېچىپ ئوت قويۇپ، رىشاتكىنى كۆيدۈرسەك، رىشاتكا
مۇداپىئەسى يوق بولىدۇ.
— بولماسمىكىن، — دېدى ياڭ زەڭشۇ، — ئىنقىلاپ قىلىشتا
خەلق رايىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، توپقا تۇتۇپ، ئوت قويۇپ،
كوچا جېڭى قىلساق پۇقرالارغا زىيان — زەخمەت يېتىدۇ.
نۇرمەمەتنىڭ تەرجىمە قىلىپ بېرىشى نەتىجىسىدە بۇ گەپلەرنىڭ
مەنىسىگە يەتكەن رېھىمشاھ:
— ھە، بۇ گەپچە بۇلار پۇقرالارنى ئويلايدىكەن — دە، — دېدى.
نۇرمەمەت رېھىمشاھقا ياڭ زەڭشۇنىڭ مۇنۇ بۇيرۇقىنى تەرجىمە
قىلىپ بەردى:
— قورغاس تەرەپكە بىر نەچچە پاي توپ ئېتىلسۇن، توپ
ئوقىنىڭ ھەيۋىسى بىلەن مانجۇ يىڭى تەسلىم بولار.
گۈلدۈرلەپ توپ ئېتىلدى.

9

بۇ ئېتىلغان توپ پو ئاتقاندەك بىلىندىمۇ، مانجۇ يىڭى تەسلىم
بولمىدى، ئىنقىلابى پارتىيىدىكىلەر ئاخىر سۆھبەتلىشىش ئۇسۇلىنى
قوللاندى. ئۇلار شىبە مىللىتىدىن بولغان ئىلى جياڭجۈن
مەھكىمىسىنىڭ سابىق جياڭجۈنى گۇاڭ فۇ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى
ئېلىپ باردى، گۇاڭ فۇنى مانجۇ يىڭىدىكىلەرمۇ، ئىنقىلابچىلار
تەرىپىگە ئۆتكەن سىبىق تۇغلۇق خان چىرىكلىرىمۇ ھۆرمەت قىلاتتى،
ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايتتى. سۆھبەتتە ئىنقىلابى پارتىيىدىكىلەر گۇاڭ

فۇنى تۇتۇقبەگلىككە تەيىنلىمەكچى بولدى. گۇاڭ فۇ سۆھبەت نەتجىسىنى ئېلىپ، مانجۇ يىڭغا باردى. ئۇنىڭ نەسىھىتى ۋە ئۆز يىڭىدىكى بىر قىسىم چېرىكلەرنىڭ ئىنقىلابچىلار تەرىپىگە ئۆتكىنىنى ئاڭلاپ، مىڭ كۆتەيمۇ ئۇرۇشنى توختىتىشقا قوشۇلدى. 1 — ئاينىڭ 8 — كۈنى ئەتىگەن سائەت 7 دە ئۇرۇش توختىدى. بۇ خەۋەردىن ھەممە خوش بولدى، كۈرە قەلئەسىلا ئەمەس، سۈيدۈڭ، غۇلجا شەھىرى ۋە بارلىق يەتتە قەلئە خەلقى تەنتەنە قىلدى. ئىلى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى ھەر قايسى ساھەلەر بويىچە بىرلەشمە يىغىن چاقىرىپ، خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، خۇيزۇدىن ئىبارەت «بەش مىللەت ئورتاق ئىلگىرىلەش جەمئىيىتى» قۇردى. ياڭ زەنشۇ جەمئىيەت باشلىقلىقىغا كۆرسىتىلدى، ياڭ زەنشۇ گۇاڭ فۇنى تۇتۇقبەگلىككە قويۇشقا كۆرسەتتى ھەمدە ئىلىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنى، ئىلىدىكى سەككىز قوشۇننى تىنىچلاندۇرۇشقا چاقىردى. ئەينى ۋاقىتتا، دۆلەت ئىچى — سىرتىدىكى ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، فېڭ تېمىن قاتارلىقلار بۇ تەكلىپكە قوشۇلدى، «جۇڭخۇا مىنگو ھەربى ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئىلى تۇتۇقبېگىنىڭ مۆھۈرى»نى گۇاڭ فۇغا تاپشۇرۇپ بەردى. 1 — ئاينىڭ 8 — كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى سائەت 9 دا شىنجاڭ ئىلى تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.

تۇتۇقبەگ مەھكىمىسى سانسىز يامان ئىشلارنى قىلغان ئەمەلدارلارنى قولغا ئالدى ۋە ئۆلتۈردى، خائىنلارغا ئۆلۈم جازاسى بەردى. توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلىغان قاراقچى، باندىتلارنى قاتتىق جازالىدى. جى رۇينى يوشۇرۇنغان جايىدىن تۇتۇپ چىقىپ، ئۆلۈم جازاسى بەردى. تۇتۇقبەگ مەھكىمىسى فېئوداللىق ياساق — تۈزۈملەر ۋە كالىندارنى بىكار قىلدى. خۇاڭدى يىلنامىسى بويىچە، مىلادىيە 1912 — يىلى 1 — ئاينىڭ 8 — كۈنى ئەلنى تىنچلاندۇرۇش ئېلانى چىقىرىپ، ئارمىيەگە پۇل ئىئانە قىلىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى، چەتئەللىكلەرنى قوغداشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1912 — يىلى 2 — ئاينىڭ 22 — كۈنى «ئىلى بەيخۇاگېزىتى» نىڭ كۆرە شىمالى چوڭ كوچىسىدىكى كونا ئورنىدا «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» نەشىر قىلىنىپ، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە يېزىقتا تارقىتىلدى. بۇ گېزىت سىياسەتنى تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى رىغبەتلەندۈرۈش، دۈشمەنگە زەربە بېرىش رولىنى ئوينىدى.

مەنچىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنىڭ ئىلىدىمۇ ئاغدۇرۇلغىنىدىن خوش بولغان رېھىمشاھ كۆرەدە بىر ھەپتە تۇرۇپ قالدى. نۇرمەمەتنىڭ تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشقانلىقى ھەققىدە چاقىرىق كەلگەندە، ئۇ نۇرمەمەتنى ئاپىرىپ قويغاچ شارغوجىغا قايتماقچى بولدى. يول ئۈستىدە نۇرمەمەت كۆلكىلىك قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ياڭ زەنشۇنىڭ توپ ئېتىشقا بۇيرۇغىنىنى، توپلارنىڭ ئېتىلغىنىنى ئېسىڭىزدىدۇر؟

— ھە، توپ ئاۋازىدىن قۇلاقلىرىم پۈتۈپ كەتكەندى.

— بىز بۇ توپ ئوقلىرى زايا كەتتى، دەپ ئويلىغاندۇق، ئەمما زايا بولماپتۇ، ئوغرى مۈشۈكلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتۇ.

— ئوغرى مۈشۈكلەر دېدىڭمۇ؟

— ھە، ئوغرى مۈشۈكلەردىن قورۇلغان بىر بىرلەشمە ئەترەت قورغاس چېگرىسىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈپتىكەن، توپ ئوقلىرى ئۇلارغا چۈشۈپ بىر مۇنچىسىنى ئۆلتۈرۈپتۇ، ئوغرى مۈشۈكلەر باشلىقى «بالدۇر تەييارلىق قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ، چېكىنەيلى» دەپ چېگرىدىن غىپپىدە ئۆتۈپ قويرۇقنى خادا قىپتۇ.

— مۈشۈكلەرمۇ ئۇرۇشۇش ئۈچۈن بىرلەشمە ئەترەت قۇرۇپتىما!

نۇرمەمەت رېھىمشاھنىڭ ساددىلىقىغا ئىچىدەكۈلۈپ قويدى.

— ھەي، بۆككى تاغا، گېپىمگە چۈشەنمەپسىز، بۇ ئوغرى مۈشۈكلەر چارروسىيىنىڭ ئوغرى ئەسكەرلىرى بولمامدۇ!

— مۇنداق دە، ۋاھ — ھا — ھا! — رېھىمشاھ كۈلۈپ قېتىپ

قالدى. ئۇ كۆلكىسىنى بېسىپ جىددى قىلىپ مۇنداق دېدى، — ھە، بۇ خۇمپەرلەر بۇرۇنمۇ قورغاس چېگرىسىدىن نۇرغۇن ئەسكەر كىرگۈزۈپ، ئەلا پالۋان باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغانىدى، ئۇلار يەنە كىرگىنىگە قارىغاندا دەندەپ قاپتۇ — دە، ھە، «نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەن شۇ. توپ ئوقلىرى ئۇلارنىڭ بېشىنى يەنچىپ خويما قىپتۇ، كىمكى خەققە يامانلىق قىلىدىكەن، بۇ يامانلىق ئۆزىگە قايتىدۇ.

10

رېھىمشاھ كۆك كۆۋرۈككە كېلىپ، تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىنىڭ قەيەردىلىكىنى كىشىلەردىن سورىدى. بىر يىگىت ئۇنىڭغا «ھېكىمبەگ غوجىنىڭ ئوردىسىدا» دەپ جاۋاپ بەردى. رېھىمشاھ:

— ھېكىمبەگنىڭ ئوردىسى ئەمەلدىن قالدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يوقسۇ، تۇتۇقبەگ مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ شەھەرگە يۆتكىلىپ كەلگەندە، مەھكىمە قىلغۇدەك ھۆكۈمەت ئۆيى يوق ئىدى. ھېكىمبەگ غوجام ئوردىسىنى ھۆكۈمەت ئورنى قىلىشقا تەقدىم قىلدى، — دېدى بىر يىگىت.

— ھېكىمبەگ ئوردىسىنى قەيەرگە كۆچۈردى؟

— شەھەر ئىچىدىكى كەسكەن يار مەھەللىسىگە ئۆي — جاي سېلىۋاتىدۇ.

— غىياسىدىن ھېكىم تەرەققىپەرۋەر زات جۇمۇ، — دېدى رېھىمشاھ.

رېھىمشاھنىڭ سۆزىگە بىر يىگىت سۆز قوشتى:

— راست دەيلا، بۇل زات مۇسا گۇڭ ۋاقتىدىن بۇيان ئوردا قىلىنىپ كېلىۋاتقان ئىلى گۇڭ — بەگلىك ئوردىسىنى ھۆكۈمەتكە بەردى، ھەتتا بىرىنچى بولۇپ، بىر ئۆرۈمە چېچىنى كەستى. ھېكىمبەگ غوجىنىڭ بۇ ئىشىدىن باشقا ئەمەلدارلارمۇ تەسىرلىنىپ

چاچلىرىنى كېسىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر قىياپىتىگە كىرىشتى.
رىھىمشاھ بىلەن نۇرمەمەت بۇ يىگىتلەردىن خۇش بولۇپ، تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىگە قاراپ ماڭدى. نۇرمەمەت قاراۋۇلغا ئالاقىنى كۆرسەتتى، قاراۋۇل ئۇلارنى بىر ئىشخانىغا باشلاپ كىرىدى. ئىشخانىدىكى بىر خەنزۇ يىگىت ئالاقىنى قولىغا ئېلىپ كۆردى ۋە قىزغىن قارشى ئالدى:
— ھە نۇرمەمەت، كەلدىڭىزمۇ، ياخشى بولدى، تەرجىمان بەك كېرەك بولۇپ كەتكەنىدى. بايىلا ئۇيغۇر بايلىرى كېلىپ، بىر نېمىلەرنى دېۋىدى، چۈشىنەلمىدىم. ئاخىر ئۇلار مۇنۇ ئادەمنى قويۇپ كەتتى. ئۇنىڭدىن سوراپ باقسىڭىز، بايلارنىڭ نېمە ئىشى بار ئىكەن؟
نۇرمەمەت ئىشخانىنىڭ ئىشىكىگە يۆلىنىپ تۇرغان ئادەمدىن سورىدى. ئۇ ئادەم مۇنداق جاۋاب قىلدى:
— مەن ھۇسەنباي ھاجىمنىڭ تېرە زاۋۇتىدا ئىشلەيمەن، ھۇسەنباي ھاجىم بىلەن ياقۇپ ھاجىم ئۆز زاۋۇتىدا تىكىلگەن ئاياغ كىيىم، ئەگەر — جابدۇقلاردىن مىنگو[1] ئەسكەرلىرىگە بەرمەكچىدى، ئۇلار يېڭى ھۆكۈمەت بىز تەقدىم قىلغان نەرسىلەرنى قەيەردە تاپشۇرۇپ ئالىدىكىن، ئۇقۇپ بارغىن، دەپ مېنى قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. مۇنۇ ئادەمگە گەپ ئۇقتۇرالماي تۇرۇۋشۇم.
نۇرمەمەت ئۇنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئىشخانا خادىمى بەك خۇش بولدى، ئۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— كۆپ رەھمەت، بايلارنىڭ يېڭى ھۆكۈمەتنى قوللىغانلىقىغا دوتەي نامىدىن كۆپ رەھمەت، — دېدى.
— بۇ ئادەم ياردەم قىلىنىدىغان نەرسىلەرنى قەيەرگە ئاپىرىپ بېرىمىز، دەيدۇ، — دېدى نۇرمەمەت.

[1] مىنگو — جۇڭخوا مىنگو دېگەن سۆز.

— بۇنىڭغا مەن بىر نېمە دېيەلمەيمەن، تۇتۇقبەگدىن سوراپ چىقاي، بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار.

ئىشخانا خادىمى يەنە بىر خانىغا كىرەي، دەپ تۇرۇشىغا يەنە بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇ نۇرمەمەتكە:

— ھېكىمبەگ غوجام ھەربىلەرنىڭ يېمەك — ئىچمىكى، ئات — ئۇلىقىنىڭ يەم خەشىكىنى يەتكۈزۈپ بەرمەكچىدى، قەيەرگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى سوراپ كەل، دەپ مېنى ئەۋەتكەن، ئۇكام قەيەرگە يەتكۈزۈپ بېرىمىز؟ — دەپ سورىدى.

خادىم خۇشلىقىدىن ئىككى قولىنى جۈپلەپ ئېھتىرام بىلدۈردى ۋە:

— بەك ياخشى، بەك ياخشى، مەن تۇتۇقبەگ جانابلىرىدىن سوراپ چىقاي، ئولتۇرۇشۇپ تۇرۇشىلا، — دەپ ئىچىنىڭ كىرىپ كەتتى.

بىر چاغدا خادىم بىر ھەربىنى باشلاپ چىقتى، ئۇنى رېھىمشاھ بىلەن نۇرمەمەت تونىدى:

— ياڭ زەنشۇ جاڭگۈەن! — دەپ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— ھا، نۇرمەتى، كەلدىڭىزمۇ، ياخشى، ياخشى، ھا، پالۋانمۇ كەپتۇ — دە! — ياڭ زەنشۇ شۇنداق دەپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

ياڭ زەنشۇ تەسىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى:

— ئەسكەرلىرىمىز يېمەك — ئىچمەك، قىشلىق كىيىمدىن قىينىلىۋاتقاندا، ئۇيغۇر ئاقساقاللىرىنىڭ ياردەم قولىنى سوزغىنىغا بەك خوش بولدۇم، ھېكىمبەگ، ھۇسەنباي، ياقۇپبايلار ھۆكۈمىتىمىز ئەزالىرى بولغاچقا بۇ قىيىنچىلىقىمىزنى يېڭىشىمىزغا ياردەم بېرىشتە باشلامچىلىق قىپتۇ، ئۇيغۇرلار ياردەم قىلمىسا مىنگو ھۆكۈمىتى پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. شۇڭا ئاقساقاللارغا رەھمەت ئېيتىمەن. قەيەرگە ئاپىرىشقا كەلسەك، كۆپ قىسمىنى كورەگە ئاپارساق، بىراق بىزدە ئۇلاغ يوق بولىۋاتىدۇ.

— مەندە بار، مەن كورەگە ئاپىرىپ بېرىمەن، — دېدى

ريھىمشاھ.

— نەچچە ھارۋىڭىز بار؟ — دەپ سورىدى ياك زەنشۇ.

— بىرچانام بار.

— ۋاھ — ھا — ھا! بىر چانا، — دەپ كۈلدى ھوسەنباي، زاۋۇتىدىن كەلگەن ئادەم.

— ھوي، نېمىگە كۈلىسەن؟ — دەپ ھومايدى ريھىمشاھ.

— ئىككى چوك باي بىر ھارۋا نەرسە بېرەمدا!

— ئەمىسە قانچە چانىلىق ياردەم قىلىسەن؟

— قىرىق — ئەللىك چانا بولسا بولار.

— ئاكاك قارىغايچۇ، يۇز چانىمۇ تېپىپ بېرىدۇ، ئىنقىلابچىلارغا لازىملىق نەرسە تېپىپ بېرىش دېگەن ئۇكا، چوك ساۋابلىق ئىش جۇمۇ، دەك دەرۋازا، سۇ دەرۋازىدىكى سارايلار ۋە توپا دەڭدىنلا بىرەر يۈز ھارۋا، چانا تېپىلىپ بېرەي، ئەمما مەندىن باشقىسىغا كىرا ھەققى بېرىسەن.

— پاھ، ئۇيغۇرلار نېمىدېگەن كەڭ قورساق، مەردانە — ھە!

— دېدى ياك زەنشۇ ريھىمشاھنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ.

— سەنچۇ، ھاي ھېكىمنىڭ ئادىمى؟ — دەپ سورىدى ريھىمشاھ.

— ھېكىمبەگ غوجا پەقەت قەيەرگە ئاپىرىپ بېرىشنىلا سوراپ كەل دېگەن، ئۇ كىشىگە كۆرەگە ئاپىرىدىكەنمىزلا دېسەم بولدى، ئۇ زات ئۆزى ئۇلاق تېپىپ ئاپىرىپ بېرەر.

— مېنىڭ زۆرۈر ئىشىم بار ئىدى، قالغان ئىشنى جاك شەنسىك بىلەن پۇتتۇرەرسىلەر، شىياۋجاك، نۇرمەمەتنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇك، ئىشقىمۇ چۇشۇپ بوپتۇ، كۆرەگە ياردەمنى ئاپىرىشقا پالۋان باش بولسا بولار.

ياك زەنشۇ شۇنداق دەپ خوشلاشتى — دە، چىقىپ كەتتى. جاك شەنسىك دېگىنى ئىشخانا خادىمى ئىكەن. ھېكىمبەگنىڭ ئادىمى كەتتى.

ريھىمشاھ نۇرمەمەت بىلەن جاك شەنسىگنى چانىسىغا

ئولتۇرغۇزۇپ، ھۈسەنبايىنىڭ ئالدىغا، ئاندىن ياقۇپباي ھاجىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ياغ زەنشۇنىڭ رەھمىتىنى يەتكۈزدى. بېرىلىدىغان ياردەم مىقدارىنى ئۇقتى. رېھىمشاھ دەڭ دەرۋازىغا بېرىپ ئېتىنى چالدۇردى، ئۆزىنىڭ قارىنىنىمۇ توقلىدى. ئۇ بالدۇرلا ئۇخلاپ قالدى. ئەتىسى ئەتىگەندىلا دوتەي يامۇلغا كېلىپ، نۇرمەمەتتىن ھۈسەنباي، ياقۇپباي ھاجىلارغا يېزىلغان ئالاقىنى ئالدى — دە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇلارنىڭ ئادەملىرىگە يۈكنى تەقلەپ قويۇشنى جېكىپ، سۇ دەرۋازىدىكى سارايغا كەلدى. ئۇ يەردىن يەتتە ھارۋىكەش بىلەن سۆزلىشىپ، كىرادا پۈتۈشتى، ئۇ ھارۋىكەشلەرنى ياقۇپباي ھاجىنىڭ زاۋۇتىغا بېرىپ يۈك بېسىشقا جورۇپ، دەڭ دەرۋازىغا باردى، ئۇ ئاخشام سۆزلىشىپ قويغان چانىلارنى باشلاپ ھۈسەنباي زاۋۇتىغا كەلدى، بۇ يەردە ئالتە چانىغا يۈك باستى، ئاندىن باش كۆۋرۈككە چىقىپ ساقلىدى. ئۇلارنىڭ قولى مۇزلىغان ئارىلىقتا يەتتە چانا غىرىلداپ كەلدى. رېھىمشاھنىڭ چانىسى باشتا ئىدى. ئۇ چانىسىنى ئىتتىك ھايدىدى. رېھىمشاھ كۈرەگە ئۈچ قاتناپلا يۈكنى توشۇپ بولدى.

ئۇ ئەمدى شارغوجىغا قايتتى. ئۇنى شارغۇجىدا بىر تۇرمۇش خۇشاللىقى كۈتۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ تۇغقانلىرى قاش مەھەللىسىدىن سائادەتخان ئىسىملىك بىر ئايالنى ئۇنىڭغا لايىق كۆرۈپ تېپىپ قويغانىدى. ئەمما، رېھىمشاھ بۇ خوتۇندىنمۇ پەرزەنت كۆرمىدى، ئۇ مىسىرشاھنىڭ تەكلىپى ۋە تېپىپ بېرىشى بىلەن بالا بېقىۋالدى، بالىسىغا «ئەرەبشاھ» دەپ ئىسىم قويدى.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، رېھىمشاھ پالۋاننىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە قانداق كەچۈرمىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئوقۇپ بىلىڭ.

www.uyghurkitap.com

# 6 — باب ئالەمنىڭ بىر يۇلتۇزى ئۇچتى

1

قويۇق قارىغايلىق ئىچىدە كېچىدە ئېلىشىش باشلىنىپ كەتتى. چاچ — ساقاللىرىغا ئاق ئارىلىغان رەھىمشاھقا قورالىق ئىككى ئادەم غالجىر ئىتتەك ئېتىلدى. رەھىمشاھ ئۆزىگە ئېتىلغانلارنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ، بىرىنى — بىرىگە ئۇردى. ئىككى ئادەم تاغ ئاستىغا دومىلاپ چۇشۇپ كەتتى، شۇ هامان بىر نەچچە قورالىق ئادەم يوپۇرۇلۇپ كەلدى. رەھىمشاھ ئالدىغا كەلگىنىنى كەتمەن كۆتۈرگەندەك ئېگىز كۆتۈرۈپ، كەينىدىن يوپۇرۇلۇپ كەلگەنلەرگە ئاتتى. قورالىق ئادەملەردىن بىر نەچچىسى تەڭ يىقىلدى، ئەمما ئۇلار ئاۋۇۋەردى، رەھىمشاھ يەردىكى سۇنۇپ يىقىلغان بىر قارىغاينى دەس كۆتۈرۈپ ئالدى — دە، ئۇنى شىلتىپ پىقىراتتى. ئۇنىڭغا خىرىس قىلىپ كەلگەن رەقىبلىرى بىر — بىرلەپ يىقىلدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتماقچى بولغانلارنىڭ تاغ باغرىغا دومىلاپ چۇشۇپ كېتىۋاتقىنىنى، بەزىلەرنىڭ ياتقىنىنى كۆرۈپ، قارىغاينى ئۇلار ئۈستىگە تاشلىدى ۋە يەردىكى خۇرجۇننى ئېلىپ سول مۈرىسىگە ئارتتى.

ئۇ چوڭ — چوڭ قەدەملەر بىلەن تاغ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى.

رەھىمشاھ چوڭ — چوڭ قەدەم تاشلايتتى. ۋاھالەنكى، ئايىغىدىن تىۋىش چىقمايتتى. ئۇ تىۋىش چىقارماسلىق ئۈچۈن، پۇرۇم چوقاي كىيىپ يولغا چىققانىدى، پۇرۇم چوقاي يېنىك ۋە سىلىق ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشقانلار چارروسىيىنىڭ چېگرا ساقلايدىغان ئەسكەرلىرى ئىدى. ئۇ چارروسىيە مۇستەملىكە قىلىۋالغان تەرەپكە

ئۆتۈپ سەگەكلەشتى، ئېھتىياتچانلىق بىلەن يولنى داۋام قىلدى. ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراپ، قارىغايلارنى پانالاپ، ئارسلاندەك ئالغا ئىلگىرلىدى.

ئۇ بىردىن ئورنىدا تۇرۇپ قالدى. تۇن قاراڭغۇسىدا بىر توپ ئادەملەرنىڭ ئۆزى تەرەپكە قارا كۆرۈنەر كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سەگەكلەشتى. بىر چوڭ قارىغاينىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنۈپ سىنچىلاپ قارىدى. ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتقانلار بىر توپ خەلقتەك قىلاتتى، ئارىلىرىدا بوۋاي — موماي لارمۇ، بالىلارمو باردەك كۆرۈندى. شۇڭا، رېھىمشاھ خاتىرجەم ھالدا قارىغاي دالدىسىدىن چىقتى: «بەلەن بولدى، مەن ئىزدىگەنلەر ئالدىمغا چىقتى» دەپ خوش بولغان رېھىمشاھ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. ئۇدۇلىدىن كېلىۋاتقانلار ئىچىدە بىر — ئىككى بالىلار يىغلىغاندەك ئاڭلاندى، رېھىمشاھ «ھەي، يامان بولدى، ئەسكەرلەر ئاڭلاپ قالىدىغان بولدى» دەپ ئويلاپ ئۇلار تەرەپكە يۈگۈردى. ئۇ يىغلىغان بالىلارنى يۆلىۋېتىپ: «تىنىچ، ئاۋاز چىقارما، بۆجى كېلىدۇ» دەپ پىچىرلىدى، يىغىسىنى توختاتمىغان بىر بالىنىڭ ئاغزىنى قولى بىلەن ئېتىپ، ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قارىدى، بالىلار موملىرىدىن ئاڭلىغان چۆچەكلەردىكى دېۋىدەك بۇ ئادەمدىن قورقتى بولغاي، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ يېنىغا بوۋاي — موماي، خوتۇن — قىزلار كېلىشتى. رېھىمشاھ خۇرجۇننى مۈرىسىدىن چۈشۈرۈپ، ئۈچ توقاچ ئالدى — دە، بىر بوۋايغا سۇنۇپ تۇرۇپ پىچىرلىدى:

— مۇنۇ توقاچلارنى بىر بۇردىن بۆلۈپ بېرىڭ، مەندىن قورقماڭلار، ئىسمىم رېھىمشاھ، مەن سىلەرنى قۇتقۇزغىلى كەلدىم.

— ھوي — ھوي، سېلىمخان ئېيتىپ بەرگەن بىزنى قۇتقۇزغۇچى باتۇر سىزمۇ؟ ئاھ قېرىندىشىم، — دەپ پىچىرلىدى بوۋاي.

— ئاز گەپ قىلىڭ، — دېدى رېھىمشاھ، — سىلەر مۇشۇ يەردە ئاۋاز چىقارماي ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن چېگرا ئەسكەرلىد-

ـرى بارمۇ، يوق، قاراپ كېلەي.

بوۋاي ناننى بالىلارغا بۆلۈپ بەردى، رېھىمشاھ خۇرجۇننى مۈرىسىگە ئارتتى، بىر بالا رېھىمشاھنىڭ پۇتىغا ئېسىلدى:

— ئاغاتاي، ماغان تاغى بەرشى، نان! نان بەرشى! ①

— كۆپ يېسەڭ زەھەرلىنىپ ئۆلىسەن، ئاچ قالغان ئادەم ئاز — ئازدىن يېيىشى كېرەك.

— ۋاي باي، قايتارمىز ئىندى ئاۋ؟②، — دەپ موماي زارلاندى.

— غەم يېمەڭلار، سىلەرنى ئاش — تاماق مول يۇرتۇمغا ئۆتكۈزۈپ قويىمەن، ئەندىشە قىلماڭلار.

رېھىمشاھ بايا چېگرا ئەسكەرلىرى بىلەن ئېلىشقان يەرگە باردى. ئەسكەرلەرنىڭ ئۆلۈكىدىن باشقا ھېچكىم يوقلىقىغا كۆزى يەتتى. ئۇ قايتىپ كېلىپ، بىر كىچىك ئوغۇلنى خۇددى رۇسۇلشاھنى مىندۈرگەندەك بويىنىغا مىندۈردى، نان دەپ جېدەل قىلغان بالىنى ئوڭ قولتۇقىغا، يەنە بىر بالىنى سول قولتۇقىغا قىسىپ كۆتۈردى، ئۇنىڭغا بوۋاي — مومايلار ئەگەشتى. ئۇ چېگرىدىن ئۆتكەندىلا، بىراق توختىدى. ئەگەشتۈرۈپ كەلگەنلەرگە يەنە نان تارقىتىپ بېرىپ ئۇقتۇردى:

— مۇنۇ تاغنىڭ ئۇ يېقىغا ئۆتسەڭلار شوتا يېزىسىغا بارىسىلەر، ئۇ يەردىن خالىغان يېرىڭلارغا بېرىشقا بولىدۇ، مۇنۇ چىغىر يول بىلەن مېڭىڭلار، بىر — بىرىڭلاردىن ئايرىلىپ قالماڭلار.

## 2

رېھىمشاھ ھويلىدا ئوغلى ئەرەبشاھنى بويىنىغا مىندۈرۈپ

---

① قازاقچە، ئاكا، ماڭا يەنە نان بەر، دىگەن سۆز.
② قازاقچە، ۋايىيەي، قانداق قىلىمىز ئەمدى؟ دېگەن سۆز.

«تۆگە — تۆگىلەك» دەپ ئوينىتىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە مىسىرشاھ كىرىپ كەلدى. رېھىمشاھ ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپلا سورىدى:
— تىنچلىقمۇ ئۆزى، ئۆگسۇلۇك يوقلا كىرىپ كېلىۋاتىسەنغۇ؟
— ئېيتما، — دېدى مىسىرشاھ پېشايۋان سۇپىسىغا ئولتۇرۇۋېتىپ، — دۇنيا ئۇرۇشىدا ئاق پادىشاھ يېڭىلىپتۇ. ئۇ ئەسكەرلىرىنى تولۇقلاش، لەخمە كولاش ۋە باشقا ئىشلارغا سېلىش ئۈچۈن ئوروسلاردىنلا ئەمەس، قازاق، قىرغىز، ئۇيغۇرلاردىنمۇ مەجبۇرى ئەسكەر ئاپتۇ. قازاقلار باللىرىنىڭ توپ يېمى بولۇشىغا چىدىماي قارشلىق قىلغانىكەن، ئاق پادىشاھ قارشلىق قىلغانلارنى ئۆلتۈرۈپتۇ، تۇتقۇن قىلىپ سۈرگۈن قىپتۇ. قىرغىز، ئۇيغۇرلارمۇ قارشلىق قىلىشقا، باللىرىنى قاچۇرۇشقا باشلاپتۇ. ۋەھشىلەشكەن ئاق پادىشاھ ھەربىي ئەمەلدارلىرى ئۆلارنىمۇ قىرىشىپتۇ. ئالمۇتا، يەتتە سۇ رايونلىرىدا چوڭ قىرغىنچىلىق بولۇپ، قىيامەت قايىم بوپتۇ.
— ئۇلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنمىكەن؟
— ھەئە، دەسلەپىدە قازاقلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنىكەن، كېيىن قىرغىز، ئۇيغۇرلارمۇ قوشۇلۇپتۇ، ئۇلار ئاق پادىشاھ ئەمەلدارلىرى، ساقچىلارنى ئۆلتۈرۈپ، بۇلانغان مال — چارۋىلارنى تارتىۋاپتۇ، ئاق پادىشاھ ئەسكەر چىقىرىپ، ياخشى — يامانىنى پەرقلەندۈرمەي، ئاۋۇل، يېزىلاردا چوڭ قىرغىن[1] ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىسسىق قېنى دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مۇبارەك تېنىنى قاغا — قوزغۇنلار چوقۇپتۇ، ھەييى، قاراقولدا ھاجىقۇلى، جاماشاھ ۋە مېنىڭ نەۋرە تۇغقانلىرىم بار ئىدى. ئۇلارمۇ. . . .
مىسىرشاھ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيىشكە تىلى بارمىدى. رېھىمشاھ ئەرەبشاھنى بويىنىدىن ئىتتىك چۇشۇردى، ئۇنىڭ كۆزلىرى غەمكىن قىسىلدى. ئولتۇردى، يەنە ئورنىدىن تىككىدە تۇردى.

---

[1] بۇ يەردە 1917— يىلدىكى قىرغىز قىرغىنچىلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

يالغۇز رىھىمشاھ ئەمەس، يەتتە سۇ، ئالمۇتا تەرەپتە تۇغقانلىرى بار ئىلى خەلقى بۇ شۇم خەۋەرنى قىچىپ كەلگەنلەرنىن ئاڭلاپ تونۇشقىچە چۇشتى، غەم — قايغۇغا چۆكۈشتى. ئۇلار ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلىسىلا پىدائىي بولۇپ بىرىپ، ئاق پادىشاھ جاللاتلىرىنىڭ ئەدىپىنى بىرىپ قويغان بولاتتى. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ رىھىمشاھ ئولتۇرالمايلا قالدى. ئۇ تىترەك ئاۋازدا:

— مەن بىرىپ تۇغقانلىرىم، دوستلىرىمنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقاي، ئۇلار ھاياتلا بولسا، يۇرتۇمغا قايتۇرۇپ كىلىمەن! — دىدى.

— مەنمۇ بارىمەن! — دەپ مىسىرشاھمۇ ئورنىدىن تۇردى.

رىھىمشاھ دوستىغا ئۇزاق قارىدى ۋە بىشىنى ئىغىتتى:

— ياق، سەن بارما، ئورما باشلىنىدىغانغا بىر ئايلا قالدى. ئۆزەڭنىڭلا ئاشلىقى ئەمەس، مىنىڭمۇ ئاشلىقىمنى يىغىپ بەرگىن، ئۆزەم ۋە سىنىڭ نامىڭدىلا ئەمەس، شارغۇجا خەلقى نامىدىن مەن باراي.

مىسىرشاھ رەت قىلمىدى، ئۇ بارغىنى بىلەن يولنىڭ ئىپى — جىپىنى بىلمەيتتى، شارغۇجىدىن نىرىغا ئاز ئۆتكەن، غەللە — پاراق تاپشۇرۇش ئۇچۇن بايانداي، كۇرەگىچىلا بارغان مىسىرشاھ ئۇياققا ئۆتسىمۇ نىمە قىلىپ بىرەلەيتتى؟ رىھىمشاھ تەييارلىق قىلدى، ئىتىنى توقىدى. ئۇ ئىتىنى يىتىلەپ كوچىغا چىققىنىغا مەھەللە چوڭلىرىغا ئۇچراشتى، ئۇلار رىھىمشاھقا ئامانلىق تىلىدى. رىھىمشاھ ئاتقا مىندى، ئۇنىڭ ئەلپازى قەھىرلىك ئىدى، ئۇ ئەمەلدە بولغان ۋە بولۇۋاتقان قانلىق قىرغىنغا نەپرەتلەنگەنىدى.

3

رىھىمشاھ غۇلجىغا بىرىپ، چاررۇسىيە تەرەپتىكى قوراللىق باستۇرۇش، ئاچارچىلىققا چىدىماي ئىلىغا قىچىپ كىلىۋاتقان ئۇيغۇر، قازاقلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، ئۇ قاچقۇنلار بىلەن

ئاشپۇزۇل، كوچا — كويلاردا كۆپ ئۇچراشتى، پاراڭلاشتى، سىڭلىسى، ھاجىقۇلى، جاماشاھلارنى سۇرۇشتۇردى، ئاخىرىدا مىسىرشاھنىڭ ئىيتقانلىرىنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى بىلدى، ئۇ دوتەي يامۇلىغا كىردى، نۇرمەمەتنى تېپىپ قاچقۇنلاردىن ئاڭلىغان گەپ — سۆزلەرنىڭ راست — يالغانلىقىنى سورىدى. نۇرمەمەتمۇ بىلگىنىنى مۇنداق دەپ بەردى:

— ئاڭلىغان، كۆرگەنلىرىڭىز راست، ھەتتا روسىيەمۇ بۇ ھەقتە ھۆكۈمىتىمىزگە ئۇقتۇردى، 9 — ئاينىڭ 1 — كۈنى غۇلجىدا تۇرۇشلۇق روسىيە كونسۇلى بولۇدىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق ئالاقە باغلاش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شىياۋ چاڭنى كونسۇلخانىسىغا چاقىرتىپ مۇنداق دەپتۇ: «يېقىندىن بېرى روسىيىلىك قازاقلار روسىيە ھەربىي قىسىملىرىغا قارشى ھەرىكەت قىلغانلىقتىن، ئۇلارنى تازىلاشقا ئەسكەر ئەۋەتتۇق، ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇلار جۇڭگو چېگرىسىنى پاراكەندە قىلىپ ئامانلىقىنى بۇزىدىغاندەك، شۇڭا ئىلى ۋالىيسىغا ئەسكەر چىقىرىپ، مۇداپىئە قىلىشقا ھازىرلىق كۆرۈپ قويۇشىنى مەخپىي يوسۇندا خەۋەر قىلىپ قويارسىز — نۇرمەمەت رېھىمشاھقا بوش ئاۋازدا يەنە مۇنداق دېدى، — شىياۋچاڭ بۇ سۆزنى ئىلى ۋالىسى ياڭ فېشاغا يەتكۈزۈپتۇ، ياڭ فىشا غالجات، نارىنقۇل چېگرىلىرى، تېكەس دالاسى ۋە ھەر قايسى چېگرا زاستاپ، چازىلىرىغا دەرھال ئەسكەر ئەۋەتتى، سىزنىڭ ئۇ تەرەپكە ھازىرچە ئۆتمىگىنىڭىز تۇزۇكقۇ دەيمەن.

رېھىمشاھنىڭ كۆزىگە ھېچنىمە كۆرۈنمەي قالغانىدى، ئۇ نۇرمەمەتنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا پىسەنتمۇ قىلمىدى. ئۇ شۇ كۈنلا ياركەنتكە ئاتلاندى. ياڭ فىشانىڭ ئەسكەرلىرى چېگرىغا يېتىپ بارغۇچە قۇلا ئات رېھىمشاھنى چىلپەڭزىگە يەتكۈزۈپ بولدى. رېھىمشاھ كۈن قارا كېيىنىنى كىيگۈچە چىلپەڭزىدە ئېتىنى چۇشەپ ئوتلاشقا قويۇۋېتىپ، ئۆزى بىر دالدىدا يېتىپ ئۇخلىدى. ئەل ياتقۇدا ئاتلىنىپ، چېگرىغا قاراپ ماڭدى، بۇ ۋاقىت چارروسىيە چېگرا

ئەسكەرلىرى جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرغان ۋاقىت ئىدى. ئەسكەرلەر چېگرىدىن قورغاسقا ئۆتۈۋاتقانلارنى تۇتۇۋاتاتتى، قارشىلىق قىلغانلارنى، قاچقانلارنى ئېتىپ تاشلايتتى. رېھىمشاھ تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ قورغاس دەرياسى[1]دىن ئۆتۈشىگە ئۇن نەچچە ئەسكەر ئورىۋالدى، ئۇلاردىن بىرى:

— ھەي باندىت، كۆتۈر قولۇڭنى! — دەپ ۋارقىرىدى.

رېھىمشاھ بۇلارنىڭ چېگرا ئەسكەرلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئېتىغا قامچا باستى، قۇلا ئات يولقىنىپ ئالغا ئېتىلدى. شۇ ھامان «گۇم» قىلغان ئاۋاز چىقتى، رېھىمشاھ مىلتىق ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئېتىنى توختاتتى. ئەسكەرلەر ئۇنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، قولىغا كويزا سالدى. ئۇنىڭ تەلىيىگە بىر ئۇيغۇر يىگىتى:

— سەن نېمە ئادەم، بۇ ياققا نېمىگە ئۆتتۈڭ؟ — دەپ ئۇيغۇرچە سورىدى.

— مەن دېھقانمەن، ياركەنتتىكى سىڭلىم ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنى يوقلاپ كېلەي، دەپ ئۆتتۈم.

— سىڭلىڭنىڭ ئىسمى نېمە؟

— ئايخان.

— تۇردۇشنىڭ ئايىسى ئايخىنىدەممۇ؟ سىز رېھىمشاھ ئاكىمۇ؟

— ھەئە، بالام ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟

— مەن تۇردۇشنىڭ ئاغىنىسى، ئاتتىن نېراراق تۇرۇڭ، مەن ناچالنىككە يالۋۇرۇپ باقاي،

يىگىت روسچە بىر نېمىلەرنى دەپ سۆزلىدى، ناچالنىكمۇ بىر نېمىلەرنى دېدى، يىگىت ئاخىرىدا رېھىمشاھقا يۈزلەندى:

— بۆككى ئاكا، مەن سىزنى تۇغقۇنۇم دەپ بورۇنلۇقا ئالدىم، — دەپ ناچالنىكتىن ئالغان كويزىنىڭ ئاچقۇچىنى كويزىغا سالاي، دەپ قېتىپلا قالدى.

① قورغاس دەرياسي — يەرلىك خەلق كىيگەن سۈيى دەپ ئاتايدۇ. «روسىيە — جۇڭگو ئىلى» شەرتنامىسىدا بۇ دەريا چېگرا سىزىقى قىلىپ بەلگىلەنگەن.



www.uyghurkitap.com

رىھىمشاھ كۆلۈمسىرىگەن ھالدا ئىككى قولىنى ئىككى تەرەپكە يايدى:

— ئاۋارە بولما بالام، قولۇم بوش، ئەممازە بىلىكىمدە كۈمۈش بىلەيزۈكلا قالدى، بۇلارنى ئېلىۋەتمىسەڭ «بىلەيزۈك تاقىۋالغان قېرى بۆككى» دېگەن ئاتاققا قالماي.

رىھىمشاھنىڭ كويزىنى ئۈزۈۋالغىنىنى كۆرگەن ناچالنىكمۇ، ئەسكەرلەرمۇ ھەم ھەيران قالدى، ھەم قورقتى.

رىھىمشاھ ئايخان ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ ئامان — ئېسەنلىكىنى، ئەمما ياركەنت خەلقى داۋالغۇپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ بىر ئاز خاتىرجەم بولدى، بىر نەچچە كۈن تۇرۇپلا قاراقولغا ئاتلاندى. ئۇ دوستلىرىدىن ئەنسىرەۋاتاتتى.

4

رىھىمشاھ ئېتىنى چاپتۇرۇپ ماڭدى. ئۇنىڭغا كۆز يېتىم يەردىكى باغلار ئوچۇق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ قارا قولنىڭ كوچىسىغا كىردى. ئۇنىڭ تېنى شۈركەندى، بۇ يەردە ئۆتكەن قېتىم كەلگەندە كۆرگەن ئاۋاتلىق يوق ئىدى. كوچىلار ھۇۋۇلداپ قالغانىدى، ئەركەك زاتى كۆرۈنمەيتتى، ئۇنىڭغا ئۇچرىغان قىز — چوكانلار قولىقىغا گۈل قىستۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئاق ياغلىق تاڭغان، گۈلدەك چىرايى سارغايغان، ئورۇقلاپ بىر تېرە — بىر سۆڭەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ تاتارغان كۆرۈمسىز چىرايىدىن قايغۇ يېغىپ تۇراتتى، ھەممە كۆزلەر مىسكىن، يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى. رىھىمشاھ كېتىۋېتىپ: «ئەر يەتكەن بىرەر ئەركەكمۇ قالمىغان چېغى» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭغا ئەر يىگىتلەر ئورنىغا تىللىرىنى بىر غېرىچ چىقىرىپ ھاسىراپ يۈگۈرگەن ئەركەك ئىتلار ئۇچرىدى، ئۇ ھاجىقۇلىنىڭ قورۇسى ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى، كۆزلىرى كىرىپلا قالغان ھاجىقۇلىنىڭ خوتۇنى سەلىمىخان

رېھىمشاھقا ئېسىلىپ ھازا ئاچتى، خۇددى مۇشۇ ھازىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، قوشنا خوتۇنلار كىرىشىپ ئومۇمىي يىغا كۆتۈردى، رېھىمشاھ قىرائەت قىلغاندىلا يىغا ئاۋازى توختىدى. سەلىمىخاننىڭ تاتارغان كۆرۈمسىز چىرايىدىن قايغۇ — ھەسرەت چىقىپ تۇراتتى، ئۇ قايغۇ — مۇڭغا تولغان كۆزلىرىنى رېھىمشاھقا تىكىپ تۇرۇپ، ژاندارمىلارنىڭ مەجلىس دەپ ئەركەكلەرنى يېزىنىڭ سىرتىدىكى سەينىاغا يىغىپ، پىلىموت ئوقىغا تۇتقىنىنى سۆزلەپ بەردى، ئۇنىڭغا قوشنىلىرى قوشۇمچە قىلىپ تۇردى. رېھىمشاھ ئۇلارنىڭ نالە — پەريات بىلەن ئېيتىۋاتقان ئاھلىرىنى ئاڭلاپ ئازابلاندى، ئۆزىنى قويار يەر تاپالمىدى، يۈرىكىدە چار روسىيە باسمىچىلىرىغا قارشى نەپرەت گۈلخانى ياندى. سەلىمىخان تېخىچە ئەندىكىپ سۆزلەۋاتاتتى:

— ھاجىقۇلى تۇنجى ئوق چىققاندا، مۇنۇ ئاخىرقى ناخشىسىنى ئېيتتى:

ئايالللارنىڭ بەرى بولدى تۇل،
بۇ مەزلۇملار بولدى غېرىب قۇل.
ئوق يىگىچە ئېلىشايلى دوستلار،
شۇندا تېپىلار يورۇق بىر يول.

ناخشىنىڭ بېيتىنى دەپلا سەلىمىخاننىڭ تېنى تىترىدى، پوكۇلدى، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن قان — زەرداپ ئاقتى، ئۇ زار — زار يىغلىدى. باشقا خوتۇنلارمۇ ئۇن سېلىپ يىغلاشتى. كەڭرى جاھان رېھىمشاھنىڭ كۆزىگە تار كۆرۈندى، ئۇنىڭ كۆكسىدىن لەنەت خەنجىرى ئېتىلىپ چىقتى:

— ئاھ خۇدا، بىز پەقىرلەرنى ئازاد قىل، ۋەھشىلەردىن خالاس ئەيلەپ، كۆڭلىمىزنى شاد قىل، قان ئىچەرلەر زاۋاللىقا يۈزلەنگەي، زامان بىزگە پۇرسەت بەرگەي!

## 5

رىھىمشاھىنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدىگەن ھالدا قىرغىنىز دوستىنى ئورازباينىڭ ئاۋۇلىغا باردى، ئورازباي ۋە ئائىشەمۇ ئۆلتۈرۈلگەن، ئائىشە رىھىمشاھدىن بولغان يايلىلىق ئوغلىنى باغرىغا باسقان پېتى جان ئۈزگەنىكەن، ئاۋۇلدا ساق قالغانلار ئانا — بالىنى شۇ پېتى كۆمۈپ①قويغانىدى، بۇ ئېغىر مۇسىبەتنى ئاڭلاۋېتىپ رىھىمشاھىنىڭ يۈرىكى قارتلا قىلىپ قالدى. قەلبى ئۆرتەندى، يوغان كۆزلىرىدىن سانسىز غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچرىدى. ئۇ: «ئاھ ناتىۋان دوستلۇرۇم، ئاھ ناتىۋان ئائىشە، سىلەر بىگۇناھ ئىدىڭلارغۇ، سىلەرنى نە ئۇچۇن قىرغىن قىلغاندۇ؟» دەپ پەرياد چەكتى. ئۇ ھاجىقۇلىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى، سەلىمخان يىغى باش چىقارغان بوغدايدىن كۆجە سېلىپ قويۇپتىكەن، قارنى ئېچىپ، ئۇچەيلىرى تارتىشىپ كەتكەن رىھىمشاھىنىڭ گېلىدىن بۇ كۆجە تەملىك بولسىمۇ ئۆتمىدى، ئاچ — زېرىن يۈرگەن ھاجىقۇلىنىڭ باللىرىغا بەردى، ئۇ ئىلگىرى كەلگەندە ئۆزىنى مەشرەپ بىلەن كۈتۈۋالغان خوشچاقچاق ئوتتۇز ئوغۇلىنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ، ئۇلارنىڭ بالا — چاقىسىنى يوقلىدى، بېشىنى سىلىدى. ئۇ قاراقول خەلقىنىڭ ئاچ قالغانلىقىنى، ئاچارچىلىقتا بىر نەچچە نارىسىدىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئېچىشتى، ئۇ سۈرۈشتۈرۈپ، ژاندارمىلارنىڭ قاراقوللىقلارنىڭ ئۆيىدىكى ئوزۇقلىرى، ئورىغا كۆمگەن ئاشلىقلىرىنى قويماي بۇلاپ كەتكىنىنى، تىرىلغۇ ئۇلاق تۇگۇل ، كالا، قوي، ھەتتا ئوغلاقلىرىنىمۇ بۇلاپ كەتكەنلىكىنى بىلدى، ئايرىم كىشىلەرلا كاللىسىنى ئىشلىتىپ، بوغدىيىنى توپىغا ئارىلاشتۇرۇپ لاي ئېتىپ تاملارغا سۇۋاپتۇ، كۈنىگە بىر قېتىم سوۋاق لايدىكى بوغداي دانلىرىنى

① مۇسۇلمانلار شېھىت بولدى، دىگەنلەرنى يۇماي دەپنە قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

تېرىپ چىقىرىپ كۆجە ئېتىپ جان ساقلاپتۇ، قالغان ئائىلىلەر بۇغداي كۆكى، قارا ياغاچ قوۋزىقىنى يەپتۇ، بۇغداي باش چىقارغاندىن كېيىن بۇغداي بېشىنى قىرقىۋېلىپ، سەلىمخاندەك كۆجە قىلىپ ئىچىۋېتىپتۇ. نۇرغۇن ئاياللار ئىششىپ كېتىپتۇ. رېھىمشاھ ئېتىزلاردىكى بەزى باشسىز بۇغدايلىقنى كۆردى. ئۇ ئىككىلەنمەيلا ئەزىز كۆرىدىغان قانتى — قۇلا ئاتنى بوغۇزلىدى، ھاجىقۇلىنىڭ بالىلىرى ئاغىنىلىرى بىلەن ھەر بىر ئائىلىگە بىر پارچىدىن ئات گۆشى تۇشۇدى. رېھىمشاھ ئاتنىڭ ئۇچەي — قېرىن، ئۆپكە — بېغىرى، تېرىسىنىمۇ بۆلۈپ بەردى. ھەر ھالدا قۇلا ئاتنىڭ گۆشى ئىششىقنىڭ ئالدىنى ئالدى.

6

رېھىمشاھ قوللىرىنى پەنجىرە تەكچىسىگە تىرەپ ئۆرە تۇراتتى، ئۇ مىسكىن ئىدى، قۇلىقى غوڭۇلداپ تۇراتتى، كۆزلىرى قېتىپلا قالغانىدى، توساتتىن ئوچۇق پەنجىرىدىن كېچىنىڭ سالقىن ساپ ھاۋاسى گۇررىدە كىرىپ، ئۇنى سەگىتتى، سالقىن شامال ئۇنىڭ كۆيۈۋاتقان يۈرىكىگە ئارام بەردى. ئۇ ئاسمانغا قارىدى، يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇراتتى.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدا رېھىمشاھ سەلىمخانغا قاراپ شۇنداق دېدى:

— قولۇم — قوشنا، تۇغقانلىرىڭىزغا خەۋەر قىلىڭ، تەييارلانسۇن، يۈك — تاق ئالمىسۇن، سىلەرنى يۇرتۇمغا ئېلىپ كېتىمەن!

رېھىمشاھ ئاۋال ھاجىقۇلى، جاماشاھلارنىڭ خوتۇن — بالىلىرىنى چېگرىدىن ئۆتكۈزدى، ئۇ مىسىرشاھ باشلىق بەش شارغۇجىلىقىنى باشلاپ كېلىپ، شوتا يېزىسىدا چېگرىدىن ئۆتكەنلەرنى كۈتۈۋېلىشقا ئورۇنلاشتۇردى، ئاتلارغا غانجۇغىلاپ

كەلگەن ئون تاغار ئۇننى شوتىلىق ئون ئائىلىگە نان — توقاچ يېقىپ بېرىشكە بەردى. ئۆزى يالغۇز چېگرىدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ مۇرىسىدە بىر خۇرجۇن توقاچلار بار، باشقا نەرسە يوق ئىدى.

7

— ئىسمىڭ نېمە؟
— رېھىمشاھ.
— ئۆزەڭ نەلىك؟
— شارغۇجىلىق.
— چەتئەللىكلەرنى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقىنىڭغا قانچە ۋاقىت بولدى؟
— بىر ياز، مانا مۇشۇ كۈز.
— نېمە ئۈچۈن چەتئەل پۇقرالىرىنى دۆلىتىمىزگە ئېلىپ كەلدىڭ؟
— ئاچ — زارلىقتا قالغان كىشىلەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن.
— قانچە ئادەمنى ئۆتكۈزدۈڭ؟
— سانىنى ئالماپتىمەن.
— ئۇلار ساڭا نېمە بەردى؟
— قۇرۇق رەھمىتىنى.
— سەن ئۇلارنىڭ ئالتۇن جابدۇقلىرىنى ئېلىپ بېيىپسەنغۇ!
— خوتۇنۇمنىڭ قۇلىقىدىكى ھالقا، بىلىكىدىكى بىلەيزۈكتىن باشقا ئالتۇن — جابدۇقۇم يوق، بۇمۇ ئاپام رەھمەتلىكتىن قالغان تەۋەرۈك.
— ئىقرار قىلغىنىڭ ياخشىمىكىن؟
— ئىقرار قىلغۇدەك جىنايىتىم يوق.
— سېنىڭ چەتئەل پۇقرالىرىنى دۆلىتىمىزگە ئەكىلىشىڭ چوڭ جىنايەت، سەن چېگرادا پاراكەندىچىلىك سالدىڭ، روسىيە ھۆكۈمىتى

بىزگە نارازىلىق بىلدۈردى.

رېھىمشاھ يەرگە قارىدى، بىردىن ئۇنىڭ كۆزى سوراقچىنىڭ پۇتىغا چۈشتى، ئۇ:

— ھەي سوراقچى، پۇتۇڭدىكى ئاياغ كىمنىڭكى؟ — دەپ سورىدى.

سوراقچى ھەيران بولۇپ، بىر پۇتىغا، بىر تەرجىمانغا قارىدى.

— كىمنىڭ بولاتتى، مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭكى، بۇنىڭ جىنايىتىڭ بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟

— ئەشۇ ئاياغ كىيىملەرنى قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقىغا قارىماي، سىلەرگە مەن ئەكىلىپ بەرگەن، پۇتۇڭ ئىسسىغاندا، مەن جىنايەتچى بولۇپ قالدىمۇ؟! ئەڭ ياخشىسى، ياڭ زەنشۇ، تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىدىكى جاڭ شەنسىڭ ۋە تىلىلىماچ نۇرمەمەتلەردىن «رېھىمشاھ بۆككى قانداق ئادەم؟» دەپ سوراپ بېقىپ، ئاندىن مېنى سوراق قىل.

سوراقچى ئالدىكى بۇ يوغان ئادەمنىڭ ئاددى ئادەم ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى، ئۇ سوراقنى توختىتىپ، ساقچىغا:

— بۇنى سولاپ قوي، — دېدى.

رېھىمشاھ تۈرمىدە يەتتە كۈن ياتتى، ياتتى دېگەندىن كۆرە ئۇخلاپ ھاردۇقىنى چىقىرىۋالدى، دېگەن تۈزۈك. سەككىزىنچى كۈنى كامىرغا نۇرمەمەت كىرىپ كەلدى. ئۇ:

— ئوھوي كىمكىن، دېسەم بۆككى ئاكامكەنغۇ، شىرنى قەپەزدە باققاندەك ئىش بوپتۇغۇ، قانداق ھال — كۈنىڭىز، قىينالمىغانسىز؟ — دېدى.

رېھىمشاھ نۇرمەمەت بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، ئاندىن تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— قىينىلىش نەدە دەيسىز، يازىچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىغانتىم، ئۇ بىچارىلەرنى كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆتكۈزىمەن، دەپ ئۇيقۇسىز قالغانتىم، يېڭى ھۆكۈمەت مېنى ئۇخلىۋالسۇن، دەپ بۇ

يەرگە ئەكىرىپ قويدى.

— ۋاھ — ھا — ھا! قالتىس ئادەم جۇمۇڭ سىز.

نۇرمەمەت دوتەي يامۇلنىڭ ئالاقىسىنى تۇرمە باشلىقىغا بېرىپ، رېھىمشاھنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

8

ئىلى تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىنىڭ ئالاقە باغلاش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شاۋ چاڭ تەرجىمان ئارقىلىق رېھىمشاھتىن بەزى نەرسىلەرنى سورىدى.

— 1882 — يىلقى كۆچ — كۆچتىن بىرى، — دەپ رېھىمشاھ ئالدىرىماي جاۋاپ بەردى، — ئىككى دۆلەت چېگرا بېكىتىپ، يەر — زېمىننى ئايرىۋەتكەن بولسىمۇ، كىشىلەر قەلبىنى ئايرىۋېتەلمىدى. پېقىرنى ئالسىڭىز، بۇياقتىن ئۇياققا ئون نەچچە قېتىم ئۆتتۇم، نېمىشكە دەمدا، پېقىرنىڭ سىڭلىسى، ئۇنىڭ باللىرى، ئۇستازى، يارۇ بۇرادەرلىرى ياركەنتتە، باشقىلارنىڭ تۇغقانلىرى قارا قول، غالجات، چېلەك، ئالمۇتا شەھىرىدە، ئۇياقتىكىلەرنىڭ ئىلىدا، باشقا كىشىلەرنىڭمۇ دادىسى ياركەنتتە بولسا، بالىسى غۇلجىدا، ئادىناسى، بىرەركىم جان باقالمىسا ئالمۇتىدىن غۇلجىغا كېلىۋالىدۇ ياكى ئىلىدىن ياركەنتكە بېرىۋالىدۇ، مانا ئەمدى ئۇ تەرەپتىن بۇ تەرەپكە كۆچۈۋاتىدۇ. 1882 — يىلقى چوڭ كۆچ — كۆچنى ئاق پادىشاھ كەلتۈرۈپ چىقارغان، بۇ قېتىمقىسىنىمۇ يەنە شۇ زالىم كەلتۈرۈپ چىقاردى، بۇ دېگەنلىرىمنى باشقىلارغا دەۋىرىڭ.

نۇرمەمەت ئۇنىڭ سۆزلىرىنى دەلىل — پاكىتلىرى بىلەن قوشۇپ تۇرۇپ تەرجىمە قىلىپ بەردى.

— ھازىر روسىيەدىن نېمىشكە شۇنچە كۆپ ئادەم ئۆتۈۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى شاۋ چاڭ.

— سەۋەبى ئاددىي، قىرغىنىدىن قاچقان گەپ. روسسىيە
هۆكۈمىتى قىرغىز، قازاق، ئۇيغۇرلارنى ۋەھشىيلەرچە قىرىدىغان
تاتلىق — دە، يەنە بىر جەھەتتىن، دۇنيا ئۇرۇشى توپەيلى ئېغىر
ئاچارچىلىق يۈز بەردى. شۇڭا ئۇلار قەبىلە — قەبىلە بويىچە كۆچۈپ
كېلىشىۋاتىدۇ، يۇرت ئۇركىسە توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ، ئۇلار
چېگرىنىڭ ھەممە يېرىدىن ئۆتۈۋاتىدۇ، روسلار توسالماي بىزگە
بېسىم ئىشلىتىۋاتىدۇ.

شاۋ چاڭ رېھىمشاھنىڭ يۇرتىغا قايتىشىغا رۇخسەت قىلدى. بىرەر ئايدىن كېيىن يەنە ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتىۋالدى. شاۋ چاڭ، نۇرمەمەت، رېھىمشاھلار بىر بەن ئەسكەرنىڭ ھىمايىسىدە چېگرىلارغا بېرىپ تەكشۈردى. رېھىمشاھ يول باشلىغۇچى ئىدى، نۇرمەمەت تەرجىمانلىق قىلدى، شاۋ چاڭ چېگرىدا كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىنى خاتىرىلەپ ماڭدى، ئۇ ئاخىرىدا رېھىمشاھنىڭ دېگەنلىرىنىڭ توغرىلىقىنى، قاچقۇنلارنىڭ ئۇنىڭ ئېيتقىنىدىنمۇ كۆپ قېچىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدى. رېھىمشاھ يەنە شارغۇجىغا چىقىپ كەتتى. شاۋ چاڭ تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى ۋالى ياڭ فىشاغا دوكلات قىلدى:

— جانابلىرىنىڭ ئەمرى بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. 1916 — يىلى 10 — ئاينىڭ 25 — كۈنىگىچە تەخمىنەن 100 مىڭ ئادەم ئىلىغا قېچىپ كەپتۇ. بۇلار ئىلىنىڭ شەھەر، يېزا — قىشلاق ۋە تاغلىرىغا تارقىلىپ كېتىپتۇ. روسسىيە ھۆكۈمىتى بىزگە بۇ قاچقۇن قازاق — قىرغىزلارنى قايتۇرۇپ بەر، ئاۋال ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقىنى قايتۇرۇپ بەر، دېگەن يولسىز تەلەپنى قويۇۋاتىدۇ، قانداق قىلىمىز كىن؟

— بۇ قاچقۇنلار قەيەردىن كەلگەن، قانچە ئائىلە، باشلىقلىرى كىم، ھەيدەپ كەلگەن مېلى، قورال — ياراق سانى قانچە دېگەنگە ئوخشاش توققۇز ماددىلىق تەكشۈرۈش ماددىسى تۈزگەنتۇققۇ، مۇشۇ توققۇز ماددا بويىچە تەكشۈرۈڭ.

— بىز مۇشۇ توققۇز ماددا بويىچە تەكشۈردۇق. ئەپسۇسكى،

ئۇلار ھەر كۈنى قېچىپ كېلىۋاتىدۇ، كېلىپلا تاغ — ئېدىرلارغا تارىلىپ كېتىۋاتىدۇ، ئىلىنىڭ زېمىنى كەڭ، تاغ، دەريالىرى تولىمۇ كۆپ ۋە يىراق بولغاچقا تولۇق تەكشۈرگىلى، ئېنىق سانغا ئىگە بولغىلى بولمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە، بۇ قاچقۇنلار تولىمۇ ئىناق ئىكەن. يەرلىكلەرمۇ قاچقۇنلارنى «بۇرۇندىن بار ئىدى، تۇغقىنىمىز، قاچقۇن ئەمەس» دەپ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ.

— ئۇنداقتا نېمە چارە دەيسىز، ئامالىمىز يوق، — دېدى ياڭ فىشا خۇرسىنىپ.

ھەقىقەتەن چارە يوق ئىدى، ئىلى ۋالىسى تۇگۇل، «خەلقئارا ژاندارما» دەپ ئاتالغان چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى قېچىشنى توختىتالمايۋاتسا نېمە چارە؟ شۇنداق، خەلق ئۇركىسە كەلكۈندەك تەۋرەيدۇ، خەلق ئېقىمىنى توسۇپ قالالىغان پادىشاھ تېخى چىقمىغان — دە. ئاخىرى بېرىپ ژاندارمىلارمۇ قېچىپ كېلىشكە باشلىدى. 1917 — يىلىدىن 1920 — يىلىغىچە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىدىن يېڭىلگەن چارپادىشاھنىڭ بىر زامان دۇنياغا پاتماي قالغان ئارمىيىسىمۇ قېچىپ كېلىشكە باشلىدى، گېنرال دوتۇۋ قىسىملىرى قېچىپ كەلدى ۋە باشقا تارمار بولغان ئاقلار قىسىملىرىمۇ قورallıق قېچىپ كېلىشتى. ياڭ فىشا ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرالىدى خالاس. بۇ ئاق باندىتلار ئىلىنىڭ كەڭ تاغلىرىغا تارىلىپ، ئەڭ گۈزەل جىرالىرى، يايلاقلىرىغا ماكانلىشىپ، كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئۇلاردىن كېيىنرەك قېچىپ كەلگەن تاتارلار بىلەن روسلار غۇلجا ئۇيغۇرلىرى يېڭىدىن بەرپا قىلىۋاتقان يېڭى شەھەردىن جايلىنىق ئىگىلىدى، ئۆي سالدى. ئۇلار ئۆز تىلى بويىچە يېڭى شەھەرنى نوۋىگورد دەپ ئاتاشتى. يەرلىك خەلق بۇ قاچقۇنلارغا «كەلگىندىلەر» دەپ نام قويدى.

www.uyghurkitap.com

# خاتىمە

رېھىمشاھ بۆككى بۇ غەۋغالاردىن نېرى تۇراي دېدىمۇ، تىنىچ ماكانى شارغوجىغا قايتىپ كەلدى. ئىگىلىكىنى رەتكە سالدى. قولى بوشاپلا قالسا، يەنە بۇرۇنقىدەك غەمگە چۆكىدىغان، خىيال دۇنياسىغا غەرىق بولىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ كونا ئادىتىنى يەنە داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى دۆڭگە چىقىپ، شارغوجىنىڭ سەھەر پەيزىنى سۈرەتتى . كۈنلەر، ئايلار ئۆتكەنسىرى ئۇنىڭ تۈگىمەس خىيال يىپلىرى ئۇنى زەئىپلەشتۈردى، ئۇ ئولتۇرۇۋېلىپ، يەتمىش يىلغا يېقىن ئۆمۈر مۇساپىسىنى ئەسلەيتتى، بېشىدىن ئۆتكەن ئىسسىق — سوغۇقلار، ھەسرەت — نادامەتلىرى، خۇشاللىقلىرىنى ئەسلەيتتى. ئۇ ئۆز ھاياتىدىكى ئېغىر دەقىقىلەر، ۋەقەلەرنى ئويلىسىلا يۈرىكى توختاۋسىز سوقاتتى، چىشلىرى غۇچۇرلايتتى، مۇشتلىرى چىڭ تۈگۈلەتتى. بالىلىق قەلبىگە ئەڭ ئېغىر تەسىر قىلغىنى دادىسىنىڭ چارپادىشاھ باسمىچى ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگىنى؛ يەنە ئۇنىڭ ياشلىق باھارىنى زېدە قىلغان چوڭ كۆچ — كۆچ، ئۇنىڭ يۈرەك باغرىنى ئەزگەن قارا قول قاتارلىق جايلاردىكى قىرغىنچىلىق، قىرغىندا ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرگەن چوڭ قېچىش ۋەقەلىرى ئىدى. ئۇنى خۇش قىلىدىغىنى، بۇ دۇنيالىقتا لەززەتلىنىدىغىنى بالىلىق چېغىدىكى غەمسىزلىك، ھېچنېمىنى، غەم — غۇسسىنى، ئازاب — ئوقۇبەتنى بىلمەيدىغان، تاش، قوي، موزايلارنى كۆتۈرۈپ ئوينايدىغان غەمسىز چاغلىرى، موللا بىلالدىن بىلىم ئالغان، ھەمرا بۆككى بىلەن چېلىشقان ۋە ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغان، كېيىن موڭغۇل پالۋىنىنى يەڭگەن، كىشىلەر ئۇنى كۆتۈرۈپ تەنتەنە قىلغان چاغلىرى، ھاۋانىخان بىلەن ئۆتكەن تاتلىق كۈنلىرى، رۇسۇلشاھ ئېلىپ كەلگەن

شادلىقلار، بولۇپمۇ جاھان پالۋىنى بولغان چاغدىكى ئاجايىپ خۇشاللىقتا چۆمگەن چاغلىرى ئىدى. شۇ ئۆتمۇشكە تەئەللۇق بەختلىك ۋە خوشال چاغلىرىنى ئەسلىسىلا باشقىدىن ياشارغاندەك روھلىنىپ كېتەتتى. خىيال يىپلىرى يەنە ئالمىشاتتى، كۆز ئالدىغا يەتمىش يىلدىن بېرى كۆرگەن — ئاڭلىغان ئۆز خەلقىنىڭ تۈگىمەس كۆز — يېشى، ئېغىر ئازابلىرى كېلىۋېلىپ، ئۇنى قىيىنايتتى. ئۇ بارغانسېرى كۈچىدىن قالدى، ھالسىرىدى. بەلكىم بۇ يايلىسىنىڭ قېرىغىنىدۇر ۋە بەلكىم ئازاب — ئوقۇبەتلىك يىللارنىڭ خورىتىشىدۇر. ئۇ ئەمدى شارغوجىنىڭ تاغلىرىدا كىيىكتەك يۈگۈرەپ، سەكرەپ يۈرۈپ ئوۋ ئوۋلاشتىن قالغانىدى، بۇرغىغا كىرگەن تۆگىنى يىقىتالمايتتى، لىمنى تونۇرغا تىككىدە سالالمايتتى، توختىيابايىنىڭ بايتىلىنى كۆتۈرەلمەيتتى، تۈگمەن تېشىنى ئالقىنى بىلەن بېسىپ توختىتالمايتتى، ئۇ ھەرگىزمۇ تولۇق تېشىنى تاياق ئورنىدا شىلتىپ ئۆيىنى كۆرسىتەلمەيتتى. ئۇ ئەمدى ئەلەڭ — سەلەڭ يۈرىدىغان بولدى. ئىشتىيمۇ كۈندىن — كۈنگە بوغۇلدى. ئاتاقلىق جاھان پالۋىنى رېھىمشاھ بۆككى بىر ئاخشىمى ئاخىرقى بىر نىداسىنى ئاغزىدىن چىقىرالىدى:

— ئەۋلاد — ئەۋلادىم!

ئاھ رەھىمسىز ئالەم، بۇ جاھان پالۋىنىغا بۇ دۇنيا تار كەلدى، ئۇنىڭ زېمىنى، ئاسمىنى، تاغ — يايلاقلىرى، كۆل — دەريالىرى شۇنچە كەڭ بولسىمۇ ئۇنى پاتقۇزمىدى. ئۇ خاتىرجەملىك ئىزدەپ باقى دۇنياغا سەپەر قىلدى.

مەيىن شامال ئۇنىڭ كەڭ ئىشىكىنى جالاقتىدە ئېچىۋەتتى. بۇ شامال ئۇنىڭ يوغان گەۋدىسىنى قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى ئۈچۈن تاغۇ — تاشلار جىم — جىم ماتەم تۇتتى، ئۇ تىكلەپ قويغان قارىغاي ياش تۆكتى، ھويلىسىدىكى گۈللەر سولاشتى، ئالما دەرەخلىرى، كۆكتېرەكلىرى شىلدىرلاپ يىغلىدى، تاغ سۈيى نالە قىلىپ، ئۈنچە ياشلىرىنى چاچراتتى، ئۇ كۇرمىڭ قېتىم ئۆتكەن ئىلى دەرياسى

ئۆركەشلەپ، كۆز يېشى قىنىغا پاتماي يىغلىدى. ئۇنىڭغا جىمجىتلىق، ئارام بەخش ئەتكەن تۈن چىدىماي ھىجران ئوتىدا بوغۇلدى. شۇنداق، تەبىئەت ئۇنىڭغا ماتەم تۇتتى، چۈنكى ئۇ تەبىئەتنىڭ ئوغلانى ئىدى.

مىسىرشاھ ھاسىسىغا تايىنىپ مۆلدۈر ياش تۆكتى. جاھان پالۋىنىنىڭ ۋاپات بولغىنى سىمسىز تېلېفونلار ئارقىلىق پۈتكۈل ئېلىغا، ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتىپ باردى. مەرھۇمنىڭ ئابدۇلمۆھسىن خەلىپەم باشلىق ياركەنتتىكى بۇرادەرلىرى ئايخان ۋە ئۇنىڭ باللىرىنى ئېلىپ غۇلجىغا ئاتلاندى، ئۇلار يول بويى ئات ئالماشتۇرۇپ مەرھۇمنىڭ نامىزىغا ئۈلگۈرۈپ كەلدى. ئايخاننىڭ يىغىسى، باللىرىنىڭ «ۋاي ئاتام» دەپ يىغلىغان نالىسى يەنە قايتىدىن بىر چوڭ ھازا ئاچتى. رېھىمشاھنىڭ پۈتكۈل تۇغقانلىرى ئات سېلىپ، «ۋاي قېرىندىشىم» دەپ يىغلاپ كەلدى. شەھەردىكى ئۆلىمالار، بەگ — شاڭيۇلار، يېزىلاردىن دېھقانلار، تاغلاردىن مالچىلار، پالۋانلار . . . ھەر يەردىن نەچچە مىڭ ئادەم نامىزىغا ئۈلگۈرۈپ كەلدى.

مىسىرشاھ كەلگەنلەر بىلەن كۆرۈشەتتى. ئۇمچەرەپ تۇرۇپ:

— ئاھ، رېھىمشاھ بۆككى، بۇ پاك ئىنسان بۇ دۇنيادىن تاپالمىغان ھەقىقەت ۋە ئادالەتنى، ئۆزى ئارزۇ قىلغان غەمسىز بەختنى ئىزدەپ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى، شارغوجا ئاسمىنىدىكى بىر نۇرلۇق يۇلتۇز ئۆچتى! — دەيتتى.

رېھىمشاھ پالۋاننىڭ تەرىپىنى شارغوجىنىڭ ھەر بىر ئۆيى، ھويلىسىدا قىلىشاتتى. رېھىمشاھنىڭ ئۆلۈمىگە دەپ تەرەپ — تەرەپتىن كەلگەن پەتىچىلەر شۇنچە كۆپ ئىدىكى، شارغوجىلىقلارنىڭ ئۆيى مېھمانغا توشۇپ كەتتى. ئۇلار چاي ئىچىپ ئولتۇرغاندا، ئۆي ئىگىلىرى رېھىمشاھ پالۋاننىڭ ھىممەتلىك ئىشلىرىنى سۆزلەپ تىنمايتتى.

— رېھىمشاھ بۆككى ئاجايىپ سېخى، مەرد پالۋان ئىدى، —

دەيتتى بىر ئۆي ئىگىسى، — بىر يىلى مەن ئاغرىپ يېتىپ قالدىم، بۇغدىيىم پىشىپ، دېنى تۆكۈلۈشكە باشلىدى. رېھىمشاھ ئاكا بۇنى ئاڭلاپ ئۆيۈمگە بىر سان گۆش، بىر خالتا ئۇن بىلەن يوقلاپ كەلدى ۋە ماڭا« غەم يېمە، بۇغدىيىڭنى مەن يىغىپ بېرىمەن » دەپ چىقىپ كەتتى، بىر ئاي ئىچىدە دېنىنى دان، سامىنىنى سامان قىلىپ ئۆيۈمگە توكۇپ بەرگەندى.

يەنە بىر ئۆيدە بولسا مۇنداق پاراڭلار بولدى:

— ئۇچۇ، تېپىلغۇسىز ياخشى ئىنسان ئىدى، بىر يىلى ھاۋا قۇرغاق كەلدى، يامغۇر بولمىغاندىكىن تاغ سۇيىمۇ ئاز بولىدىكەن، بۇغداينىڭ دان سۈيىنى بەرمىسەك، ئىسسىق ئۇرۇپ، دانسىز پاخالغا ئايلىناتتى، بېشىم قېتىپ ئولتۇرسام رېھىمشاھكام كىرىپ كەلدى. «قوپە، بۇغدىيىڭنى بۇگۇن كېچە سۇغۇرۇۋال» دېمەسمۇ! خۇشلىقىمدا ئۆزەمنى ئېتىزغا پەرۋانىدەك ئاتتىم. كېيىن ئۇقسام، ئۇ ئۆزىنىڭ سۇغۇرۇش نۆۋىتىنى ماڭا بەرگەنىكەن. شۇ يىلى ئۇ ئۆزىنىڭ بۇغدىيىدىن ئۇرۇقلۇقمۇ ئالالمىدى.

يەنە بىر ئۆيدە بىر قازاق موماي يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى:

— رېھىمشاھ بىزنى قۇتقۇزغان باتۇرىم ئىدىغۇي! بىز ئاچ قېلىپ ئۆلەر ھالەتتە قالغاندا، بۇل جاققا ئۆتكۈزۈپ نان — ئېت بەرگەنغۇي!

مىسىرشاھنىڭ تەكلىپى بىلەن شارغوجا ياغاچچىلىرى كېچىچە ئىشلەپ، ئادەتتىكى جىنازىدىن بىر ھەسسە چوڭ، يان ياغىچىغا تۆت خادا بېكىتكەن جىنازا ياسىدى. ئەتىسى دىگەر نامىزىدىن كېيىن رېھىمشاھنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلدى. جىنازىنىڭ ئالدىدا ئەرەبشاھ، ئايخاننىڭ تۇردۇش قاتارلىق ئوغۇللىرى، ھاجىقۇلىنىڭ ئوغۇللىرى يىغلاپ ماڭدى، ئۇلارغا رېھىمشاھ چىگرىدىن كۆتۈرۈپ ئۆتكۈزۈپ قويغان بالىلار، جاماشاھنىڭ، مىسىرشاھنىڭ ئوغۇللىرى قوشۇلدى. جىنازىنى 12 ئادەم كۆتۈردى. بەزىلىرى جىنازىنىڭ ئىككى يېنىدا مۈرىلىرى بىلەن كۆتۈرۈپ ماڭدى. كىشىلەر تالىشىپ ھەر يەتتە

www.uyghurkitap.com

قەدەمدە بىر ئالمىشىپ كۆتۈرۈشتى.

رېھىمشاھ پالۋاننى ھاۋانىخان بىلەن رۇسۇلشاھنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇشتى. ئۇنىڭ قەبرىسى بەش گەز چوڭقۇرلۇقتا كولانغان، ئىچ يەرلىكى بولسا ئىككى ئادەم پاتقىدەك چوڭ ئىدى...

خەلق سۆيەر جاھان پالۋىنى ئۆز زېمىنىغا كىردى. ئۇ زېمىنى بىلەن باغ — باغ ئېتىشىپ ياتتى، ئۇنىڭ كۆز — ياشلىرىنى قۇرۇتقان خوتۇنى ۋە يالغۇز ئوغلى بىلەنمۇ يانمۇ — يان ياتتى. پۈتكۈل تەبىئەت ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمدى. قىبلىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاق بۇلۇتلار كېلىپ، ئۇنىڭ قەبرىسىگە بىر مەھەل كۆنلۈك بولۇپ تۇردى. ئاخىر بۇلۇتمۇ ئۆز ئوغلىنىڭ ۋاپاتىغا چىدىماي كۆز يېشى قىلدى. بۇ كۆز يېشى سىم — سىم چۈشۈپ، ئۇ كۆچۈرۈپ ئۆستۈرگەن گۈللەرنى سۇغاردى.

1996 — 1998 — يىللار. غۇلجا شەھرىدە يېزىلدى.

# پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 148 — جىلد.
2. « ياڭ فىشا ۋە جۇڭگو — روسىيە چېگرىسىدا يۈز بەرگەن ئاۋارىچىلىقلار» («ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» ) 7 — سان، ئاپتورى: يى ۋېن).
3. « ئىلى شىڭخەي ئىنقىلابى قوزغىلىشىنىڭ ئۆتمۈش جەريانى توغرىسىدا» («ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» 5 — سان، ئاپتورى: ياڭ ليۇفېڭ).
4. «ئىلى جياڭجۈنلىرىنىڭ نەسەبنامىسى» («ئىلى كەچلىك گېزىتى» 186 — سان، ئاپتورى: ئابلىمىت مەھەممەت).
5. «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 93 —، 147—، 148—، 468 —، 642 —، 738 —، 760 —، 804 —، 1119 —، 1042 —، 1358 — جىلدلار.
6. «غەربىي زېمىندىكى ئىشلار» ناملىق كىتاب .
7. «ئىلى سۇلتانلىقى ۋە تارانچىلار» ( « شورا» ژورنىلى، 1910 — يىل 18 — سانى)
8. «ئىلى تارىخى» ئاپتورى: ئىمىنجان باۋۇدۇن.
9. «ئىلى گۇڭ — بەگلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى» («ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» 5 — سان، ئاپتورى : تېيىپجان هادى. )
10. «غۇلجا» — ۋ. ۋ بارتولد. (تۈركچە «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ 6 — تومىدىن ئېلىندى. )
11. «ئىلىدىكى جۇڭگو — روسىيە سۆھبەت خاتىرىلىرى»، «روسسىيىدىكى ئەلچىلىك خاتىرىلىرى» — ئىلى جەمئىيەت تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى («شىنجاڭ داشۆ ئىلمي ژورنىلى» 1982 — يىل 5 — سان).
12. «چارروسسىيىنىڭ جۇڭگو ئىلى ئاھالىسىنى مەجبۇرىي ئېلىپ چىقىپ كېتىش جىنايىتى»، ئاپتورى : لوۋېنسەي.

www.uyghurkitap.com

13 . «جۇڭگو — روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» («نۇر گېزىتى» 1981 — يىلى 7 — ئاينىڭ 6 — كۈنى)

14 . «تارانچى تارىخى» ئاپتورى : ئابلا ئەپەندى .

15 . «چارروسىيىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىلى رايونىنى بېسىۋېلىشى ۋە ئىلى خەلقىنىڭ كۈرىشى» . ئاپتورى: — لىيۇ جىنمىڭ ( «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» ، 1977 — يىللىق سانى)

[General Information]
书名=热依木沙大力士　维吾尔文
SS号=40300669